# باش دىرېكتور بىلەن كاتىپ قىز





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ISBN 7-228-05763-5
9 787228 057634 >

ISBN 7-228-05763-5
I·2117(民文)定价:11.40元

15
I14
3



# باش دىرېكتور بىلەن كاتىپ قىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كىتاب ئورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلار ئېلېكتىرون كۈتۈپخانىسى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

女秘书与总经理:维吾尔文/(英)史特尔(Shter,J.)等著;阿布都萨拉木等译。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5
(外国中篇小说丛书.第29辑)
ISBN7—228—05763—5

Ⅰ.女… Ⅱ.①史… ②阿 … Ⅲ.中篇小说 — 作品集 — 世界 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I14

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第29656号

责任编辑:艾合买提·伊敏
封面设计:艾克拜尔·萨里
责任校对:再米拉,赛那瓦尔

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆司法印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 9.625印张 2插页
2000年7月第1版 2000年7月第1次印刷
印数:1——3,060

ISBN7—228—05763—5/I·2117 定价:11.40元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى : زەمىرە ، سەنەۋەر

باش دېرىكتور بىلەن كاتىپ قىز
( چەت ئەل پوۋېستلىرىدىن — 29 )

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 9.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,060 — 1
ISBN7—228—05763—5/I • 2117
باھاسى : 11.40 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتابچىگە مۇھەببەت ۋە ئائىلە تۇرمۇشى تېما قىلىنغان ئەسەرلەردىن ئۈچى كىرگۈزۈلگەن .

ئەنگلىيە يازغۇچىسى پېشكا ستېرنىڭ « باش دىرېكتور بىلەن كاتىپ قىز » ناملىق پوۋېستىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : كاتىپ قىز كاتىپې خوتۇنى بار خوجايىنىنىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن قېچىپ ، باشقا بىر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ئارېنوغا كاتىپ بولىدۇ . ئارېنو كاتىپ قىزغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ھە دېسە قۇسۇر تاپىدۇ . ئۇنى نۇرغۇن ئوڭايسىزلىقتا قالدۇرىدۇ . قىز باش دىرېكتورنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ . ئاخىر بۇ شىركەتتىنمۇ كېتىش قارارىغا كېلىدۇ . دەل شۇ چاغدا باش دىرېكتور ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەۋېتىدۇ . باش دىرېكتورنىڭ قوپال قىلىقلىرى ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتىۋاتقان مۇھەببەتنىڭ قىيداشلىرى بولۇپ چىقىدۇ . پوۋېستىنىڭ تىلى ئاددىي ، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ۋە قىزىقارلىق . بۇ خىل قوپاللىق بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىش شەكلى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ .

بۇ كىتابچىگە كىرگۈزۈلگەن ئىككىنچى پوۋېست — « تۇماندىكى يۇلتۇز » . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ئايال يازغۇچىسى ۋ . توكارېۋا ( 1937 — ) نىڭ بۇ ئەسىرىدە چىرايلىق بىر ئايال ئالىمنىڭ خىزمەت ۋە مۇھەببەت-

تىكى ئىنتىلىشى ۋە ئۇنىڭ بۇ يولدا چەككەن رىيازەتلىرى تەس-
ۋىرلىنىدۇ . ئايال ئالىمنىڭ ئېرىنى ئۇنىڭ ئايال دوستى ئازدۇرۇپ
تارتىۋالىدۇ ، يەنە ئۇ ئۆز تەتقىقاتىدىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ .
ئۇ تۇرمۇشتىكى ئورنىنى تېپىش ئۈچۈن ، تەجرىبىخانىسىدىن چى-
قىپ سەپەر قىلىدۇ ، ئاخىر ئۆز تەقدىرىنىڭ تۇماندىكى يۇلتۇزغا
ئوخشاپ قالغانلىقىنى ، لېكىن ئۇ يۇلتۇزنىڭ ھامان پارلىيالايدىغان-
لىقىنى تونۇپ يېتىدۇ .

« ياكوف باشىنكوف » — رۇسىيىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى تورگېنېۋ ( 1818 — 1883 ) نىڭ ئۆزگىچە بىر رومانتىك مۇھەب-
بەتنى تەسۋىرلىگەن پوۋېستى . بۇ ئەسەردە بىر قىزغا ئۈچ يىگىت
تەڭلا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ . بىرىنچى يىگىت ، ئۆزىنىڭ دادىللىقى
بىلەن ئۇ قىزغا ئېرىشىدۇ ، لېكىن ئۇ قىزنى بەختلىك قىلالمايدۇ .
ئىككىنچى يىگىت يەنى ئەسەردىكى « مەن » ئۇ قىزغا كۆيىدۇيۇ ،
لېكىن ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئارزۇسىدىن
ۋاز كېچىدۇ . ئۈچىنچى يىگىت ، ياكوف باشىنكوف ئۇ قىزغا ئىچى-
دىلا كۆيىدۇ ، لېكىن ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھارلاشقا جۈرئەت قىلال-
مايدۇ . ئاخىر شۇ قىزغا بولغان ئەقىدىسى بىلەن ئالەمدىن ئۆتى-
دۇ . ئاپتور ئەسىرىدە ياكوف باشىنكوفنىڭ بۇ رومانتىكلىقىنى ئۇ-
دۇلىدىن ـ ئۇدۇل تەنقىد قىلمايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىنى مۇڭ-
لۇق ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ . رومانتىك مۇھەببەتنىڭ ئۆز-
گىچە بىر گۈزەللىكى بىلەن ئەمەلىيەتنى قوغلىشىپ كەتكەن مۇ-
ھەببەت ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بىر سېلىشتۇرما پەيدا قىلىپ ، ئو-
قۇرمەنلەرنى ئىستىتىك قىممەت توغرىسىدا چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## مۇندەرىجە

باش دىرېكتور بىلەن كاتىپ قىز ........................ 1
يېشكا ستېر ( ئەنگلىيە )
ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى
تۇماندىكى يۇلتۇز ........................................ 140
ۋ . توكارېۋا ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )
پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى
ياكوف باشىنكوف ........................................ 222
تورگېنېف ( رۇسىيە )
ئازات ئالماس تەرجىمىسى

# باش دىرېكتور بىلەن كاتىپ قىز

## يېشكا ستېر ( ئەنگلىيە )

ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى

## 1

فېۋرالنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ، كاتىپ ئوچاق ئالدىدا ئوتسىنىپ ئولتۇرغاچ ئېغىر ئۇھ تارتتى : نېمىدېگەن زېرىكىشلىك كۈن بۇ ، ئەنگلىيىنىڭ سوغۇق قىشى ئېچىشقان جاراھىتىمگە تۇز سېپىۋاتامدىكىنە ؟ نېمىشقا بۇنچە روھسىزلىنىپ كېتىمەن ، ئەجەب كۆڭلۈم سوۋۇپ تۇرىدۇ . . .

كاتىپى يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا خوجايىنى فانسون جونناتقا خىزمىتىدىن ئىستېپا سوراپ دوكلات سۇندى . ئۇنى بۇنداق قىلىشقا ھېچكىم مەجبۇرلىمىغان ، ئۇ ئۆزى قاتتىق ئازابلىنىۋاتقىنىغا قارىماي ، بۇرۇنلا شۇنداق ئويغا كېلىپ بولغانىدى .

كاتىپنىڭ ئىلتىماسىنى كۆرۈپ خوجايىن فانسوننىڭ چىرايىدا بۆلەكچە ھەيرانلىق ۋە گاڭگىراش ئالامىتى ئەكس ئەتتى :

— نېمە بولدى ؟ نېمىشقا ئىستېپا بېرىسىز ، كاتىپ ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن جىددىيلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى ، — مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئالدىراش ئىشلىگىنىڭىزگە تۇشلۇق مائاش بەرمىدۇقمۇ ؟ كېلىشىسەك بولىدىغۇ .

— ياق ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس ، — كاتىپ خوجايىنىنىڭ

چىرايلىق كۆك كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئالدىراپ چۈشەندۈردى.

ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالغان كاتىيې ئالدىنئالا تېپىپ قويغان باھانىسىنىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. ئاخىر بولماي جۈرئەتكە كېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاپامنىڭ مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاجايىپ زور قۇربانلارنى بەرگەنلىكى توغرىسىدا سىز بىلەن پاراڭلاشقانتۇققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، بۇنى ماڭا دېگەنىدىڭىز، ئاپىڭىز ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولغۇچە يەتكۈچە جاپا تارتىپتۇ، ئەمما...

— ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك قۇربان بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، ئۇنىڭ مىلاد بايرىمى كۈنى ماڭا بىر يوپكا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ئارىسالدى بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

— مەن... چۈشەندىم.

فانسون جوننات كاتىيېنىڭ شۇ ئىش ئۈچۈن ئىستىپپا بەرمەكچى بولغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، ئەمما ئۇ كۆزلىرىنى «داۋاملىق سۆزلەڭ» دېگەن مەندە ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرىۋەردى.

— ئاپام ھېچنېمىسى قالمىسا رازى بولاتتىكى، بىر ئاماللارنى قىلىپ ماڭا كىتاب، كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرەتتى، ئوقۇش پۇلۇمنى تاپشۇراتتى...

— ئاپىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال، ئەمما سىزمۇ ئاپىڭىزغا ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز بىلەن جاۋاب قايتۇردىڭىز ئەمەسمۇ؟ كاتىيې، سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى كاتىپىم، ئىستىقباللىڭىز چەكسىز.

كاتىيې خوجايىنىنىڭ ئاشۇ گېپىنى تۇتۇۋېلىپ ئەسلى

مۇددىئاسىغا كۆچتى.
— ئاپامغا تېخىمۇ ئوبدان جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن بۇ
يەردىن كەتمەكچىمەن. ئاپامنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىش ئۈ-
چۈن ئىستىقبالىم توغرۇلۇق ئەستايىدىل ئويلاشمىسام
بولمايدۇ، — كاتىپ خوجايىنىنىڭ تەسىرلىك گەپلەر بىلەن ئۆ-
زىنى ئېلىپ قېلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىق ئۈچۈن
ئۇلاپلا، — مەن گاۋتىلېر سانائەت شىركىتى باش دىرېكتورىنىڭ
ئالاھىدە باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندىم، — دېدى.

تويۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوجايىنىنىڭ ئۇنى
تۇتۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىدى. كاتىپنىڭ كەسكىن جاۋابى ئۇ-
نىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغانىدى.

ئۇ ھەرھالدا كاتىپنىڭ ئىستىپا سورىشىدىكى ھەقىقىي سە-
ۋەبنى سۈرۈشتۈرمىدى. كاتىپمۇ كۆڭلىدىكىنى ئۇنىڭغا بەرىبىر
دېمەيتتى. خوجايىن كاتىپنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ئۇ ئۆي —
ئوچاقلىق ئادەم تۇرسا، بۇنداق ئىشنىڭ نەتىجىسى ياخشى
بولامدۇ؟ جونناتنىڭ ھازازۇل خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
يىرىك بولسىمۇ، كاتىپ ئۇنىڭدىن جىق ئۈمىد كۈتمەيتتى.

كاتىپ مىلاد بايرىمى كۈنى ئاپىسىنىڭكىگە بارغاندا فان-
سوندىن ئايرىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ يول بويى چىگىش
خىيالدىن، كۆڭۈل بىسەرەمجانلىقتىن قۇتۇلالمىدى. بىرگە ئىش-
لىگەن ئۈچ يىلدا ئۇ خوجايىنىنىڭ يېقىن سىردىشى بولۇپ قالغا-
نىدى. فانسون ئائىلىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ھەتتا ئايالىنىڭ
قېيداپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىرىنىمۇ كاتىپقا دەپ بېرەتتى.
لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن، ئىككىسى ھازىر بىر ئۆيدىغۇ. شۇنداق
ئىكەن، كىم ئۇلارنى ئارىسى بۇزۇلدى دېيەلەيدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى
كاتىپنىڭ جونناتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنى، دەرھال بىر

www.uyghurkitap.com

قارارغا كېلىپ باشقا يول تاللىغىنى تۇزۇك ئىدى .

كـاتىيې ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ، دېۋاندا يېتىپ گېزىت كۆردى . گېزىتكە گاۋىتلېر سانائەت شىركىتىنىڭ ئادەم تەكلىپ قىلىش ئېلانى بېسىلغانىدى . مانا بۇ ياخشى پۇرسەتقۇ !

كـاتىيې ئەتىسى گاۋىتلېر شىركىتىگە تەرجىمىھالىنى ئەۋەتىپ بەردى . گاۋىتلېر سانائەت شىركىتىدىكىلەر ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال چاقىرتىپ يۈزتۇرانە ئىمتىھان ئالدى . ئۇنى لېدىر ياردەمچىسى سىپىسل كلوۋ قوبۇل قىلدى . شىركەتنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئارىنو چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ ، فېۋرالنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قايتىپ كېلەتتى . فانسون جوننات كاتىيېغا باھانامىنى تازا كېلىشتۈرۈپ يېزىپ بەرگەن بولغاچقا ، ئۇ سىپىسلدا ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇردى . شۇنداق قىلىپ كاتىيې يېڭى خىزمەت ئورنىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى .

ئۇچاقتا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيالىدىن ئويغاتتى . ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەچكە بەدەنلىرى ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىغانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا قەھۋە دەملىگىلى كىردى .

كـاتىيې ئارىنو شىركىتىدە كاتىپلىق قىلىۋاتقىلى ئىككى ھەپتە بولدى . ئەتە ئۇ خوجايىنى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشىدۇ . خوجايىنى قانداقراق ئادەمدۇ ؟ ئۇ باش دىرېكتورنى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كەسپكە ئاتىۋەتكەن دەپ ئاڭلىغان . كاتىيې ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلەرمۇ ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇرغاندا ، تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ ئۆيىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى . كاتىيې بىلەن بىرگە توپ ئوينايدىغان سىمون ئۇنى پەي توپ ئويناشقا تەكلىپ قىلىپ تېلېفون بەرگەنىدى . كاتىيې ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ چولام تەگمەيدۇ ، دېدى .

كاتىپىنىڭ ئەس ـ يادى « ئەتە قانداق بولار » دېگەن ئويدىلا ئىدى . ئۇ گاۋتىلېر سانائەت شىركىتىدىكىلەر بىلەن قىلىشقان ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى ئېسىگە ئالدى . سوئال سورىغۇچى ئۇنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى بىلىم ـ ئىقتىدارىدىن نۇقسان تاپالمىغانىدى . ئەمما ، كاتىپ تەنتەكلىك قىلىپ بىر گەپتە كەتكۈزۈپ قويدى . مۇئاۋىن دىرېكتور كەسىپ ۋە شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا ئائىت سىناق سوراقلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن :

ــ خانقىز ، يەنە چۈشەنمىگەن يەرلىرىڭىز بارمۇ ؟ ــ دېدى .

ــ گاۋتىلېر ئەپەندى توي قىلغانمۇ ؟ ــ كاتىپ بۇنى سوراپ بولۇپلا قاتتىق پۇشايمان قىلدى . ھېلىمۇ ياخشى سوئال سورىغۇچىلار ئۇنىڭ خىجىل بولۇپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى . ئۇلار كاتىپقا گاۋتىلېر ئەپەندىنىڭ بويتاقلىقىنى ئېيتىشتى .

دۈشەنبە كۈنى كاتىپ ناۋات رەڭلىك تولىمۇ چىرايلىق كوپتا ـ يوپكا كىيىپ ، يەلكىسىگە رەڭلىك تاۋار ياغلىق ئارتتى . ئۇنىڭ مۇشۇنداق ياسىنىشى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى . سائەت توققۇزدا ئىشخانىنىڭ ئىشىكى توساتتىن ئېچىلىپ ، ناتونۇش بىر ئەر كىرىپ كەلدى . ئۇ ئېگىز بوي ، قارا كالتە چاچ قويغان ، كېلىشكەن كىشى ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ، كاتىپ بۇ كىشىنىڭ خوجايىن ئارېنو گاۋتىلېر ئەكەنلىكىنى قىياس قىلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل جاسارەت ۋە تېتىكلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى . كاتىپ خوجايىنىنىڭ بۇنچىلىك ياش ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى . ئارېنو ئەڭ كۆپ بولغاندا ئوتتۇز بەش ياشلاردا ئىدى .

www.uyghurkitap.com

كاتىيې چىرايىغا تەبەسسۇم يۇگۇرتۇپ ئەمدى گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، خوجايىن تەرىنى تۇرگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. كاتىيې ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

— سىز كىم؟ — سورىدى ئۇ كاتىيېدىن مەغرۇر ھالدا.

— كاتىيې پىترې، سىزنىڭ يېڭى كاتىپىڭىز بولىمەن، مەن...

كاتىيې ئارېنونىڭ بۇزۇلغان تەلەتىگە قاراپ تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

— خەۋىرىم بار! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا، ئاندىن ئىشىكنى زەرب بىلەن يېپىپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

كاتىيې جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ خوجايىنى بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشى ئۆزگىچە بولدى. ئىشنىڭ بىسمىللاسىدىلا كاتىيېنى چۆچۈتۈۋەتتىيا؟ قارىغاندا ئۇ كاتىيېغا ئۆچ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئارىدا بىرەر ئۇقۇشماسلىق بارمۇيا؟

ئون مىنۇتتىن كېيىن سۆزلىشىش ئاپاراتىدىن «بۇ يەرگە كىرىڭ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

كاتىيې ئالدىراپ ـ تېنەپ قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ، خوجايىنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

ئارېنو گاۋىتلىر ئىشخانىسىدا ئىش ئۇستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئۇستەلدە ئارخىپلار دەستىلەگىلىك تۇراتتى. كاتىيې كىرگەندىن كېيىن ئارېنو بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. كاتىيې ئارېنو كۆرۈۋاتقان ئارخىپقا لەپپىدە قاراپ قويىدى، ئارخىپتا ئۆزىنىڭ ئىسمى تۇراتتى.

ئارېنو تۇساتتىن ھۆججەت قىسقۇچنى «پاققىدە» ياپتى. كاتىيې چۆچۈپ كەتتى.

— يېشىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سوغۇقلا قىلىپ.

— يىگىرمە تۆتكە كىردىم.

— راست گەپ قىلىڭ.

— يېشىمنى سوراۋاتىدىغانسىز ؟ — دېدى كاتىيې جاۋىغىيىدىكى تۈكلىرىنى يۇتۇۋېتىپ.

— مېنى گېپىڭىزگە ئىشىنىدۇ دەمسىز ؟ يىگىرمە تۆتكە كىرگەن بولسىڭىز، ئاشۇ بىچارە شىركەتتىكى ئۆسۈش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ بۇ يەرگە كېلەمتىڭىز ؟

ئۇ فانسون شىركىتىنى نېمىدەپ مۇشۇنداق كۆزگە ئىلمايدۇ ؟ ئاچچىق بىر غەزەپ كاتىيېنىڭ مېڭىسىگە چىقىپ كەتتى. ئاربېنونىڭ ماتېرىيالدىكى چېنىپ قالغان يەرنى تېپىۋالغانلىقى ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭغا كاتىيېنىڭ ئىستېپا بېرىشىدىكى سەۋەبنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە كەپتۇ ئەمدى ؟

— راست يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىم، ئەپەندى. ئۇ يەردە ئۆسۈش پۇرسىتى يوق دېسەممۇ بولىدۇ، مەن...

— نېمە ؟ فانسون شىركىتىدە ئۈچ يىل ئىشلەپ تۇرۇقلۇق بۇ ھەقىقەتنى ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ ؟

— خاتالاشتىڭىز، ئۇ يەردە ئىككى كىشىلىك خىزمەت قىلىپىمىز ئۈچۈن بۇرۇنلا ئىستېپا بېرىشنى ئويلاپ قويغان. ئەمما، ھەدېگەندىلا ئىشەنچلىك، مۇقىم خىزمەت تاپالمىغاچقا ئۇزۇن ئىشلەپ كەتتىم.

ئەپسۇس، كاتىيېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بىكارغا كەتتى. ئاربېنو ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەكلا ئىدى. ئۇ زادى نېمە قىلماقچىدۇ ؟ كاتىيېنى ئىككى كىشى تەكشۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىغۇ. ئۇنى ئىككى ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ جىق ئادەم تەكشۈرۈشى

كېرەكمىدىكىنە ؟ كاتىيې گاڭگىراپ قالدى . شۇ ئارىدا ئارىنو يەنە بىر سوئال سوراپ ئۇنى بەكلا ھودۇقتۇرۇۋەتتى :

— فانسوننىڭ ئايالى بار . بۇ ئىشىڭىزغۇ ئىستىپا سورىشىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتى باردۇر ؟

— كەچۈرۈڭ ، گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم ، — دېدى كاتىيې ئۆزىنى تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشىپ .

ئارىنو كاتىيېغا زەردە بىلەن قاراپ قويدى . بۇ ھال كاتىيېنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالدى . « تېخى كۆرىدىغىنىم بار ئوخشىمامدۇ ؟ » كاتىيې شۇنداق ئويلاپ تۇرۇشىغا ، دېگەندەك ، ئارىنو :

— سىز نۇرغۇن شىركەتنى ئۇقۇشقاندىن كېيىن باش دىرېكتورى بويتاق شىركەتنى تاپتىڭىزغۇ دەيمەن ؟ — دېدى .

كاتىيې تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى . يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى . ھەي ، ئۇۋېي ئەپەندىمۇ قاملاشمىغان ئادەمكەن ئەمەسمۇ ؟ باش دىرېكتورنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى ھەققىدە مۇنداقلا سوراپ قويغان گېپىمنى ئۇنىڭغا ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈپتۇ ـ دە ! كاتىيې باش دىرېكتورغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ تۇرۇشىغا ئارىنو ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى :

— خانقىز ، سىزنىڭ نېمە خىيالدا ئىكەنلىكىڭىز بىزگە بەش قولدەك ئايان .

خوجايىنىنىڭ زەھەردەك گەپلىرى كاتىيېنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى .

— گەپنى باشتا ئوچۇق دەپ قوياي ، سىز بۇ يەرگە پەقەت خىزمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلدىڭىز ، بۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك . مەن ھەرقانداق كىشىنىڭ خىزمەتكە ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىشىغا يول قويمايمەن . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ماڭا ئېچپەش تارتىپ يۈرگىنىڭىزنى سېزىپ قالغۇدەك بولسام ، شۇ

هامــان ئىشــتىن بــوشتــۇيــتمەن ، ئۇقتۇڭىزمۇ ؟
كاتىپ قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى . ئارىنو كاتىپ ئىچپەش تارتىپ يۇرگۇدەك قانچىلىك ئادەمتى ! قىنى كۆرۈپ باقارمىز ! ھەي ئىست ، بۇ نۇقتىنى ھازىرلا ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ ـ دە ! بولمىسا ئۇنى مۇشۇ گەپلىرى ئۇچۇن بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويغۇزۇۋەتمەي . . .
كــاتىپ يېشىل كۆزلىرىنى ئارىنوغا تىكىپ ، مەغرۇر ھالدا :
ــــ مېنى سىزنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالماقچى دەپ گۇمانلىنىۋاتامسىز ، گاۋشتلىر ئەپەندى ؟ ــــ دېدى .
ــــ سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي ، مېنى ئىندەككە كەلتۈرىمەن دەپ ئويلىماڭ !
ــــ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن ، ئىلگىرى بىرەرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنمىدىڭىز نېمە ؟ . . .
ــــ شۇنــداق ، ماڭــا سىــزگــە ئوخــشاش بىر نــەچــچە ئايال ئۇچرىغان ، ــــ دېدى ئارىنو قوپاللىق بىلەن كاتىپنىڭ گېپىنى بۆلۈپ .
ئىككىيلەن بىرھازاغىچە ئۈندىمىدى . كاتىپ ئارىنوغا ئىچى ئاغرىغان ھالدا بىرنېمە دېمەكچى بولدى .
ــــ مېنىڭچە . . .
ــــ نېمە دېمەكچىسىز ؟
ــــ ھېچنېمە . سىز مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپتىكەنسىز ، بىر كاتىپنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەنسىز . . . ــــ دېدى كاتىپ قېشىنى سەلگىنە سوزۇپ . كاتىپنىڭ سۆزى ئارىنونىڭ ئېچىشقان يېرىگە تەگدى بولغاي ، ئۇ دەرھال :
ــــ شۇنداق ، ئىلگىرى مەن تولىمۇ ساددا ئىكەنمەن ، كاتىپىمغا كۆيۈپ قالغانىدىم . كېيىن مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلدى . ئۇ

شىركىتىمىزنىڭ مەخپىيىتىنى رەقىبىمگە ئاشكارىلاپ قويۇپ، شىركىتىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتكىلى تاس قالدى. بىر تۇيۇتۇغرا يېرىم يىلدا ئاران قەددىمىزنى رۇسلىيالىدۇق! — دېدى غەرەپ بىلەن.

نېمىدېگەن يۈزسىزلىك بۇ! كاتىيى سەسكىنىپ كەتتى، ئارېنو نېمىدەپ كاتىيىنى ئاشۇ تېگى پەس ئايال بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەيدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ئەدەپسىزلىك! ئۇ كاتىيىنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ!؟

— گاۋتىلېر ئەپەندى، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام ئەر كاتىپ تەكلىپ قىلغان بولاتتىم.

— ئەسلىدە ئۆۋېينى شۇنداق قىلىدۇ، بۇنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشۇم ھاجەتسىز دەپ ئويلىغانىمەن، — دېدى ئارېنو كاتىيىغا تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ.

— سىز ئىشخانامغا كىرگەندە مېنى ئەر دەپ ئويلاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن... — دېدى كاتىيى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— شۇنداق، ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلىغانىدىم.

قارىغاندا كاتىيى بىلەن گاۋتىلېر سانائەت شىركىتى باش دىرېكتورىنىڭ ھەمكارلىقى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، كاتىيى تېخى ئۈمىدىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى.

— ئىككىنچى قېتىم پاراڭلاشقاندا كىلوۋېر ئەپەندىمۇ بار ئىدى، — دېدى كاتىيى.

— شۇنداقمۇ، — ئارېنو مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ كاتىيىنىڭ زىلۋا فىگۇرىسىغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

كاتىيى بۇ خىزمەتتىن ئۈستىپپا بەرمەي نېمىگە قاراپ تۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ غۇرۇرى يوقمۇ، ئۇ ئارېنونىڭ ئۆزىنى ھەيدىۋېتىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ بىراق بۇ چاغدا كاتىيىنى ھەيران

قالدۇرىدىغان ئىش يۈز بەردى . ئارىنو توساتتىن ئۇستەلدىكى ما-
تېرىياللارنى ئېلىپ :
— ماۋۇ خەت - ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭ ! —
دېدى .
ئارىنو كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئەسەبىي كەسىپ مەستا-
نىسى بولماستىن ، سىپپى ئۆزىدىن قۇلدار ئىكەن ، دەپ ئويلىدى
كاتيې شۇ كۈنى روھسىز ھالەتتە ئۆيىگە كېلىپ . ئۇنىڭ يېڭى
خوجايىنى ئۇنى بىر قۇلنىڭ ئورنىدا كۆرۈۋاتىدۇ ، ئۇنىڭغا تىن
ئالغۇچىلىكمۇ ئاراملىق بەرمىدى . ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق جىددىي
خىزمەت قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ بۇ يەردىكى بىر كۈنلۈك
خىزمىتى فانسون ئىشخانىسىدىكى ئۈچ كۈنلۈك خىزمىتىگە توغرا
كېلەتتى . بىسمىللا دېمەستىلا مۇشۇنداق ئىشلىگىلى تۇرسا - ھە !

## 2

كاتيې باش دىرېكتورنىڭ تۈگىمەس بۇيرۇقلىرىنى ئو-
رۇنداش ئۈچۈن تىنىم تاپماي ئىشلىدى . ئىككىنچى كۈنى چۈش-
تىن بۇرۇنمۇ شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى . كاتيې بارا - بارا بې-
رىپ ئۇنىڭ مىجەزى ھەمىشە مۇشۇنداق ئوسالمىدۇ ؟ ئۇ مېنى يا-
مان كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ ، دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالدى .
ئادەمنى جاق تويغۇزىدىغان بۇ خىزمەتنىڭ قاچانغا سوزۇلىدىغان-
لىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ! مىڭ تەسلىكتە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى
بولدى . شۇ ئەسنادا ماك كارلې بىرمۇنچە ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ
كىردى ۋە خوجايىنىنىڭ چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن ئىشلىتىدىغان-
لىقىنى ئېيتتى . ئۇ :
— يەنە ئىككى مىنۇتتىن كېيىن چۈشلۈك تاماق ۋاقتى
بولىدۇ ، كاتيې ، — دېدى كاتيېغا پىتىر خۇشامەت قىلىپ . بۇ

چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ ئارېنو ئىشىك يېنىدا پەيدا بولدى . ئېنىقكى، ئىككى كىشىنىڭ بايا دېيىشكەن گەپلىرى ئۇنىڭغا ياقمىغانىدى . ماك بۇنى سەزمەي گېپىنى داۋام قىلدى :

— كاتىي بىللە تاماق يېسەك ، قانداق ؟

— كارلى سەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ئۇستىكەنسەن ـ هە ! — دەپ ۋارقىرىدى ئارېنو گاۋىتلىرى ئۇشتۇمتۇت .

كارلى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇ بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، ئارېنو ئۇنىڭ قولىدىن ماتېرىياللارنى شارتتىدە ئېلىۋېلىپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى .

— ماك ، كېيىنكى قېتىم بىللە چىقارمىز . بۈگۈن كوچىغا چىقىپ نەرسە ـ كېرەك ئالماقچىدىم ، — دېدى كاتىي كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا .

كاتىي چۈشلۈك تامىقىغا بىر ساندۋىچ يېدى ، ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئىچتى ، ئاندىن ئىشخانىسىغا بالدۇرلا قايتىپ كىردى . ئۇ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن لەنىتى ئارېنونىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى :

— پىترى خېنىم ، ماڭا ياردەملىشىڭ .

كاتىي توپتوغرا ئىككى سائەت بىشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئىشلىدى . تەلىيىگە ئارېنو گاۋىتلىرى بىر ئۇچرىشىشقا بارىدىغان بولۇپ چىقتى . كاتىي ئەمدى دېمىمنى ئېلىۋالىدىغان بولدۇم ، دەپ تۇرۇۋىدى ، تېلېفون جىرىڭلىدى ، جىرىڭلىغاندىمۇ توختىماستىن جىرىڭلىدى .

كاتىي تۇرۇپكىنى ئون ئىككىنچى قېتىم قويۇپ قويغاندا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى . بۇ قېتىمقىسى دوستى جون ماكدودىن كەلگەنىدى . ئۇ يولدا ماشىنىسىدىن چاتاق چىققانلىقىنى ئېيتىپ .

— سىز كەچتە كوُلوُبقا بارامسىز ؟ — دەپ سورىدى كاتـ-
يىيدىن .

راستىنى ئېيتقاندا ، كاتىيىنىڭ پەي توپ مەيدانىغا بارماي
ئارام ئالغۇسى بار ئىدى . ئەمما ئۇ بۇ قېتىمقى مەشققە قاتناشمىسا ،
سىموننىڭ ئۇنىڭغا كايىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

— بولىدۇ ، باراي ، كەچتە كۆرۈشەيلى ، جون ، —
دېدى كاتىيې جاۋاب بېرىپ .

كاتىيې دوستى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا ئارىنو كىرىپ قې-
لىپ ، كاتىيىغا سوغۇق نەزىرى بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدى . ئۇ
كاتىيىغا يەنىلا قوپاللىق قىلىۋاتاتتى . كاتىيىنىڭ بارغانسېرى جۇ-
دۇنى تۇتتى .

بىر ھەپتە تولىمۇ تەستە ئۆتتى . بۇ جەرياندا ئۇ خوجايىـ-
نىنىڭ تېزرەك چەتكە كاماندىروپكىغا چىقىشىنى تىلەپ كەتتى .
ئۇنىڭچە بولغاندا ، خوجايىن قانچە يىراققا كەتسە شۇنچە ياخشى
بولاتتى . ئەمما ئۇ كاتىيې بىلەن قېرىشقاندەك كاناداغا يەنە ئىككى
ئايدىن كېيىن باراتتى . كاتىيىغا چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئىككى
ئاي چىداپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى .

دۈشەنبە چۈشتىن بۇرۇن كاتىيې خوجايىنىنىڭ ئالدىدا
پەيدا بولدى . خوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى ئازراق
يۇمشاپ قالغاندەك قىلاتتى . كاتىيې ئايلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ
ئويغا چۆمدى .

كاتىيې بالدۇر خۇش بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى . ئارىنو
ئادەمگەرچىلىكى سۇس ئادەم ئىدى . كاتىيې ئۇنىڭ يولىيورۇق —
كۆرسەتمىلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقىنىدا ئىشخانىدىكى تېلېفون
جىرىڭلىدى . كاتىيې تېلېفوننى ئېلىش — ئالماسلىقنى بىلەلمەي ،
خوجايىنغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— جايىمدا تۇرۇپ ئاڭلاۋېرەي ، — دېدى خوجايىن.

كاتىپ تېلېفون سۆھبىتىنى خاتىرىلەشكە تەييارلانغاچ ئادىتى بويىچە قارشى تەرەپكە :

— مەن گاۋىتلىر ئەپەندىنىڭ كاتىپى ، — دېدى .

— كاتىپما ؟ مەن فانسون .

كاتىپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ :

— فانسونمۇ سىز ، تېلېفون بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن ! ياخشىمۇ سىز ؟ — دېدى ئۇ خوجايىنىنىڭ خاپا بولغىنىغا پىسەنت قىلىپمۇ كەتمىدى .

— ئانچە ياخشى ئەمەس ، ئۆز پارىڭىمىزنى قىلىشايلى ، يېڭى خىزمىتىڭىزگە كۆنۈپ قالغانسىز ؟

— كۆنۈپ قالدىم ، ھەرھالدا بولىدۇ .

— يېڭى خوجايىنىڭىز بىلەن چىقىشىپ قالغانسىز ؟

— چىقىشىپ قالدىم ، — كاتىپ راست گەپ قىلىشنى خالىمىغانسىرى ، شۇنچە ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى .

كاتىپ بۇ يەردە فانسوننىڭ تېلېفونىنى ئالماسلىقى كېرەك ئىدى ، ئارېنو يېنىدا بولغاچقا ، كاتىپ ھېچنېمە دېيەلمىدى ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى .

— سىزچۇ ، فانسون ، يېڭى كاتىپىڭىز قانداقراقكەن ؟

— ھەي . . . ئۇ تېخى نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگەنمىسە بولمايدىكەن ، — دېدى فانسون سەل نارازى بولۇپ ، — يېقىندا ئۇنى بىلەن ئايرىلىپ كەتتۇق . . .

— كۆڭلۈم غەش بولدى ، فانسون ، — دېدى كاتىپ فانسونغا تەسەللى بېرىپ . ئۇ ئارېنونىڭ فانسوننىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتى .

ئارىنى بىر دەملىك جىمجىتلىق باستى .



www.uyghurkitap.com

— مەن بىرىگە كۆڭۈلۈمدىكى گەپلىرىمنى دەپ ئويـ-
لىغانىدىم ، كاتيې ، كەچتە بىرەر رومكىدىن ئىچىشسەك ، قانداق ؟
كاتيې قوشۇلماقچى بولدىيۇ ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . ئۇ
ئەمدى پاراڭنى توختاتمىسا بولمايتتى . خوجايىنىنىڭ ئىككىيلەنـ-
نىڭ پارىڭىدىن بىزار بولغانلىقى ئېنىق ئىدى . كاتيې هاپىلا ـ
شاپىلا يالغان ئېيتتى .
— كەچتە چولام تەگمەيدۇ ، مېنى كەچۈرۈڭ ، خوجايىن
چاقىرىۋاتىدۇ ، خوش ئەمىسە .
كاتيې تېلېفون تۇرۇپكىسىنى سالماقلىق بىلەن قويۇپ
قويدى . فانسون تەسەللىگە موهتاج بولۇۋاتقاندا ئۇنىڭ تەلىپىنى
رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن كاتيېنىڭ يۈرىكى سىقىلىۋاتاتتى . ئۇ ئۆ-
زىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان هالدا خوجايىنىنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى
كۈتتى . ئەمما ، ئارېنو ئويلىمىغان يەردىن توك گەپ قىلغىلى
تۇردى :
— سىز قىلچە تەپتارتماي توي قىلغان ئەر بىلەن ئىچىپ ئىش
تارتىشىپ يۈرۈۋاتامسىز ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاتيې غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ
كەتتى . ئارېنو نېمىدېگەن ئەدەپسىز ! كاتيې كۆزىگە ياش ئېلىپ
ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، ئاندىن ئەتەي ئېرەن قىلمىغان قىياپەتتە :
— مېنى توي قىلغان ئەر توي قىلمىغان ئەردىنمۇ بەك
جەلپ قىلىۋالسا ، بۇنىڭغا ئامالىم يوقتە ! — دېدى .
ئارېنو سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ يەنە زەهرىنى سانجىـ-
غىلى تۇردى :
— راست گەپ قىلىڭ ، جوناتىنىڭ شىركىـ-
تىدە نېمىشقا ئىشلىمىدىڭىز ؟
كاتيې ئارېنونىڭ ئىلگىرىكى چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىشەنـ-

مېنگەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلدى ــ دە، ئەقىل تېپىپ:

ــ ئەپەندى، مېنىڭ ئۇ شىركەتتىن چىقىپ كېتىشىم كەسپىي مەخپىيەتلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ــ دېدى، ــ ناۋادا مەن شىركىتىڭىزدىن كېتىپ قالسام، ــ دېدى كاتىپ ئارقىدىنلا تولۇقلاپ، ــ سىزمۇ مېنىڭ كۆرگەنلا يەردە شىركىتىڭىزنىڭ مەخپىيەتلىكىنى سۆزلەپ يۈرۈشۈمنى خالىمايسىزغۇ دەيمەن؟

ــ خېنىم، قۇرۇق گەپ قىلماڭ، بولدى، ئىشىمىزنى قىلايلى.

ئارېنو گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ بەكمۇ تېز سۆزلىگەچكە كاتىپ خاتىرىلەشكە ئاران ئۈلگۈردى. ئۇ ئىشخانىسىغا يېنىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ بۇ شىركەتتە ئۇزۇن تۇرالمايدىغانلىقى، مۇۋاپىق پەيتتە ئىستىپا سورىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

كاتىپ نېمىشقا ئىستىپا سورىمايمەن دېگەننى ئويلىدى. تەخىر قىلىپ تۇرۇش ئاقلانىلىكمۇيا؟ ئەمما ئۇ خېلى كۆپ ئىشلاردا تەمكىن بولدى، ئەمدى ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىش كېرەك، ئىستىپا بېرىش خەۋپى ئاستىدىمۇ قەتئىي بوشاشماسلىقنىڭ ئۆزى غەلىبە ئەمەسمۇ.

ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن كاتىپ بىلەن ئارېنو ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر سىمون تۇيۇقسىز بىر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويدى. ئۇ تېلېفون بېرىپ كاتىپىغا پەي توپ مۇسابىقىسىنىڭ كېلەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كاتىپىنىڭ كەچتە كۇلۇبقا مەشىق قىلىشقا بارماسلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— بارىمەن ، سىمون ، مەن سىزگە ۋەدە بېرەي ، — دېدى كاتىيې بىرئاز ھارغىن ھالدا .

كاتىيې تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ تۇرۇشىغا ئاربېنونىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ئۆيىڭىزدە تېلېفون يوقمىدى ؟

كاتىيېنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ئاربېنوغا ئوخشاشلا ۋارقىراپ دېگۈدەك :

— خاتىرجەم بولۇڭ ، گاۋىتلىر ئەپەندى ! مەن ماڭا ئىچپەش تارتىپ يۈرگەن ھەرقانداق ئادەمگە ئىشخانامغا تېلېفون بەرمەڭلار ، تېلېفون بەرسەڭلار ، ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىسىلەر ، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىمەن .

كاتىيېنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا ئاربېنو ئىشىكنى « گۈپپىدە » قىلىپ يېپىۋەتتى . كاتىيې خوجايىن بۇ قېتىم مېنى چوقۇم ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ ، دەپ ئويلىدى . ئەمما ، جۈمە چۈشتىن كېيىنگىچە ھېچقانداق شەپە بولمىدى . كاتىيې خوجايىن بۇنى كېلەر ھەپتە ئۇقتۇرۇش قىلسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى .

كاتىيې كۆلۈبتا سىمونغا ئىشخانامغا تېلېفون بەرمىسىڭىز ، دەپ بىر نەچچە قېتىم تاپىلىدى . سىمون كاتىيېنىڭ رىغبىتى يوق ساياھەتكە قىزغىن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . ئەمدى كاتىيېنىڭ ئەنسىرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى . مۇسابىقىدىن بۇرۇن ئۇلار بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشۈۋالايدۇ . سىمون ئەمدى تېلېفون بەرمەسلىكى مۇمكىن . ئەمما ، كاتىيې چوتنى خاتا سوققانىدى .

دۈشەنبە چۈشتىن بۇرۇن كاتىيې سومكىسىنى ئەمدى قويۇپ تۇرۇشىغا سىموندىن تېلېفون كەلدى :

— كاتىيې ، جوننىڭ ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قاپتۇ ، جۈمە كۈنى قانداق قىلىمىز ؟

www.uyghurkitap.com

— ھېچقىسى يوق ، سىمون ، مېنىڭ ماشىنامدا بارايلى .

— ياخشى ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم ، سىزنى ئاۋارە قىلمايدىغاندىمەن - ھە ؟

— ياقەي ، سىمون ، — دېدى كاتىيې . دەل شۇ چاغدا ئارىنو كىرىپ قالدى . ئۇ غەزەپ بىلەن كاتىيېغا تىكىلىپ تۇرۇشىغا سىمون قېرىشقاندەك يەنە سورىدى :

— ئەتە كۇلۇبقا بارامسىز ؟

— بارىمەن ، سائەت يەتتىلەردە بارىمەن ، ئەتە كۆرۈ-شەيلى ، خوش ئەمسە ، سىمون .

كاتىيې ئوگايسىزلانغان ھالدا تېلېفوننى قويۇپ قويۇپ تېز قەدەملەر بىلەن دىرېكتور ئىشخانىسىغا كىردى . ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئەمدى خوجايىنىدىن تازا دەشنام ئىشىتىدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلىدى . بىراق ، ئارىنو مۇ-غەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ، غالىبلارچە تەلەپپۇزدا :

— ئەپسۇس ، ئۇچرىشىشىڭىزنى بىكار قىلىۋېتىدىغان بول-دىڭىز - دە ، خانقىز ، — دېدى .

ئارىنو قانداق ھىيلە ئىشلىتىۋاتىدىغاندۇ ! كاتىيې تېڭىرقاپ قالدى .

— بۈگۈن قىلىدىغان ئىش جىق ، كېچىكىپ ئىشتىن چۈشىسىز .

كاتىيې ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . خوجايىنىنىڭ ھازىرغىچە ئىشتىن بوشاتمىغانلىقى كاتىيېنى گاڭگىرىتىپ قويدى .

— ئەپەندى ، ئەنسىرىمەڭ ، ئۇچرىشىشىم ئەتە .

مۇشۇ بىر ئىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بىر ھەپتە ئاساسەن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى . كاتىيې خوجايىنى تاپشۇرغان ئىشلارنى ناھا-يىتى ئوبدان ئورۇنلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىۋاتقان خىزمىتىگە

بارغانسېرى ئىشتىياق باغلاپ قالدى ، ھەتتا خوجايىنىنىڭ كۆڭلى-دىكى مۇددىئاسىنى بىلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى .

جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن دەم ئېلىش ئىدى . كاتىيې ئۆيىگە كېلىپ تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ، كۇلۇبقا بېرىپ سى-مونىنى تاپماقچى بولدى . ئەتىسى مۇسابىقە باشلىناتتى .

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى كاتىيېنى چوڭقۇر خىيالدىن ئويى-غاتتى . تېلېفون سىموندىن كەلگەنىدى . كاتىيې بىر ئاز خاپا بولدى ، يەنە نېمەئىش بولغاندۇ ؟

— كاتىيېما ؟ جون ماشىنا تېپىپتۇ ، ماشىنىڭىز لوندوندا قالسۇن .

— بولىدۇ ، مۇشۇ گەپمىدى ؟

— ياق ، رىياسەتچى مۇسابىقە تۈگىگەندىن كېيىن زىيا-پەت بەرمەكچىكەن ، ئۇ يەردە بىر ئاخشام تۇرۇپ كەلسەك ، قانداق ؟

— ئەمسە ئىككى ئاخشام تۇرۇپ كېلەيلى ، بىر ھېسابتا بۇمۇ ئوبدان بولدى ، يەكشەنبە قايتىپ كەلسەكلا بولىدىكەنغۇ ، شۇنداق بولسۇن ، خوش ئەمسە .

شەنبە ۋە يەكشەنبىنى دوستلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزى-دىغانلىقىنى ئويلاپ كاتىيېنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى . ئۇ خىز-مەتنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، سائەت بەشتە ئىشتىن چۈشمەكچى بولدى . ئىشكتىن چىقىپ تۇرۇشىغا ئارېنو ئىشخانى-سىدىن چىقىپ كەلدى .

— خوش ئەپەندى ، دۈشەنبە كۆرۈشەيلى ، — دېدى كاتىيې ئاۋۋال گەپ باشلاپ .

— ياق ، خانىقىز ، ئەتە كۆرۈشىمىز .

كاتىيې خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ نېمە ، دېگەندەك ، ئارېنوغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىكىلىپ قارىدى .

— ئەتە ؟ ئەتە دېگەن شەنبە ، ئەپەندى .

— شۇنداق .

— شەنبە كۈنىمۇ ئىشلەيدىغانلىقىمىزنى ئويلىماپتىكەنمەن ، — دېدى كاتىپ غودۇراپ .

— مۇشۇنداق قاراشتا بولسىڭىز ، قانداق ئىلگىرىلىيەلەيسىز ؟ — دېدى ئارىنو هومايغان هالدا كاتىپىنىڭ سۆزىگە تۈزۈتىش بېرىپ ، — قول ئاستىمدىكىلەر قاچان چاقىرسام شۇ چاغدا هازىر بولۇشى كېرەك ، چۈشەندىڭىزمۇ ؟ — ئارىنو كاتىپىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىنلا گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — مېنىڭ سىرتقا چىقىپ يېڭى ئەۋرىشكىلەرنى تەكشۈرىدىغانلىقىمدىن چارشەنبە كۈنىلا خەۋەر تاپقانتىڭىزغۇ ، سىز مېنى كاتىپنى ئېلىپ بارمايدۇ ، دەپ قالدىڭىزمۇ ؟ سىز بارمىسىڭىز كىم خاتىرە يازىدۇ ؟

ئارىنونىڭ بۇ قىلىقى بەكمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى . ئۇلار توختاملاشقاندا بىر ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق دېيىشكەنىدى . مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق كاتىپ دەم ئېلىش كۈنىنى خوجايىنى ئۈچۈن قۇربان قىلسۇنمۇ ؟

— قايسى كۈنى چىقىدىغانلىقىڭىزنى قەتئىي دېمىدىڭىز ، مېنى ئېلىپ چىقىدىغانلىقىڭىزنى تېخىمۇ دېمىدىڭىز ! سىز ماڭا بۇرۇن خەۋەر قىلىپ قويسىڭىز ، مەنمۇ تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولاتتىم . ئەمما . . .

غەزەپتىن ئارىنونىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى .

— مېنىڭ ئىككى كۈنلۈك ئىشىم بار ئىدى ، ئەپەندى . . . — دېدى كاتىپ سەل يۇمشاپ .

— ئىشىڭىزنى قويۇپ تۇرۇڭ !

— بولمايدۇ ، مەن بىرى بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان .

ئارىنو كاتىيىنىڭ گەپلىرىگە پىسەنت قىلماسلىق

گەپنى ئۇزۇۋەتتى :

— بولدى قىلىڭ ، دېگىنىمدەك بولسۇن .

— بىراق . . .

ئارىنونىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىدىن ئەمدى تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى . كاتىيىمۇ ئەمدى مىڭ گەپ قىلغىنى بىلەن كار قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندى .

— خېنىم ، ئاڭلاپ تۇرۇڭ ، مەن سىزنى سىناۋاتىمەن ، قېنى ، سىز ئالدىنقى كاتىپىمدەك ئىقتىدارلىقمۇ ، ئەمەس . . .

نېمىدېگەن قالتىس - ھە ! كاتىيى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئارىنونىڭ ئايىغىغا يۈكۈنسۇنمۇ ؟ ئارىنونىڭ يەنە قانداق نەيرەڭلىرى بار كىن تاڭ ؟

— مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىرنەچچە سائەتلىك ۋاقتىڭىزنى قۇربان قىلىشنى خالىمىسىڭىز ، بۇ يەردە ئىشلەيمەن دەپ ئويلىماڭ ، ماڭا بۇنداق ئادەملەر كېرەك ئەمەس !

ئارىنونىڭ پوزىتسىيىسى كەسكىن ئىدى .

كاتىيىغا بۇيرۇقنى بويسۇنۇش ياكى ئىشسىز قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشتىن باشقا يول يوق ئىدى .

— ناۋادا سىز بىلەن بارسام ، دۈشەنبە ئىشقا كېلىشىم ھاجەتسىزغۇ دەيمەن ؟

— سىز ناھايىتى زېرەك جۇمۇ ، پىترى خېنىم .

— يولسىز تەلىپىڭىزگە جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سورىۋالاي : بۇ قېتىمقى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنى ئىشتىن بوشىتامسىز ، قانداق ؟

كاتىيى ئارىنوغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى سۆزىدىن ئېنىق ئىپا-

دىلىدى.

كاتيې ئارىنونىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇنىڭغا ئالمىسىمۇ، ئەمما خوجايىن ئۇنىڭغا ئۇنى خاتىرجەم قىلىدىغان نەزەر بىلەن قارىدى.

— بىلىشىڭىز كېرەك، مەن سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغا قايىلمەن. پىترې خېنىم، ماڭا قانداق قارىشىڭىز بىلەن كارىم يوق، مەن دۇرۇس، سەممىي ئادەم.

ئارىنو بۇ گەپلەرنى كاتيېنى ئۆز كەسپىدىن خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ كۆرەڭلىكىنى ئازراق ئۇچۇقداپ قويۇش مەقسىتىدە قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ كاتيې ئاخىر پەي توپ مۇسابىقىسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

— بولىدۇ، ئەتە سىزنى نەدىن تاپىمەن؟ — سورىدى كاتيې.

— سائەت سەككىز يېرىمدا مەن ئۆيىڭىزگە باراي، — دېدى ئارىنو.

— ئۆيىڭىزگە دەمسىز؟

— بولىدى، سورىماڭ، ئارخىپتا ئادرېسىڭىز بار ئىكەن... — ئۇنتۇپ قالماڭ، يەكشەنبىدىن بۇرۇن كېلەلمەيمىز، — دېدى كاتيې ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئارىنو يەنە قوشۇپ قويدى.

كاتيې دىرېكتورغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كاتيې كەيپى ئۇسال ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى. خوجايىنى بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. يامان يېرى، ئۇ ئەمدى سىمونغا نېمەدەر؟

كاتيپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، نەرسە - كېرەكلىرىنى تەقلەشكە كىرىشتى . ئۇ تولىمۇ بوشىشىپ كەتكەنىدى . ئارېنو نېمىشقا ھەدېسىلا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىدۇ ؟ ئۇ كاتيپنى قاچانغىچە قىينايدۇ ؟ كاتىيپ خوجايىنىنى ساقلاۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى .

كاتيپ زورىغا كۆلۈمسىرەپ خوجايىنىغا ئىشكىنى ئېچىپ بەردى . ئارېنو كاتيپنىڭ قولىدىكى نەرسە - كېرەكنى غۇدۇراپ تۇرۇپ ئېلىۋاتقاندا ، كاتيپ ھەرقانچە ئىتائەت قىلسىمۇ دىرېكتور بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق چۈشەندى . ئارېنونىڭ كەيپىياتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى . بۈگۈن ئۇلار يەنە غىزىلدىشىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى .

ئىككىيلەن ماشىنىغا چىقتى . ئارېنو ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدىدى .

ئۇلار خېلى ئۇزۇن مېڭىپ ، گۈگۈم چۈشكەندە بارماقچى بولغان يېرىگە يېتىپ باردى . ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئۆيدىكىلەرنى چۆچۈتىۋەتتى ، ئۇلارنى ئاتمىش ياشلاردىكى بىر بوۋاي كۈتىۋالدى . كاتيپ چەكسىز قاراڭغۇلۇقتا بوۋاينىڭ ئاق سانجىغان چاچلىرىنى ، ئۇستىرا تەگمىگىنىگە خېلى بولغان ساقال - بۇرۇتلىرىنى ، ئۇچىسىغا يىرتىلىپ ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن پوپايكا ۋە كونا ئىشتان كىيىۋالغانلىقىنى ئىلغا قىلدى . بۇ كىشىنى بىر ئالىم دېگەندىن كۆرە بىر سەرگەردان دېگەن تۈزۈك ئىدى . بىراق ئۇنىڭ باللاردەك تۈز كۆڭۈللۈكى كاتيپنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈردى . بوۋاي گەپدان ئىدى ، كاتيپنىڭ سەپەردىكى پەرىشانلىقىمۇ ئاللا قاياقلارغا يوقالدى .

— ئارېنو ، قەدىرلىكىم ئارېنو ، — دېدى ئۇ خۇش ئاۋازدا ، — سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم ! بۇياق كىم

بولىدۇ ؟

— كاتىيىم كاتىيى پىترىي. كاتىيى، سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ كىشى مېنىڭ ئاغىنەم ھەم ئوقۇتقۇچۇم پروفېسسور دېئارئاتگېن بولىدۇ.

خوجايىنىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتىغانلىقىغا كاتىيى خاپا بولۇپ قالدى.

ئۇ ئالىمغا سەل - پەل تىترەپ تۇرغان قولىنى ئۇزاتتى.

— سىزنى كۆرگىنىمگە ئىنتايىن خۇشالمەن، قىزچاق، — دېدى پروفېسسور كاتىيىنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — ئارېنو فلورانس سىلەرنى كەلگەندە ئوبدان بىر ئىچىشەيلى، دېگەنىدى. ئەمما سىز چوقۇم تەجرىبىخانامنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى ئالدىراۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاينىڭ سەممىي تەكلىپىنى ھېچكىم رەت قىلمىدى.

— بولىدۇ، دېئار! ھازىرلا باشلايلى، — دېدى ئارېنو كەمتەرلىك بىلەن. ئارېنو بۈگۈن خېلى ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇپ قاپتىغۇ، دەپ ئويلىدى كاتىيى كۆڭلىدە.

ئۇچەيلەن ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىڭغىيىپ قالغان كونا بىر لاپاس ئۆيگە كىردى. ئۆيگە قاراپ كاتىيىنىڭ كۆڭلگۇسى كەلدى. ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىدىغان مۇشۇ ئالىملا بۇ ئۆيىنى كاتتا قەسىردەك كۆرەتتى. كاتىيى بۇ ئۆيدە «كەلگۈسىزىم مودېلى» نىڭ ھېچقانداق بەلگىلىرىنى كۆرمىدى، بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كاتىيى ئىسىم - نامىنى بىلمەيدىغان قالايمىقان، كونا ماشىنا - جابدۇقلار ۋە ئۇسكۈنە - سايمانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان ھېلىقى نەرسە نەدىدۇ؟ دېئار خەرىتىنى كۆرسەتكەندىلا ئۇ قاتتىق



www.uyghurkitap.com

ئۈمىدسىزلەندى، مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.
ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە. ئارېنو بىلەن دېـ
ئارنىڭ پارىكى ناھايىتى قىزىپ كەتتى، ئۇلار پارىك بىلەن بولۇپ
كېتىپ سوغۇقنى، كاتىيېنى ئۇنتۇپلا قالدى. كاتىيېنىڭ پەلتوسى
مـاشىنىدا قالغاچقا، سوغۇقتا پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ، قوللىرى ياغاچـ
تەك قېتىپ قالغانىدى، ئۇلار شۇ تۇرقىدا كاتىيې توڭلاپ قالسىمۇ
سېزىدىغاندەك قىلمايتتى. ئەمما، كاتىيې ئۇلارغا دەخلى قىلماي
دەپ چىداپ تۇردى. پېشقەدەم ئالىم كەشپىياتىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا
تەگمەي ماختاۋاتاتتى.
كاتىيې قاتتىق توڭۇپ كېتىۋاتقاندا يىگىرمە بەش ياشلارـ
دىكى بىر يىگىت تەجرىبىخانىغا كىرىپ كەلدى ـ دە:
— ئاتا، ئاپام مېنى... — دەۋېتىپ، كاتىيېنى كۆرۈپ
توختاپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — خەيرلىك كەچ،
قىزچاق، — دېدى، — ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ئىسمىم
كېۋىن ئاتگېن، ئۇلۇغ دېئارنىڭ ئوغلى بولىمەن.
— ئىسمىم كاتىيې پېترې، دادىڭىزغا ئوخشاش ئۇلۇغ —
ئارېنونىڭ كاتىپىمەن!
ئىككىيلەن يۇمۇرلۇق تونۇشتۇرۇشلىرىدىن كۈلۈشۈپ
قىزغىن قول ئېلىشتى. كاتىيې كۈلكىسىنى توختىتىۋالدى. چۈنـ
كى، ئارېنونىڭ نەشتەردەك تىكىلىشى ئۇنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىـ
ۋەتكەنىدى. لېكىن، ئارېنو دەرھاللا كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ،
پروفېسسور بىلەن قىزغىن مۇھاكىمىگە چۈشۈپ كەتتى:
— تـوڭلاپ قالماڭ يەنە! — ۋارقىرىدى كېۋىن، —
ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىۋېلىڭ!
كاتىيې شۇ چاغدىلا كېۋىننىڭ ھېلىھەم قولىنى تۇتۇپ
تۇرغانلىقىنى چۈشەندى.

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ ، — كاتىپ بۇ تەكلىپنى ئىلاجىسىز رەت قىلدى ، — مەن يەنە خاتىرە يازمىسام بولمايدۇ .

— ئەمىسە پەلتويۇمنى بولسىمۇ يېپىنىۋېلىڭ .

يىگىت ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئىبغىر پەلتوسىنى كاتىپقا يېپىپ قويدى . كاتىپ بەدىنىگە تاراشقا باشلىغان ئىللىق ھارارەتتىن ئەمدىلا ھوزۇرلىنىپ تۇرۇۋىدى ، ئارىنو يەۋېتىدىغاندەك لاپپىدە بىر قاراپ ئۇنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى . ئارىنو نېمە بولدىكىنە ؟ كىم ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغاندۇ ؟

قىسقىسى ، كاتىپ ئارىنونىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ھە دېسە ئارقىسىغا سېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . شۇ تاپتا ئۇ قىلىدىغان ئىشمۇ يوق ، ئۇنى نېمىدەپ كەتكىلى قويمايدۇ — ھە ؟

— دېئار ، بۇ ھەقىقەتەن قالتىس كەشپىيات بولۇپتۇ ، ئەگەر خالىسىڭىز توختام توغرۇلۇق پاراڭلىشايلى . چاي ئىچىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى ، فلورانس تولا ساقلاپ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەندۇ ، ھەقاچان ، — ئارىنونىڭ بۇ گېپى دېئارنى كۈلدۈرۈۋەتتى .

كاتىپ بىلەن كېۋىن ئالدىدا مېڭىپ ئىسسىق ئۆيگە يېنىپ چىقتى . دېئار بىلەن ئائىلىنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ھەرقانداق كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى . دېئار خۇش خەۋەرنى ئائىلىگە بىردەمدىلا يەتكۈزۈپ بولدى . ئارىنو ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ناھايىتى قىزغىن ماختىدى . ئەر — خوتۇن ئىككىيلەن خۇشاللىقىدىن چىڭگىدە قۇچاقلاشتى . كاتىپ بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى . كېۋىن ئۇنىڭغا سىنچى نەزەرى بىلەن قارىماقتا ئىدى .

— ھوي ، ھوي ، مېھمانلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار !

مېھمانلار ئۆزئارا تونۇشقاندىن كېيىن دالانغا كىردى . دالاندىكى ئوچاقتا ئوت يېلىنجاپ كۆيمەكتە ئىدى .

— چاي ئىچمەي، شامپان ئىچىپ تەبرىكلەيلى، — دېدى فلورانس خۇش كەيپ ھالدا.

دېئار، ئارېنو، كاتىپلار رومكا سوقۇشتۇرغاچ توختام تۈزۈشنى ۋاتاتتى. دېئار ئارېنو ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولاتتى. ئەمما، ئارېنو دېئاردەك ھەممە شەرتكە كۆنمەستىن دېئارنى ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇ ئەڭ ياخشىسى ئادۋوكاتىمدىن سوراپ بېقىپ ئاندىن قول قوياي، دەيتتى. كاتىپ خوجايىنىنىڭ سەمىمىي، ئادىل ئىش بېجىرىشكە ئىچىدە قايىل بولدى. ئۇلارغا بىر چەتتە قاراپ تۇرغان كېيىن تاماقخانىغا كىرىپ غىزالىنىش تەكلىپىنى بەردى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئارېنو، — بىز قايتىمىز.

كاتىپ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئارېنوغا تىكىلدى.

— نېمە؟ سىلەر شۇ تاپتا لوندونغا كەتمەكچىمۇ؟ — سورىدى كېيىن خاپا بولۇپ.

ئارېنو ماڭىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ساھىبخانىلار ئىككىيلەننى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئارېنو ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە كىشى ئىدى. كېلىپ - كېتىشكە بىر كۈن كېتىدىغانلىقىنى كېلىشتىن بۇرۇن كاتىپقا نېمىشقا دېمەيدۇ؟

ئۇلار دېئار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قىزغىن خوشلىشىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ياپتى. ئارېنو ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. شۇ ئەسنادا كېيىن كاتىپ ئولتۇرغان تەرەپكە ئىتتىك كەلدى. كاتىپ خوجايىنىنىڭ خالاش - خالىماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماي ئولتۇرماي، دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى ئاچتى. كېيىن:

— كېلەر شەنبە كۈنى لوندونغا بىر تويغا بارىدىغانلىقىم

ھېلىلا يادىمغا كەلدى ، سىزنى يوقلىغاچ كېلەلمەيمىكىن دەيمەن ، قارشى ئالىدىغانسىز ؟

— چاتاق يوق ، بارسىڭىز بەك خۇش بولىمەن ، — دېدى كاتىيې .

كاتىيې تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرمەكچى بولۇۋاتقاندا ، ماتور ئاۋازى كۆچىيىپ كەتتى . كاتىيې ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئورۇندۇقتا گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇردى . ماشىنا گۈگۈم قوينىدا غايىب بولدى .

ئارېنونىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلاندى . ئىسىت ، ئۇنىڭ بايام ھېلىقى ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە شۇنداق خۇش چاقچاق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ناھايىتى سىپايىكەن دەپ ئويلاپ قالغىنىنى قارىمامدىغان !

— چۈشەنمەك ئاجايىپ تەس ئادەمكەنسىز جومۇ ! — دېدى كاتىيې توساتتىن ئارېنوغا قاراپ تۇرۇپ .

— سىز يىگىتلەرنى ئۆزىڭىزگە قارىتىشقا نېمىدېگەن ئۇستا ، خۇش تەبەسسۇمىڭىز ، ھېسسىياتلىق قاراشلىرىڭىز مەنمەن دېگەن ئەرلەرنى ئەسىر قىلىۋالىدىكەن ئەمەسمۇ !

ئارېنونىڭ كىنايىلىك سۆزلىرى كاتىيېنىڭ يۈرىكىگە تىكەندەك سانجىلدى . خوجايىن بولسا نېمە بوپتۇ ، دەككىسىنى بېرىش كېرەك .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مېنى ئۆزىگە قارىتىۋالامدىكىن دەپ ئەنسىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق .

— ھا - ھا . . . ئاڭلاپ قويۇڭ ، مەندەك يىگىت ئاز ئۇچرايدۇ جومۇ !

ماشىنا مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى . ئارېنو كاتىيېنىڭ قاتتىق ئوغىسىنى قايناتقاچقا ، ئۇ ئارېنو بىلەن بىللە تاماق يېمەي

ماشىنىدا ئولتۇرىۋەرمەكچى بولدى ، ئەمما ئاچلىققا چىدىمىغاچقا ، ماشىنىدىن گەپ ـ سۆزسىزلا چۈشتى . ئارېنو ماشىنىدىن يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ مېھمانخانىغا ماڭدى . كاتيې ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

ئۇلار مېھمانخانا خوجايىنى بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئىككىنچى قەۋەتتىن ياتاق ئالدى .

ــ ئون مىنۇتتىن كېيىن كىرىمەن ، ــ دېدى ئارېنو كاتيېغا . ئىككىيلەن قوشنا ياتاققا چۈشكەندى .

كاتيې ناخۇش هالدا ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ، ئۆزىنى كا- رىۋاتقا تاشلىدى . ئۇ غەلىتە مەخلۇق ــ ئارېنودىن مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ بىردەم بولسىمۇ ئارام تاپتى ، ئۇ ئارېنونىڭ زەردە بىلەن قاراشلىرىغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتكەندى .

ئۇلار دېيىشكەن ۋاقىتتا ئاشخانىغا كىردى ، كاتيېنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەندى . ئۇ ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىشقا باشلىدى . ئىككىيلەن پاراڭمۇ قىلىشماستىن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇراتتى . تاماق يېيىلىپ بولاي دېگەندە ئارېنو تۇساتتىن جىمجىتلىقنى بۇزدى :

ــ ئاچچىققىڭىز تېخى بېسىلمىدىمۇ ؟

ــ مەن ئاچچىقلىمىدىمغۇ !

ــ ئەمىسە نېمىشقا تەرىڭىز تۈرۈلۈپ كەتتى ؟ ــ دېدى ئارېنو مەسخىرىلىك ئاھاڭدا .

ــ ئالدىڭىزدا كۈلۈپ يۈرۈشكە قانداق پېتىناي ، گاۋىتلىر ئەپەندى ، كۈلۈپ يۈرسەم ، خاتا چۈشىنىدىكەنسىز ئەمەسمۇ !

ــ مېنى نېمىشقا ئارېنو دەۋەرمەيسىز ؟

ئارېنو زادى نېمە ئويۇن ئويناۋاتىدۇ ؟ ئۇ فامىلىسىنى ئا- تاشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتمىغانمىدى ؟

www.uyghurkitap.com

ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم ، ــ دېدى كاتىيې.

ئارېنونىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، ئۇنىڭ خاپا بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

كاتىيې ئارېنونىڭ ھېلى بوراندەك تۇتۇلۇپ ، ھېلى ئېچىلىپ كېتىشلىرىدىن شۈنچىلىك بىزار بولغانىدى . ئۇ ناھايىتى تېز ئورنىدىن تۇردى ، ياتىقىغا كىرىپ كېتىشنىلا ئويلايتتى . ئۇ پەلەمپەيدىن شاپاشلاپ چۈشۈۋاتقاندا ئۇستىگە چىقىپ كېتىۋاتقان بىر كۆتكۆچى بىلەن سوقۇشۇپ كەتتى ـ دە ، ئىككىلىسى زالدىكى گىلەمگە يىقىلىپ چۈشتى .

كاتىيې قاتتىق خىجىل بولدى ، كۆتكۆچىدىن بىرنەچچە قېتىم ئەپۇ سورىدى . كۆتكۆچى ئۇنى تېزدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ، دەل شۇ ئەسنادا ئارېنو پەيدا بولدى ، ئۇ سەپرايى ئۆرلىگەن ھالدا كاتىيېنىڭ بىلىكىنى ئامبۇردەك قىستى ـ دە ، ئۇنى قوپاللىق بىلەن ياتىقىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ باردى .

ئارېنونىڭ بۇ قوپاللىقىغا كاتىيېنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى . ئارېنو نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپمۇ قويماستىن ، كاتىيېنىڭ قولىدىن ئاچقۇچىنى تارتىپ ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە ، ئۇنى ياتاققا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى « گۈپ » قىلىپ ياپتى .

ــ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىكەنسىز جۇمۇ ! بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا كۆتكۆچى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ ! ھۇ داپشاق !

ئارېنونىڭ ئېغىزىدىن كاتىيېنىڭ قولى ئىتتىك چىقتى . « چاڭگىدە » قىلىپ زەرب بىلەن ئۇرۇلغان بىر شاپىلاق ئارېنونىڭ كاچىتىغا تەگدى ، كاتىيې غەزەپتىن يىغلىۋەتتى . ئەستاغپۇرۇللا ، ئۇ نېمە ئىش قىلىپ قويدى ؟

خوجايىنىنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق ئاچچىق غەزەپكە ئالماشتى.

— ماڭا قول تەگكۈزۈشكە قانداق پېتىندىڭ ـ ھە! — ۋارقىرىدى ئارىنو غەزەپلەنگەن ھالدا ئۈنىڭغا يېقىنلىشىۋېتىپ.

كاتيې ئەمدى تاياق يەيدىغان بولدۇم، دەپ كەينىگە داجىپ ئۆزىنى قوغدىماقچى بولۇۋاتقاندا، ئارىنو ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ لەۋلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

كاتيې ئارىنونىڭ قۇچىقىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. ئەمما، ئارىنو ئۇنى ئىككى بىلىكى بىلەن ئامبۇردەك مەھكەم قىسۋالغانىدى. لەۋلىرى كاتيېنىڭ لەۋلىرىدىن ئاجرايدىغاندەك قىلمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئارىنونىڭ قۇچىقىدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ بىر شاپىلاق ئارىنونىڭ تەلۋىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كاتيېدىن ئۆچ ئالمىغۇچە ئارام تاپمايدىغان قىلىپ قويدى. كاتيېنىڭ ئۇرۇنۇشى بىكارغا كەتتى. قىزىق يېرى، ئۇ زىيادە قارشىلىق كۆرسەتمىگەنىدى.

كاتيې تۇگۇلگەن مۇشتۇمىنى ئاستا ـ ئاستا بوشاتتى، قوللىرىنى ئارىنونىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئارىنونى ئىشتىياق بىلەن سۆيدى، ئۇلار سۆيگۈ لەززىتىدىن مەست بولۇپ تۇرغاندا، ئارىنو تۇيۇقسىز كاتيېنى ئىتتەردى، كاتيې يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ بىردەم داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئارىنونىڭ كۆزلىرىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— ئىشنى باشلىغان ئۆزىڭىز تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىدەپ...

ئارىنو ئۈندىمەستىن بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

كاتىيې بىر دەملىك ھېسسىياتنى دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى . ئۇ ئارېنوغا يول قويماسلىقى ، بولۇپمۇ ھاقارەتلەنگەندىن كېيىن ، تېخىمۇ شۇنداق قىلمىشى كېرەك ئىدى . كاتىيېنىڭ بىر شاپىلىقى ئۇنىڭ گاۋشىتلىر سانائەت شىركىتىدىكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرسا كېرەك .

## 3

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كاتىيې ئورنىدىن تۇرۇپلا تۈنۈگۈنكى قاملاشمىغان ئىشنى ئەسكە ئالدى . ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ . بۇنىڭ ئاقىۋىتى شىركەتتىن ھەيدىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ .

كاتىيې ئارېنو بىلەن دەرھال ئەپلىشىپ قالمىسا بولمايتتى ، بىراق ھازىر بولمايدۇ ، قېنى ماشىنىغا چىققاندا بىر گەپ بولار .

ماشىنا بىرنەچچە كىلومېتىر يول يۈردى ، كاتىيې ئېغىز ئاچقۇسى بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى . جىددىيلەشكەنلىكىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىۋاتاتتى . ئىككىيلەن يول بويى گەپ قىلىشمىدى . ماشىنا لوندونغىمۇ يېقىنلاشتى ، كاتىيې ئىختىيارسىز ھالدا ئۇھ دەۋەتتى ، كۆڭۈلسىز سەپەر ئاخىرلاشتى . ماشىنا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

ئارېنو ئۈندىمەيلا ماشىنىدىن كاتىيېنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ بەردى .

— ئەتە ئىشقا بېرىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدىغۇ دەيمەن ؟ — دېدى كاتىيې ئازراق ئۈمىد بىلەن ، لېكىن خاتىرجەمسىزلىنىپ .

ئارېنو بېشىنى تەۋۋەن قىلىپ كاتىيېغا شۈبھە بىلەن قارىدى .

— ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشىمنى تولۇقلاپ

بېرىك دەۋاتامسىز ؟

كاتىيې ئارېنونىڭ مۇشۇنداق بىر خىل تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشنى ھار ئالاتتى . ئارېنو قانداق ھىيلە ئىشلىتىۋاتىدۇ ؟

ـــ مېنىڭ ئۇنداق ئىنچىكە ھېساب قىلىش بىلەن خۇشۇم يوق ، مەن سىزدىن تۆنۈگۈنكى قىلغانلىرىم ئۈچۈن مېنى ئىشتىن بوشىتىۋېتەمسىز ، دەپ سوراۋاتىمەن .

ئارېنو جەينىكىنى ئىشكىنىڭ تۇتقۇچىغا تىرەپ ، كاتىيې ئويلاپ باقمىغان بىر جۈملە سۆزنى قىلدى :

ـــ ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا شىركەتكە كېلىڭ !

ئارېنو شۇ گەپنى دەپ قويۇپ كابىنكىغا شۇڭغۇدى . ماشىنا كۆزدىن غايىب بولدى . كاتىيې بىرھازا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى ، قوللىرى دىر ـ دىر تىترەپ خېلىغىچە ئاچقۇچىنى چىقىرالماي قالدى .

كاتىيې ئۆيىگە كىرىپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى ، ئۇ بۇ قېتىم غەلىبە قىلغانىدى . ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىدى .

كەچتە كاتىيې تېزلا ئۇخلاپ قالدى ، ئەمما ئويغىنىپ كاللا ـ باشلىرىنىڭ ئېغىرلىشىپ ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى سەزدى . ئۇ زۇكامداپ قالغانىدى ، ئۇ پەرۋاسىز ھالدا ئاسپىرىننى ئىچتى ـ دە ، قېلىن كىيىنىپ ئىشقا باردى . ئۇ زۇكامنى يېنىك چاغلاپ خىزمەتنى باشلىۋەتتى ، ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى ، ئۆزى توختىماستىن چۈشكۈرەتتى .

ـــ ياخشىمۇ سىز ، گاۋىتلېر ئەپەندى ، ـــ دېدى كاتىيې زورىغا كۈلۈپ خاتىرە دەپتەرنى قولىغا ئالغاچ .

كاتىيېنىڭ زۇكامى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى . ئۇ قولياغلىقمۇ

ئالـماشتۇردى ، ئەمما چۈشكۈرۈشتىن توختايدىغاندەك قىلمايتتى .

ــ ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ ؟ ــ سورىدى ئارىنو قىلتۇۋاتقان گېپىنى توختىتىپ .

ــ بۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن كېسەل بولماسلىقىم كېرەك ، ــ دېدى كاتيې چاقچاق قىلىپ .

كاتيې چۈشتە ئىشخانىسىغا چىقىپ بىرنەچچە تال ۋىتامىن ئىچتى ، ئۇ كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سىپسىل كلوۋ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى .

ــ بۈگۈن ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ ــ دېدى كاتيې-نىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ .

كاتيې ئۇنىڭ قولىنى مۈرىسىدىن بوشىتىپ ، چىرايىنى ئەتەي پۈرۈشتۈرۈپ :

ــ چاڭگىلىڭىزدىن قۇتۇلسام ياخشى بولۇپ قالىمەن ، ــ دېدى .

ــ بەك ئەدەپسىز كەنسىز ، كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ ــ دېدى مۇئاۋىن دىرېكتور خاپا بولۇپ ، ــ ھازىرلا خوجايىنغا چىقىپ دەيمەن .

دەرۋەقە خوجايىن بىلەن ئۇ بىرنېمىلەرنى دەپ كۇ-سۇلداشتى ، بەلكىم كاتيېنى تەنقىد قىلىشقان بولسا كېرەك . كاتيې ئەمدى تىل ئىشىتىدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلىدى . ئەمما ئۇنىڭغا ھېچكىم بىرنېمە دېمىدى . ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئىش-تىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتتى .

ئەتىسى ئۇ كېسىلىنىڭ ئېغىرلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىل-دى . ئۇ ئىشقا بارالامدۇ ــ يوق ؟ بۇنىڭدىن كېيىن شىركەتتە ئىشلەيدىغان ــ ئىشلىمەيدىغانلىقى مۇقىم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا خوجايىنىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن رۇخسەت سورىسا

بولمايتتى . ئەمما ، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇنىڭغا خېلىلا ئېغىر كەلدى . بېشى پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى . ئۇ بىر كۈننى تولىمۇ تەسلىكتە ئۆتكۈزدى .

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە ئارىنو يىغىندىن چىقىپ كاتىپىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ، ئۇنىڭ ھەدەپ چۈشكۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ :

— زۇكىمىڭىز تېخى ياخشى بولماپتۇ ، — دېدى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — ئېھتىيات قىلىڭ ، باشقىلارغا يۇقۇپ قالمىسۇن !

يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولغان كاتىپ شۇئان رەددىيە بەردى :

— كېسەل بولۇپ قېلىشىمغا پۈتۈنلەي سىز سەۋەبچى ، ئاغىنىڭىزنىڭ ئۆيىدە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ تاپقان كېسەل بۇ ، شۇ چاغدا توڭلاپ قالغىلى تاسلا قالمىدىممۇ ؟

— ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ ؟ سىز شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىشقا بېرىلىپ كېتىپ ئۆزىڭىزنىڭ توڭلاپ قالغىلى تاس قالغانلىقىنىمۇ تۇيماپسىز ئەمەسمۇ !

كاتىپ رەددىيە بېرەي دېگۈچە ، ئارىنو كۆزدىن غايىب بولغانىدى . « غەلىتە مەخلۇق ! — دېدى كاتىپ ئىچىدە ئۇنى تىللىغاچ ، خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، — قېنى ، كۆرۈپ باقارمىز ! »

كاتىپ ئاجايىپ غەيرەت - جاسارەت بىلەن چارشەنبىگە ئۇلاشتى . زۇكىمى ياخشىلانمىدى ، پۇت - قولىدا ماغدۇر يوق ئىدى ، ماڭسا دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇك ماڭالمايتتى .

ئىشخانىغا يېڭىلا كىرگەن ئارىنو كاتىپنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى :

— سىز زادى نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىز ؟
— سىز دەپ بېقىڭا ؟ — دېدى كاتىيې غەزەپ بىلەن .
— چاقچاق قىلماڭ ، كاتىيې ، دەرھال ئۆيىڭىزگە قايتىپ ئارام ئېلىڭ . دۈشەنبىدىن ئىلگىرى بۇ يەرگە يولۇقۇچى بولماڭ !
— بىراق ، قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىم تۇرسا . . .
— مېنى يۈدۈپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ دېمەكچىمۇسىز ؟
كاتىيېنىڭ يېشىل كۆزلىرى ياشقا تولدى ، ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئۆكسۈپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغانىدى .
— بوپتۇ ، پەقەت ئۇنىمىسىڭىز قايتسامۇ قايتاي ، — دېدى كاتىيې سەل بوغۇق ئاۋازدا .
كارىۋاتتا يېتىش نېمدېگەن راھەت — ھە ! ئۇ بالدۇرلا يېتىپ دەم ئېلىشنى ئويلىغانىدى ، چۈنكى ئۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ، كاللىسى ئېغىرلىشىپ ، توختىماي يۆتىلىپ بەكلا بىئارام بولغان ۋە بىر مۇنچە دورا يېگەندىن كېيىنلا ئارام تاپقانىدى . ئويغانغاندىن كېيىنمۇ ئارېنونىڭ سىيماسى ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىدى . كەچقۇرۇن ، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى كاتىيېنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى .
— ئاۋازىڭ نېمانداق غاراڭ — غۇرۇڭ چىقىدۇ ، كاتىيې ؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ ، نېمە ؟ — دېدى كاتىيېنىڭ دوستى سۇئېي .
— ئېغىر زۇكامداپ كېتىپتىمەن .
— ھە ، كۇلۇبقا شۇڭا كەلمەپتىكەنسەن — دە ، تېخى سېنى ئۆتكەن قېتىم ئۇنتۇرۇۋەتكىنى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ كەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن .
كۇلۇب ! كاتىيې كۇلۇبنى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۇلۇبنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالاي دەپ قالغانىدى . ئۇ بىنخەستەلىكىگە ئۆكۈندى ۋە دەرھال :

— ھە ، راست ، مۇسابىقە قانداق بولدى ؟ — دەپ سورىدى .

— بىز يەڭدۇق ! — دېدى سۇئېي شادلىققا چۆمگەن ھالدا ، — بىلەمسەن ، كاتىپ ! سىمون ئىككىمىز مۇكاپات لوڭقىسى ئالدۇق ، ئېيتقىنا ، ياخشى بوپتۇمۇ ؟

— ياخشى بوپتۇ ، سۇئېي ! سېنى تەبرىكلەيمەن .

كاتىپ سۇئېينىڭ مۇسابىقە توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى قىزىقىش ئىچىدە ئاڭلىدى . سۇئېي ئارسالدى بولغان ھالدا يەنە :

— مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار ، سەن سىرتقا چىقالمىغاندىكىن ، ئەتە مەن سېنى يوقلاپ باراي ، بولامدۇ ؟ ئىتالىيە گۆشىنى ئالغاچ بېرىپ يېنىڭدا ئۇزۇنراق تۇرايمىكىن دەيمەن ، قانداق دەيسەن ؟

— گېپىمىز گەپ ، سۇئېي ، ئەتە كۆرۈشەيلى ، — دېدى كاتىپ ھالسىز ھالدا تېلېفوننى قويۇپ قويۇپ .

كاتىپ سەل گاڭگىرىغان ھالدا تېلېفوننىڭ يېنىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى . پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي ئۇيقۇسى ئاللىقاياقلارغا يوقالغانىدى . ئۇ چاي دەملەپ ئىچمەكچى بولدى . كېچىلىك كىيىمىنىڭ بەلۋېغىنى باغلىغاچ ئاشخانىغا ماڭدى .

دەل شۇ ئەسنادا بىرى ئىشىكنى چەكتى . كىمدۇر ؟ بۇنچە كەچتە كەلگەن كىمدۇر ؟ قوشنىلاردىن بىرەرى بىر نەرسە سوراپ كىرگەن بولسا كېرەك ، كاتىپ چاچلىرى چۇۋۇلغان ، بۇرنى قىزارغان ھالدا ئىشىكنى ئاچتى ، ئۇنىڭ ئاربنو گاۋىتلېر ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان دەيسىز ! كاتىپ چۆچۈپ كەتتى ، ھەتتا كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى .

— خەيرلىك كەچ ، كىرىڭ ، — دېدى كاتىپ دۇدۇقلاپ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كاتىپې ئۇچىسىدىكى كېچىلىك كىيىم ، تۈزەشتۈرمىگەن تۇرقى بىلەن شۇ تاپتا دىرېكتورنىڭ كاتىپىغا ئەمەس ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئارىنو نېمىشقا كەلدىكىنە ؟ بىرەر مۇھىم ماتېرىيالنى يىتتۈرۈپ قويدىمۇ ، نېمە ؟ كاتىپې ئېغىز ئاچماستىنلا :

— بۈگۈن ئۆيىڭىزدە نېمە ئىش قىلىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاۋۋال .

— ئۇخلارمەن شۇ ، — دېدى كاتىپې زەئىپ ئاۋازدا . ئۇ ئارىنونىڭ غەمخورلۇقىغا ھەيران قالغانىدى .

— بىرنېمە يېدىڭىزمۇ ؟

— ئازراق يېدىم ، — دېدى كاتىپې ئىككى قېتىم چۆشكۈرۈپ ، — چاي ئىچەي دەپ تۇرغانىدىم ، ئىچەمسىز ؟

— سىز يېتىۋېرىڭ ، مەن دەملەي ، — دېدى ئارىنو ئۆيلىمىغان يەردىن جاۋاب بېرىپ .

پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىغان كاتىپې ئاخىر بولالماي ئارىنونى چاي دەملىگىلى قويدى . ئۇ كارىۋاتتا ئارىنو ئاشخانا جابدۇقلىرىنى تاراقشىتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ ياتماقتا ئىدى . كاتىپې ئۇ بۇ يەرگە پەقەت ماڭا چاي دەملەپ بېرىش ئۈچۈنلا كەلمىگەندۇ ، دەپ ئويلاۋاتقاندا ئارىنو پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنى تومپۇچكىغا قويدى ، ئاندىن كاتىپىنىڭ قالايمىقان يېتىشى كۆڭلىگە ياقمىغاندەك ياستۇقنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى .

— ھە ئە ، ئەمدى چاي ئىچىسىڭىز ، راھەتلىنىپ قالىسىز ، — دېدى ئارىنو .

ئارىنونىڭ ھەرىكىتى چەبدەس ئىدى . ئۇنىڭ قولى كاتىپېنىڭ مۇرىسى ۋە ماڭلاي چاچلىرىغا تېگىپ كېتىۋىدى ، باشقىچە بىر سېزىم كاتىپېنىڭ بەدىنىگە يامراپ كەتتى . كاتىپې ئوڭايسىزلى-

نىپ كەينىگە سۈرۈلۈۋىدى ، ئىككىيلەننىڭ لەۋلىرى تېگىشىپ قالغىلى تاس قالدى . ئارېنونىڭ سوغۇق قاراشلىرى ئەمدى نە- لەرگىدۇ يوقالغانىدى . كاتيېنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . ئۇ ئارېنونىڭ سۆيۈشىگە تەشنا بولۇپ تۇرۇۋىدى ، ئارېنو ئاستا كېتىپ قالدى .

كاتيې ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشتى ، دېگۈدەك گەپ ئويلاۋاتقان چاغدا ، ئارېنو قوللىرىنى ئېڭىكىگە تىرەپ بەخۇدۇك ئولتۇردى ـ دە :

— كاتيې ، بىلەمسىز ؟ سىز كېسەل ۋاقتىڭىزدىمۇ يەنە شۇنداق گۈزەل كۆرۈنىدىكەنسىز ، — دېدى . قارىغاندا ، ئۇ كەي- پىياتىنى يۇمشىتىش نىيىتىگە كەلگەندەك قىلاتتى .

— يالغاندىن كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ قويماي دەۋاتىسىز ـ هە ؟ شۇنىڭغىمۇ رەھمەت ، ئارېنو گاۋىتلېر ، — دېدى كاتيې كۈلۈمسىرەپ ، — بۈگۈن شىركەتنىڭ ئىشلىرى قانداقراق ؟

— باشقا كۈنلەردىكىدەك ئەمەس ، — دېدى ئارېنو ئىس- تاكانىنى قويۇپ خوشلاشقاچ ، — سىز شىركەتتە بولمىسىڭىز ، هەممىمىز بىرنېمىمىزنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بولۇپ قالىدىكەنمىز . مەن خىزمەت ئۈنۈمىڭىزنىڭ يۇقىرىلىقىنى ، سۈرئىتىڭىزنىڭ تېز- لىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن .

ئارېنو گېپىنى تۈگىتىپ ، كاتيېنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېز- رەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەپ كېتىپ قالدى . ئۇ قانداق تېز كەلسە شۇنداق تېز كەتتى .

كاتيې يالغۇز قالدى ، كۆڭلىگە هەر خىل خىياللار كە- رىۋالدى . ئارېنو ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك گەپلەرنى قىلمىدى . ئارېنو سىزنى سېغىندىم دېيىشى كېرەك ئىدى ، تېخى ئۇ گەپنى

بىر دىرېكتورنىڭ قول ئاستىدىكى كاتىپىغا ئەمەس ، بىر قىزغا ، ھەقىقىي بىر قىزغا دېگەندەك دېيىشى كېرەك ئىدى ، لېكىن كاتىيې ئۆزىدە ئارىنوغا قارىتا بىر خىل ئىللىق سىزىمنىڭ ئويغانغانلىقىنى سەزدى . بولمىسا ئۇ ھېلىقى كۈنى ئارىنونىڭ سۆيۈشىگە يول قويمىغان ، بايا ئۇنىڭدا ئارىنوغا قارىتا بىر خىل يېقىنچىلىق پەيدا بولمىغان بولاتتى .

كاتىيې كىچىچە ئارىنونى تولا ئويلاپ ئۇخلىيالماي چىقتى . ئۇ نېمىدەپ بۇنچىۋالا بولۇپ كېتىدىغاندۇ ؟ ئۇ ئارىنوغا ئۆچ ئىدىغۇ ؟ يەنە كېلىپ ئۇ ئىككىسى تامامەن ئىككى دۇنيا ئەمەسمىدى ؟

كاتىيې ئاشۇنداق گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە تۇرغاندا ، ئارىنودىن تېلېفون كەلدى ، تېلېفون خىزمەت ئىشى بىلەن بىرىلگەندەك تۇراتتى ، كاتىيېنىڭ ئاۋازى ئانچە تەبىئىي چىقمىدى .

— خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلامسىز ، نېمە ؟ — دېدى ئارىنو .

— شۇنداق ، بۇ نەجىس كېسەلدىنمۇ قۇتۇلاي دەپ قالدىم .

— ئۆزىڭىز تاماق ئېتەلەمسىز ؟

— تېخى ئېتەلمەيمەن ، بۈگۈن كەچتە بىر دوستۇم مېنى يوقلىغاچ گۆشنان ئېلىپ كەلمەكچىدى .

ئارىنو تېلېفوننى قويۇۋەتتى . كاتىيې تۇرۇپكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قېلىپ : « تومپاي » دەپ ۋارقىرىدى . دېمىسىمۇ ، ئۇ نېمىدەپ بۇنداق قىلىدۇ ؟!

كاتىيې ئىشقا چۇشۇشكە تەقەززا بولغان كۈنلەرمۇ كەلدى . ئۇ ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ياساندى ، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىدى ، يەنە تېخى ئىشقا ئون بەش مىنۇت بۇرۇن كەلدى . ئۇ

تېخى ئەمدىلا زالدىن ئۆتۈشكە ئالدىنى ماك توستى . ئۇ كۈلۈمـ سىرىگەن ھالدا كاتىپقا سىز بولمىسىڭىز ، ئىشخانىنى غېرىبلىق بېسىپ كېتىدىكەن ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى .

— كۆپتۇر گىنىڭىزگە رەھمەت ، ماك ، كەچۈرۈڭ ، مەن تېز چىقىپ ئىشلىرىمنى قىلمىسام بولمايدۇ ، خەير - خوش .

كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنى داۋبى توسۇۋالدى .

— كاتىپ ، ئاڭلىسام ئاغرىپ قاپسىز ، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ، چىرايىڭىزدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ ! — دېدى ئۇ ھەۋەس بىلەن كاتىپقا سەپسېلىپ .

كاتىپ يۇقىرىغا قارىۋالدى .

— ھەي ، خۇي - پەيلىڭىز ئۆزگەرمىگۈدەك جۇمۇ !

دەل شۇ چاغدا ئارېنو ناھايىتى ئالدىراش ھالدا ئۇلارغا نەـ زەر كۆزنىمۇ سالماستىن ئۆتۈپ كەتتى .

— بولدى ، بولدى ، مېنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ، خەير - خوش ، — دېدى كاتىپ قولىنى كۆتۈرۈپ . ئۇ ئىـ شىكنى ئېچىۋاتقان ئارېنوغا ئىتتىكلا يېتىشىۋالدى . ئارېنونىڭ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى . ئارېنونىڭ كاتىپنىڭ سالامەتلىـ كىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . ئارېنو يەنىلا بۇرۇنقى قوپال ئاھاڭدا سۆزلىدى .

— سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلگەن بولسا ، مېنىڭ مۇئاـ ۋىنىم بىلەن چاقچاقلاشسىڭىز بولىدۇ ، شۇنداق قىلسىڭىز ، بەلكىم خىزمەتنىمۇ ئوبدان ئىشلەرسىز .

كاتىپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپلا قالدى . ئەمدى گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ، ئارېنو ئىشخانىسىنىڭ ئىشكىنى يېپىۋالدى . كاتىپ جەت تۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ستەلدە بىرمۇنچە ھۆججەت دۆۋىلىنىپ تۇراتتى ، ئۇ

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى تارتمىنى ئاچتى. بولدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر دەمدىن كېيىن كۆرۈشسىمۇ بولىدۇ، بۇنچە ئالدىراشنىڭ نېمە ھاجىتى!

ھۆججەتلەرنى بىر ياقلىق قىلىش بىلەن بولۇپ كەتكەن كاتىپنىڭ ئارىنونىڭ ئابايامقى قوپاللىقى بىلەن ھېسابلىشىشقىمۇ چولىسى تەگمىدى. ھەي، ئۇ ئاخشام ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتتىمۇ، قانداق، ئۇ نېمىدېگەن ھاماقەت، ئارىنونىڭ كۆڭلىنىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش، دەپ ئويلىغاندىكىن ـ ھە!

چۈش بولاي دېگەندى. سۇس سېرىق چاچلىق، ئۇچسىغا ئاق سۇ بۇلغۇنىنىڭ تېرىسىدىن كاتتا جۇۋا كىيىۋالغان بىر ئايال ئىشخانىغا ئۇسۇپ كىردى. ئۇ كاتىپغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماستىن ئۇدۇل ئارىنونىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

— كەچۈرۈڭ، خېنىم. دىرېكتور بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىڭىز بارمىدى؟

— نېمە دەيسىز؟ — سورىدى ھېلىقى ئايال خۇشياقمىغاندەك ئاھاڭدا.

— گاۋىتلېر ئەپەندى بەك ئالدىراش...

ئارىنو ئىشخانىسىدىن چىقتى. كاتىپ دېمەكچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئارىنو جېنىم، — دېدى ئايال نايناقلاپ، — ماۋۇ ياللانما سىزنى گېرمانىيىلىك پادىچىلاردىنمۇ چىڭ باقامدۇ، نېمە؟ ئۇ تېخى مېنى كىرگۈزمەيۋاتىدۇ... — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ يېقىمسىز ئاھاڭدا كۈلدى.

ئايالنىڭ مەسخىرىلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كاتىپ كالىسىغا توقماق تەگكەندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئارىنونىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا، قوللىرىنى يېيىپ تۇرغان بۇ ئايالغا ھومىيىپ قارىدى. ئەمما، سېرىق چاچلىق سېمىزگىنە بۇ ئايال توختىماي

سۆزلىمەكتە ئىدى :
— قەدىرلىكىم ئارېنو ، كۆڭلۈمدىكى رېستورانغا ئۇستەل بۇيرۇتۇپ قويدىڭىزمۇ ؟
ئارېنو بىلەن ھېلىقى ئايال دىرېكتور ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى . ئىشىك ئاستا - ئاستا يېپىلدى . كاتيې ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇرنىغا ھېلىقى ئايال سۈرتكەن ناچار ئۇ-پىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . تۇساتتىن ئۇ پۇتلىرىنىڭ بو-شىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالدى . ھېلىلا يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى . ئۇ ئاران ئۆزىنى ئوڭشاپ ئويلىنىشقا باشلىدى .
نېمىشقا بۇ ئايالنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ كېتىدۇ ؟ بۇ ئايال نېمىشقا ئارېنونى « جېنىم » ، « قەدىر-لىكىم » دەيدۇ ؟ توغرا ، بۇ كۈنداشلىق ! كاتيې كۈنداشلىق قى-لىۋاتىدۇ ، مانا ، كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال ، دېگەن . . .
كاتيې ھېلىلا ئۆزىنىڭ ئارېنوغا بولغان ھېسسىياتىنى پەقەت « قىزىقىش » دەپ ئويلىغان ئەمەسمىدى ؟ ئۇنىڭ ئارېنوغا قارىغاندا فانسونغا بولغان ھېسسىياتى تولىمۇ سۇس ئىدىغۇ ؟ بۇ مۇھەببەتمىدۇ - يا ؟ ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئازابلىماقتا ئىدى . ئۇ بۇنداق ئازابنىڭ تەمىنى ئىلگىرى پەقەت ، پەقەت تېتىپ كۆرمىگەنىدى .
ئۇ كۆكرىكىنى سىلاپ مەڭدىگەن پېتى تۇرۇپ قالدى . خۇددى گېلىنى بىرى بوغۇۋالغاندەك ، ئۇنىڭغا ھاۋا يېتىشمەيتتى . ئاجايىپ بىر خىياللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى . ئۇ سومكىسىنى ئېلىپلا ئىشخانىدىن چىقتى ، بىر قوشنا شىركەتنىڭ گۈللۈكىگە كىردى . كاللىسىنى گادىرماچ خىياللار چىرمىۋالغاچقا ، ئەتراپتىكى گۈل - گىياھلارغىمۇ زەن سالماي ، پاكىز چىغىر يولنى بويلاپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مېڭىۋەردى .

ئۇنىڭ كۆزىگە ئارىنو بىلەن ھېلىقى ناتونۇش ئايالدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . توۋا ، بۇلار جۈپ بولۇپ يۈرۈشسە ، ئۇ تېخى ئارىنو مېنى ياخشى كۆرىدۇ ، دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىچىلا ئاشىق بولۇپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ ! نېمىدېگەن كالۋالىق ! مانا ، ئارىنو مۇنداق نازىنىنلارنى ياخشى كۆرىدىكەن ئەمەسمۇ .

كاتىپ چىغىر يولدا ئۇزۇنغىچە ئايلىنىپ يۈردى . ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت بولغاندا شىركەتكە يېنىپ كىردى . ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ئولتۇرۇشقا تىرىشتى ، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ بايا تارتقان خورلۇقىنى ئېسىدىن چىقىرالمىدى . توۋا ئاشۇ ئايال كىرىۋىدى ، ئارىنو ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى ئەمەسمۇ ! ئۇ ئايالنىڭ كىبىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشلىرى ، بۇنى ئاز دېگەندەك غالجىرلىقىچۇ تېخى ! ئۇنى يىغا تۇتتى ، ئۇ كۈچەپ كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالدى .

ئۇنىڭ تەلىيىگە ئارىنو مەھبۇبىنىڭ قۇچىقىدىن تېخى چىقمىغانىدى . ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا قانداق تاكتىكا قوللىنىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاندى .

ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغانىكەن ، ئەمدى ئىستېپا بېرىشتىن باشقا ئامال يوق . ياق ، ئۇنداق قىلسا « كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا » دېگەندەك ئىش بولىدۇ . ئارىنو ئۇنىڭ ئىستېپا سورىشىنى بايامقى ئىش بىلەن چېتىۋالىدۇ ، ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇلۇق ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ ئارىنودىن ئايرىلىپ قانداق چىدايدۇ ؟ خوش ، بۇمۇ بولمىسا ، ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق ؟

بىرلا ئامال ئارىنو بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىش ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىش كېرەك . ئارىنو ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئەمەس ، خىزمەت ئىقتىدارىغا موھتاج بولغاندىكىن ، ئۇ

ئشلەپ بەرسلا بولدىغۇ ! ياخشىسى ئۇنىڭغا ئارىنو بىلەن باشقا مۇناسىۋەتنى ئەمەس ، خوجايىن - ياردەمچى مۇناسىۋىتىنىلا ساقلاپ قالغىنى تۈزۈك .

ئەمما ، ئارىنونى كۆرۈپلا كاتىيىنىڭ ئىرادىسى بوشاپ كەتتى . زورىغا قاپاق تۈرۈپ تۇرغىنى بىلەن يۈرىكى گۈپۈلدەك سوقۇپ كېتىۋاتاتتى . ئارىنو يېنىغا كەلگەندە ، ئۇ ئامالسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى . قارىغاندا ئۇنىڭ ھېلىقى ئائىلىگە بولغان ھېسسىياتى ناھايىتى چوڭقۇر بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ چىرايى گۈل-دەك ئېچىلىپ كەتكەندى .

— كاتىيې ، سىزگە ئۇقتۇرۇپ قوياي . نىسون خېنىم خا-لىغان چاغدا ئىشخانامغا كىرىۋەرسۇن ، — دېدى ئارىنو ناھايىتى خۇشال ئاھاڭدا .

— ئېسىمدە تۇتىمەن ، — دېدى كاتىيې ئامالىنىڭ بارىچە چاندۇرماسلىققا ئۇرۇنۇپ . كاتىيې يەنە ناھايىتى ساددا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ سورىدى :

— سىز دېگەن نىسون خېنىم بايا كەلگەن قىز شۇمۇ ؟

— شۇنداق ، ئۇ مېنىڭ يېقىن دوستۇم .

— رەھمەت ، شۇنداقلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم ! — دېدى كاتىيې . ئارىنو ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى .

ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئارىنو بۆلەكچە خۇشخۇي كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سەپرا مىجەزى يوق . ئۇنى كىم مۇشۇنداق ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى كاتىيې ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى . ئۇ خاتىرجەم قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بىلەن ئارىنونىڭ كۈلۈمسى-رىشىنى كۆرۈش بىلەنلا قەلبى رەشىك ئوتىدا پۇچۇلىناتتى . بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگۈلۈك ؟

ۋەھىملىك بىر كۈن ئاخىرلىشاي دېگەندە كاتىيې كېيىن

ئاتگېنىنىڭ تېلېفونىنى ئالدى . كېۋىن باشتىلا ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى سورىدى :

— پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتتىڭىزمۇ ؟ ھەرنېمە بولسا ، تېلېفوننى ئۆزىڭىز ئېلىپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز . بىر-نەچچە كۈن ئىلگىرى ئارىنودىن سىزنىڭ يۇقۇملۇق زۇكام بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم . ئىشقا چۈشكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن !

— نېمە ، ئارىنو . . .

كاتىپ ئۆزىمۇ سەزمەيلا ئىچكەركى ئىشخانىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىگە قاراپ سالدى . ئارىنو ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇ-رۇپ ئىسمىنى ئاڭلىدى ، ۋۇجۇدى گويا سىلكىنگەندەك بولدى .

— كاتىپ ، مېنىڭ لوندونغا ئوينىغىلى بارىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ؟

— ياق ، ئۇنتۇمىدىم ، — دېدى ئۇ يالغان ئېيتىپ ، — توي قانداق بولدى ؟

— ناھايىتى ياخشى بولدى . مەن سىزنى تاماقتا تەكلىپ قىلاي دېگەن . پەيشەنبە سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تېلېفون بەرسەم ، ئارىنو سىزنى ئاغرىپ قالدى دېگەنىدى . . .

ئارىنو بۇنى ئۇنىڭغا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ ، بەلكىم ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەندۇ ، بەلكىم ھېلىقى رانا نىسوننى ئويلاش بىلەن بولۇپ كەتكەندۇ . . .

— كېۋىن ، خاپا بولماڭ ، ئەجەب بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتۇق — ھە ، بىر ھېسابتا ئۇمۇ ياخشى بوپتۇ ، مېنىڭ يۆتىلىپ ، چۈشكۈرۈشلىرىمنى ئاڭلىماپسىز .

كېۋىن كۈلۈپ كەتتى .

— توغرا ، گەپلىرىمنى يەتكۈزۈپ قوي دېسەم ، ئارىنو

ئۈنىمىغانىدى . مەن تېخى سىزنى كېسىلى ئېغىر ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن . سىز راستىنلا پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتتىڭىزمۇ ؟

كاتىيېنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ئىدى . ئۇ چىگىش خىيال ئىلكىدە :

— شۇنداق ، ناھايىتى ياخشى ، كېۋىن ، — دېدى .

ئۇ تېلېفوننى قويۇپ تۇرۇشىغا ، ئارېنو ۋارقىرىدى :

— ھەي ، ھېلىقى ھۆججەتنى قاچانغىچە ساقلايمەن !

تېخى ئۆكتەملىكىنى قاراڭ ، ئەجەبمۇ پەيتى كەلدى ، ئۇنىڭغا دەۋالىدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى ، دەپ ئويلىدى كاتىيې غەزەپ بىلەن . ئەمما ئۇ گېپىنى قىلالمىدى . ئارېنو ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى .

ئەتىسى ئارېنو سەپرا ، توك مىجەزىنى تېخىمۇ ئېنىق ئاشكارىلىدى . كاتىيې قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۆز خىزمىتىنى ئۈن-تىنسىز ، ئەستايىدىل ئىشلەۋەردى . ئەمما ، ئىچكى ئازاب ئۇنى خىزمىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىگىلى قويمايۋاتاتتى . ئۇ قانچىلىك نېمىتتى ؟ كاتىيې شۇنداق دەپ ئۆزىگە ئىختىيارسىز ھاي بەردى . ئەمما ئۇ ئۈمىدسىزلىكتىن ، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى . ئۇ « مۇھەببەت كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئېسىگە ئالدى .

كاتىيې كۈن بويى ئېسەنگىرەپ يۈردى . ئۇنىڭ مۇھەببەت بىلەن ھەپىلەشكۈدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى . ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان بىرەر ئىش تېپىپ قىلماقچى بولدى . بولمىسا ، ئۇ ئېلىشىپ قالايلا دەۋاتاتتى . توغرا ، پەي توپ ئوينىسا ، بۇ دەرد-ئېسەلەردىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن .

كاتىيې كەچتە كۇلۇبقا باردى ، تەلىيىگە سىمونمۇ شۇ يەردە

ئىدى. ئەمما، كاتيې بىرنەچچە مىنۇت ئوينا ـ ئوينىمايلا، ھېرىپ قىلىپ تۆزۆك ئوينىيالمىدى.

ــ نېمانداق بوشىشىپ كەتتىڭىز؟ ئوبدان مەشىق قىلسىڭىز بولغۇدەك جۇمۇ، ــ دېدى سىمون توپ ئويناپ بولغاندىن كېيىن.

ــ توغرا ئېيتتىڭىز، ــ دېدى كاتيې خىيالى چېچىلغان ھالدا.

كاتيېنىڭ توپنى ياخشى ئوينىيالماسلىقىدىكى سەۋەب نا-ھايىتى ئاددىي ــ دەرد يۈرىكىنى ئۆرتەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەردى ئاسان ساقىيىدىغان دەردلەردىن ئەمەس ئىدى...

گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا، كاتيېنىڭ گاۋنتلېر شىر-كىتىدىن چىقىپ كەتكىنى ئاقىلانىلىك ئىدى. بولمىسا، ئۇ دەرد ـ ئازابتىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇ قاراپ تۇرۇپ نېمىشقا بۇنداق ھالاكەت يولىغا ماڭىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنى قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىزمىدۇ؟

كاتيېنىڭ غەيرىتى ئۆزۈنغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئەتىسى ئارېنو ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنى شىركەتتە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان كاتيې ئىستېپا بەرمەسلىككە دەرھال باھانە تاپتى: ئۇ شىركەتتە بول-مىغاندىكىن، نېمىشقا ئىستېپا بەرگۈدەكمەن؟

ئارېنونىڭ سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. تۆت كۈن! ئۇ ئارېنونى تۆت كۈن كۆرەلمىگۈدەك! كاتيې خېلى زور كۈچەپ، ئاندىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاھاڭدا:

ــ سىرتقا شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن چىقامسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

— مېنى سىرتقا چىقمىسىكەن دەمسىز ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئارېنو ئارقىدىنلا .

— ئۇنداق ئەمەس ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە .

ئارېنو بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ، باشقا ئىشلار بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇرۇۋىدى ، كاتىيې ئۇنى توستى .

— راستىنلا ئۆزىڭىز يالغۇز چىقامسىز ؟

ئارېنونىڭ كۆزلىرىدىن مەسخىرىلىك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى . كاتىيې دەرھال چۈشەندۈردى :

— مەن سىزدىن ھېلىقى قەدىناس دوستىڭىزنى بىللە ئېلىپ چىقامسىز ، دەپ سورىماقچى ئەمەس ، — كاتىيې قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ، — مەن پەقەت مېنىڭ بىرىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى بار - يوقلۇقىنىلا بىلمەكچىدىم . يەنە ئۆتكەن قېتىمقىدەك يولغا چىقىشقا بىر مىنۇت قالغاندا ، ئۇچرىشىشىم بىكار بولۇپ يۈرمىسۇن . ئەتە كەچتە بىر ئۇچرىشىشىم بار ئىدى ، — كاتىيې شاققىدە يالغاندىن بىرنى توقۇدى .

— ئەمىسە ياخشى ، ئۇنى بىكار قىلماڭ ! — دېدى ئارېنو قوپاللىق بىلەن .

كېيىنكى ئىككى كۈن پەرىشانلىق ئىلكىدە تولىمۇ مەنىسىز ئۆتتى . كاتىيېغا ئارېنو بولمىسا ئىشلىگەنىڭمۇ ھېچقانداق مەززىسى يوقتەك سېزىلەتتى ، باشقا ئىشلارغىمۇ رايى بارمايتتى ، ئارېنونىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكىنى كۈتكەنىدى . ئارېنونىڭ بىلگىيىگە قىلغان سەپىرىنىڭ مەقسىتى خىمىيە زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش بولسا ، نېمىشقا كاتىيېنى بىللە ئېلىپ بارمايدۇ ؟ بۇنىڭدا كاتىيېغا دېگىلى بولمايدىغان نېمە سىر بار ؟ ئۇ زادى قانداق ئىش ؟ بۇ چىگىش سوئاللار كاتىيېنى توختىماي ئازابلايتتى .

www.uyghurkitap.com

كەچكى كۆكۈل ئېچىشمۇ كاتيېغا خۇشاللىق بېغىشلىيالمىدى . ئۇ پەي توپ كۇلۇبىغا بېرىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى، ئەمما ئۇنىڭ توپ ماھارىتى ئالدىنقى كۈنلەردىكىدىنمۇ بەك تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى . بۇنىڭغا گەپ كەتمەيتتى . دۈشەنبە تېزرەك كەلسە بولاتتى ! ئۇ ھەر بەش مىنۇتتا بۇ گەپنى تەكرارلىدى ، ھەربىر سائەت ئۆتسە ، ئۇ خۇشال بولاتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئارېنو بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقىتلىرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى . ئارېنو بىلەن كۆرۈشۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان بىردىنبىر ئىش ئىدى .

كاتيې ھەپتىنىڭ ئاخىرى تېخىمۇ غېرىبسىندى . ئۇ ئۆيىدە ئارېنونى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى . ھەي . . . قانداق قىلىسىمۇ كالللىسىدا يەنە شۇ ئارېنو ، ھامان شۇ ئارېنو . . . بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ، ئىشخانىدا ئارېنوسىز قىرىق سەككىز سائەتنى ئۆتكۈزۈش چىدىغۇسىز ئازاب ئەمەسمۇ ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك ، ئۇ ئازابتىن قۇتۇلغۇدەك يول تاپالمىدى .

كاتيېنىڭ قاچانغىچە دەرد تارتىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ ؟ . . . ئارېنو كاناداغا كېتەمدۇ تېخى ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئارېنو كاتيېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن . ئارېنوغۇ بۇنى ئالدىن بىلدۈرۈپ قويغىنى يوق ، شۇنداقتىمۇ ، ئارېنونىڭ يېقىندا ئۆستۈرمەكچى بولغان يېڭى كاتىپى كاتيېنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭدا شەك يوق . ئارېنو بىلەن بىللە بولمىغان بۇ تۆت ھەپتىدە كاتيې قانداق قىلار ؟ ئۇ ھەتتا بۇنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى . . .

شەنبە چۈشتىن كېيىن كاتيې تولىمۇ ناخۇش ھالدا بىر پارچە ساندۋىچ يېدى . ئاپىسىغا تېلېفون بېرىشنى ئويلىدىيۇ ،

ئۇنى ئاۋازىمدىن بىرنېمىنى پەملەپ ئەنسىرەپ كەتمىسۇن ، دەپ ئاۋۋال ئۆزىنى سەل بېسىۋالماقچى بولدى ، ئاندىن تۇرۇپكىنى قو-لىغا ئالاي دەپ تۇرۇۋىدى ، تېلېفون جىرىڭلىدى .

— ۋەي ، — كاتيې « بۇ كىمدىن كەلگەن تېلېفوندۇ » دەپ ناھايىتى تەئەججۇپلەندى .

— كاتيې ، مېنى ئالغىلى كېلىڭ ، — دېدى ئارېنو بۇيرۇق بېرىپ .

بۇ كاتيېنىڭ ئارېنونىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدا چىققان توڭ ئاۋازىنى تۇنجى قېتىم خۇشاللىق بىلەن ئاڭلىشى ئىدى .

— بولىدۇ ، سىز نەدە ، ئارېنو ؟

— ئايرودرومدا ، — ئۇ شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى .

ئۇ جۈمە كۈنى كېلىمەن دېمىگەنمىدى ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇلساردا بىر كۈن ئۇزاق تۇرۇپ قالدى ؟ ھېلىقى سەتەڭ رانا نە-سون چاپلىشىۋالدىمۇ ، نېمە ؟ كاتيېنىڭ بىردىنلا كۈنداشلىقى تۇتتى . ئۇنىڭ ئارېنونىڭ ئالدىغا بارغۇسى كەلمىگىنى بىلەن ، ئۆزى ئارېنونى كۆرۈشكە شۇ قەدەر تەشنا ئىدى . . .

كاتيې ئالدىراشلىق ئىچىدە يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ ، كىيىم تاللاشقا باشلىدى ، تاللاپ ـ تاللاپ ئاخىر كاۋبوي ئىشتىنى بىلەن ماتروسلار مايكىسىنى كىيدى . ئۇ ئالاھىدە ياسىنىپ ئارېنونىڭ گۇمانىنى قوزغاشنى خالىمايتتى .

كاتيې ئايرودرومغا كېتىۋېتىپ ئۇزۇن ئويلاندى . ئارېنو-نىڭ نەزەرىدە مەن ئېگىز بويلۇق ، قىزىل چاچلىق كاتيې پىتري ئەمەس ، پەقەت بىر كاتىپ . ئۇنىڭ ئالدىغا كاتىپلىق سالاھىيىتىم بىلەن بېرىشىم كېرەك . ئۇ مېنى ئالغىلى كېلىڭ ، دەپ نېمە قىلد-دىكىنە ؟ ئۇ ئىشكىتىن ئالدىراپ چىقىپ سالدى ، ئەمدى بۇلارنى

ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئارىنو ماشىنىسىنى ئايرودرومنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا توختاتمايتتىغۇ، بۇنىڭدا ئازراق سىر بارمۇ، نېمە...

كاتىپ ئايرودرومنىڭ ئادەملەر بىلەن تولغان زالىدىن ئارىنونىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمىدى، قاۋاق، قەھۋەخانىلارنىمۇ ئايلىنىپ چىقتى، ئەمما ئارىنونىڭ سايىسىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەنسىرىگىلى تۇردى، ئۇ ساقلاۋېرىپ زېرىكىپ، ماشىنا كىرا قىلىپ كېتىپ قالغانمىدۇ؟ بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ... شۇنداقتىمۇ ئوبدانراق ئىزدەپ بېقىش كېرەك، ئۇ يەنە مەسلىھەت سوراش ئورنىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى، ئاندىن يولۇچىلار تۇرغان جايدىن خېلى يىراقتىكى كۈتۈش ئۆيىگە كىردى.

ئۇ مەيلى قانداق ئوي ــ خىيالدا بولسۇن، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇشتىن توختىمايتتى، ئۇ قىلىن ئەينەك ئىشىكتىن كىردى. ئارىنو غۇۋا بىر بۇلۇڭدا تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ئارقىسىنى قىلدى.

ــ كەچۈرۈڭ، كېچىكىپ قېلىپتىمەن، سىزنى ئىزدەپ تاپالمىدىم.

ئارىنو ئاستا كاتىپقا بۇرۇلدى، كاتىپ ھاڭ ــ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئارىنو خۇددى ھاراق زەھەرلەپ قويغان ئادەمدەك تاتىرىپ كەتكەن، كۆزىگە يوغان قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى. سۇس كۈن نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇ ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كاتىپ ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرەرمەن، دەپ ئويلىمىغانىدى.

ــ ماگايلى، ــ دېدى ئارىنو سەۋرسىزلىك بىلەن.

ــ سەپىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغاندۇ؟

ئارىنو نېمىلەرنىدۇ غۇدۇرىغاندىن كېيىن قولىنى سوزۇپ

كاتىپنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى . ئۇ زادى نېمە بولغاندۇ ؟ ئارېنو ماشىنىسىنىڭ ئورۇندۇقىغا ناھايىتى تەستە جايلاشتى ، كاتىپ ئويلىنىپ قېلىپ :

— سىزنى نەگە ئاپىرىپ قويىمەن ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۆيۈمگە .

ئارېنو ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەندەك قىلاتتى . كاتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چىملىدىتىپ كېيىن يەنە يۇمۇۋالغانلىقىنى كۆردى .

— ئۆيۈم بىسىرئاۋىتتا ، — دېدى ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن .

ئارېنونىڭ قايسى خوتۇنلار بىلەن نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ . . . كاتىپنىڭ كۈنداشلىقى يەنە قوزغالدى . كاتىپ ئارېنودىن يولىمۇ سورىماستىن تار يول بىلەن مېڭىۋەردى .

— ئارېنو ، ئويغىنىڭ ، بولمىسا ، ئېزىپ كېتىمىز .

— مەن ئويغاق .

كاتىپ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى . ئۇ نېمىشقا يالغان سۆزلەيدۇ ؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ياخشى پوزىتسىيىدە بولمايدۇ ؟

— ماقۇل ئەمىسە ، قايسى تەرەپكە ماڭىمەن .

كاتىپ ئارېنونىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە شەخسىي تۇرالغۇغا بارىدىغان تار يول بىلەن ئاۋىتقا قاراپ ماڭدى . يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈردى ، ئاندىن ئارېنونى يۆلەپ ماشىنىدىن چۈشتى . كاتىپ ماشىنىدىن ئارېنونىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىۋاتقاندا ئارېنو دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇرۇۋالدى ، تېخى سەن تاز دىگۈچە مەن تاز دەۋالاي ، دېگەندەك كاتىپنى كالانپاي دەپ تىللىدى .

نېمدېگەن قوپال ، ئەدەپسىز بىرنېمە بۇ ــ ھە ؟ كاتىيې ئىچىدە ئۆزىگە كايىدى ، مۇشۇنىمۇ سېغىنىپ يۈرۈپتىمەن تېخى.

ــ قارا كۆزەينىكىڭىزنى ئېلىۋەتسىڭىز ، ناھايىتى ئوچۇق كۆرەلەيتتىڭىز ، قانداق مېڭىشنى بىلەتتىڭىز ! ــ دېدى كاتىيې خاپا بولغان ھالدا .

ئارېنو كاتىيېنىڭ ئاچچىق گەپلىرىگە خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى .

ــ كاتىيې ، كىرىپ بىرنەچچە مىنۇت دەم ئېلىڭ ، غوجىدارىم سىزگە ئىسسىق چاي دەملەپ بەرسۇن .

كاتىيې ئارېنونىڭ ياسىداق ئۆيلىرىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى .

ــ رەھمەت ، مەن لوندونغا قايتاي ، نۇرغۇن ئىشلار مېنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، ــ دېدى كاتىيې سىلىق ئاھاڭدا ، ــ دەرھال قايتمىسام بولمايدۇ .

كاتىيې ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ يەنە غۇچ ــ غۇچ بولدى . قارا ، بىرنەچچە كىلومېتىر يەردىن ئۆيىگە ئەكىلىپ قويسا ، بىر ئېغىز رەھمىتىمۇ يوق ئۇنىڭ . ھەتتا ئېلىپ قېلىشنىمۇ بىلمىدى . نېمدېگەن يىرگىنچلىك ئادەم بۇ . ئۇنى سېغىنغان ئادەمنىڭ ئۆزى ساراڭ .

## 4

ئارېنونىڭ شەنبە كۈنىدىكى مۇئامىلىسىگە كاتىيې خاپا بولدى . ئەمما ئۇنىڭ خاپىلىقى تېز تاراپ كەتتى ، ئۇ ئارېنونىڭ ئۆزىگە ئادىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى كەچۈردى . مۇھەببەتنىڭ كۆكسى ــ قارنى كەڭ ئەمەسمۇ .

كاتىيې ئارېنونى كۆرۈشكە ئالدىراپ دۈشەنبە كۈنى شىر-

كەتكە ھەممىدىن بۇرۇن كەلدى. ئارىنو تۈنۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىپ بۈگۈن ئىشقا كېلىشى كېرەك ئىدى. كاتىپ ئىختىيارسىز سائەتكە قاراپ قويدى.

سائەت توققۇز يېرىم بولدى. ئارىنونىڭ قارىسى تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۇ ئەزەلدىن ۋاقىتقا بەكمۇ رىئايە قىلاتتىغۇ؟ ۋاقىت مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. كاتىپ بارغانسېرى ئەنسىرىگىلى تۇردى، ھەرخىل خىياللارنى قىلىپ كەتتى، ھەتتا ماشىنا ھادىسىسىگە يولۇقتىمۇيا، دېگەندەك ئەنسىز خىياللارنىمۇ قىلىپ ئۆلگۈردى. لېكىن ئۇ ئارتۇقچە ئويلاپ كەتتى كەنىدى. ھازىر ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى.

كاتىپ ئۇشتۇمتۇت ھاۋا رايى مەلۇماتىدا قېلىن قار ياغىدۇ، دېيىلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئارىنونىڭ ئۆيى شىمالدا ئىدى. كىم بىلىدۇ، بۇ كىچىك كەنتنى قار كۆمۈۋەتتىمۇ تېخى.. كاتىپ قاتتىق قارنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىتتا سەھرادىكى تار، چىغىر يوللارنى توسۇۋالىدىغانلىقىنى ئۇقمايدىغانلاردىن ئەمەس.

سائەت ئون بولدى. ئارىنونىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كاتىپ تەشۋىشلىنىپ قالدى. ئۇ نېمىشقا كاتىپقا دەپ قويمايدۇ؟ شۇ ئەسنادا تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفوننىڭ كىمدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەچكە، كاتىپ تېلېفون جىرىڭلىشىغىلا تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئارىنونىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىماقچى بولدىيۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ بىر دىرېكتورنىڭ كاتىپى. مۇشۇنداق چاغدا قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش كېرەكلىكىنى ئويلىشىپ ئاندىن سۆزلىشى كېرەك - دە.

— كاتىپما؟ — بۇ ئارىنو ئىدى.

— شۇنداق، گاۋىتلېر ئەپەندىمۇسىز؟ — كاتىپ ئارىنونىڭ تاقەتسىزلىك چىقىپ تۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم

بولدى . بۇ ئۇنىڭ ھاردۇقىنىڭ چىقىپ بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى . كاتىپ دەرھال دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ مۇھىم ئىشلارنى خاتىرىلىۋېلىشقا تەييارلاندى .

ــ ئىشقا كەلمىدىڭىزغۇ ؟ ــ سورىدى كاتىپ سەل ھەيران بولۇپ .

ــ بۈگۈن ئۆيۈمدە ئىشلەيمەن ، سىز ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىڭ .

كاتىپ ئۆزىنى بېسىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، تەشۋىشلەنگەن ھالدا سورىدى :

ــ نېمە ئىش بولدى ؟ ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ ؟

ــ سادىغاڭ كېتەي ، سوراۋەرمىسىڭىزچۇ ! ئۆيۈمنى بىلەمسىزغۇ ؟ ھە ، بىلگەندىكىن ، ماڭا دارلانتون بىلەن بولىۋېرىنىڭ ماتېرىيالىنى ئەكېلىپ بېرىڭ . . .

كاتىپ ئۇ دەۋاتقان توختام ، دوكلات ۋە ھەر خىل ھۆججەت ـ گۇۋاھنامىلەرنى تىزىملاشقا كىرىشتى ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇرنى يېزىۋېتىپ تارتمىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئېلىپ بارىدىكەنمەن ـ دە ، دەپ ئويلىدى . ئۇنچە كۆپ ماتېرىيالنى بۈگۈن قانداقمۇ بىر تەرەپ قىلىپ بولالار . . .

ــ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا سائەت ئون بىردىكى ئۇچرىشىشنى بىكار قىلىۋاتامدىمەن ، قانداق ؟

ــ داۋىيىنىڭ كاتىپى سىزگە ياردەملىشىدۇ ، ــ دېدى ئارىنو ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلگە تېپىپ ، ــ تېزرەك بولۇڭ ، بىر مىنۇتمۇ كېچىكىشكە بولمايدۇ ، سىزنى ساقلايمەن .

ــ بولىدۇ ، ئەپەندى ، خاتىرجەم بولۇڭ ، ــ دېدى كاتىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا غۇدۇراپ .

كاتىپنىڭ ئاچچىقى بىردەمدىلا بېسىلدى . چۈنكى ، داۋىيە-

نىڭ كاتىپى كېلىپ ھەممە ماتېرىياللارنى رەتلىشىپ بەرگەندى .
ئۇ يېرىم سائەتتىن كېيىن ماشىنىغا خەت ئۇرۇش ماشى-نىسى ۋە بىر قىسىم ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى سېلىپ يولغا چىقتى . ئۇ ئاۋات شەھەر رايونىدىن ئايرىلىپ بىر تار يولنى كې-سىپ ئۆتۈپ نىشانغا قاراپ ماڭدى ، يولدا ئادەم بارغانسېرى شالاڭلاشماقتا ئىدى . ئۇ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى .
يول بويى ئۇنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن سوئاللار كەچتى : ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئاۋېتقا ھېرىسمەن بولۇپ قالغاندۇ ؟ راستتىنلا ئاغ-رىپ قالغانمىدۇ ؟ ئاغرىپ قالغان ئادەم قانداق خىزمەت قىلالايدۇ ؟ ئۇ نېمىدەپ كاتىپىغا دەپ قويمايدۇ ؟
ئۇنىڭ تېخى ھاردۇقى چىقمىغاندۇ ؟
ماشىنا ئاستا ـ ئاستا شىمالغا قاراپ ماڭدى . ھاۋا رايىدىن بېرىلگەن مەلۇمات ناھايىتى توغرا ئىدى . ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەندى . ئۇيۇق قاپقارا كۆرۈنەتتى . لېكىن ، تېخى قار ياغمىغانىدى . بۇ كىچىك بازار يولىنىڭ تېخى قار بىلەن توسۇلۇپ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى ، ئەگەر يوللار توسۇلۇپ قالغان بولسا ، ئۇمۇ ئارېنونىڭ ئۆيىگە بارالمايدۇ ـ دە .
كاتىپى ماشىنىنى ئائىلىلىكلەر رايونىدىكى تار يولغا ھەيدەپ كىرىپ دەرۋازىغا بىرنەچچە مېتىر كېلىدىغان يەردە توختاتتى .
كاتىپى ماتېرىياللىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ مىلىك تەسلىكتە ئۇنىڭ قولىنى بوشاتتى ـ دە ، قاناتلىرىغا قېلىن مىس يا-لىتىلغان ، كاۋچوك ياغىچىدىن ياسالغان دەرۋازىنى قاقتى . بىر-دەمنىڭ ئارىلىقىدا ياشانغان بىر سۇرلۇك ئايال دەرۋازىنى ئاچتى .
— كاتىپى پىترې خېنىمغۇ سىز ، مەرھەمەت ، — دېدى قىزغىن ھالدا ، — مەن ۋات خانىم ، گاۋىتلېر ئەپەندىنىڭ غو-جىدارى بولىمەن .

— سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن، خانىم، كەچۈرۈڭ، سىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە ئامالسىزمەن! — دېدى كاتىيې ئۆزىنىڭ بىئەپ ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى غوجىدارغا ئىپادىلەپ.

غوجىدار يېقىملىق ھالدا كۈلۈپ قويدى.

— ئەپەندى ئىشخانىسىدا سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، مەن بىلەن يۈرۈڭ.

كاتىيې ئارېنونىڭ سالامەتلىكىنى سوراي دېيىشىگە ۋات خانىم بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى. كاتىيې غوجىدارنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. كاتىيې كۆڭلىنىڭ پاراكەندە ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇشقا ئامالىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى. غوجىدار ئۇنى بىر سارايغا باشلاپ كىرگەندە، ئۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

ئارېنو ئائىلە جابدۇقلىرى بىلەن تولغان قىرائەتخانىدىكى پالىساندىر ياغىچىدىن ياسالغان ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ كاتىيېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرمىدى، كاتىيې ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا كۆنۈپ قالغانىدى. كاتىيې ئۇنىڭ تېخىچە كۆزىدىن ھېلىقى يوغان قارا كۆزەينەكنى ئېلىۋەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ئارېنونىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىشى كاتىيېنى ئەندىشىگە سېلىۋەتتى.

— مەن... مەن ئىشخانىڭىزدىكى ھەممە نەرسىنى دېگۈدەك ئېلىپ كەلدىم... قوزغىلىشى بولمايدىغان نەرسىلەردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى... — دېدى ئۇ دېگۈدەك گەپ تاپالماي. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ناھايىتى سوغۇق ئىدى.

— نېمانداق كېچىكىپ كېلىسىز؟

قانداق ئىش بولمىسۇن ئارېنو ئۇنىڭغا خاپا بولماسلىقى كېرەك ئىدى. كاتىيېنىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەش بولدى، ئەمما ئۇ

ئۆزىنى بىسۈپلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى ئۇستەلنىڭ بىر تەرىپىگە قويدى، نېمىشقىدۇر قوللىرى بىر ئىشلارغا دېگەندەك قولاشمايۋاتاتتى.

ھەر ئىككىيلەن ئۈن چىقمىدى، كاتىپ بىر ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ ئارېنونىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئادىتى بويىچە ئارېنونىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى كۈتتى. ئەمما، ئارېنودىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. كاتىپ بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىگە ئەمدى راستىنلا ئىشەندى. چۈنكى، ئادەتتە ئۇ كاتىپقا ئۇھ دېگۈچىلىكمۇ ئاراملىق بەرمەستىن، بىر ئىشلارنى تاپشۇرۇپلا تۇراتتى.

كاتىپ تۇساتتىن بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى. ئۇستەلدە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ماتېرىيالدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئارېنونىڭ ئۇستىلى ماتېرىيال بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئۇ كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئىشلىمىگەنمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئارېنو ئارېنوغا ئوخشىمايلا قالىدىغۇ.

— نېمانداق سۈرەلمىلىك قىلىسىز؟ — ئارېنو تۇيۇقسىز تۇۋلىۋىدى، كاتىپ بەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

ئارېنو سەۋەبسىزلا ۋارقىرىغان بولسىمۇ، كاتىپ كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىدى. ئۇ تەمكىن ھالدا:

— مەن سىزنى ئاۋۋال خەت ـ ئالاقىلەرنى كۆرمەمدىكىن، دەپ قاپتىمەن.

كاتىپ خەتلەرنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ مىدىرلاپمۇ قويماستىن بىردەم دېلىغۇل بولغاندىن كېيىن:

— ئاۋۋال ئوقۇڭ، ئاندىن ئۆزىڭىز بىر ياقلىق قىلىڭ، — دېدى.

— مەن؟

كاتىيې كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ، ئەمما توختامنامىلەرگە ياكى تېخنىكىغا ئائىت دوكلاتلارغا قول قويۇش دېگەن باشقا گەپ ـ تە !

— ئەلۋەتتە سىز ! — ۋارقىرىدى ئارېنو ، — بۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن پۇل ئالماقچىمىدىڭىز ؟

كاتىيې قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى .

— گاۋتىلىر سانائەت شىركىتىنىڭ نەچچە يۈز تۈمەنلىك ئىشىغا مەن پالان دېيەلمەيمەن . گىلىنگ بىلەن پوكسىنىڭ تەلىپىگە مەن قانداق جاۋاب بېرەلەيمەن .

ئارېنو كاتىيېنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قولىنى بىر شىلتىۋىدى ، ئۈستەلدىكى ماتېرىياللار بىراقلا يەرگە چۈشۈپ كەتتى . كاتىيې گىلەمدە يېيىلىپ ياتقان ماتېرىياللارغا قاراپ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى .

ئۇنىڭ ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى ماڭا ئالغۇزىمەن ، دېگىنى خام خىيال ! ئۇ ئارېنو بىلەن پۈتۈشكەن توختامدا ئايال خىزمەتچىنىڭ ئىشىنمۇ قىلىشقا رازىمەن ، دېگەن ماددا يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتېرىياللار ئۇنىڭ يېنىدا ، ئۇ شۇنداق ئېگىلسىلا قولى يېتىدۇ ، ئۇنى ئالسا بولمامدىكەن ؟

— بۇلارنى يىغىۋېتىڭ ، كاتىيې ، — دېدى ئارېنو توساتتىن ، — سىزدىن ئۆتۈنەي .

ئۇنىڭ مۇلايىم ئاۋازىنى ئاڭلاپ كاتىيېنىڭ ئاچچىقى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى . ئۇ غۇرۇرىنى بېسىۋېلىپ ئارېنوغا يول قويدى . كاتىيېنىڭ ئارېنوغا بويسۇنۇشى ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئەمەسمۇ ؟ كاتىيې ماتېرىياللارنى يىغىپ ، ئارېنونىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى .

توساتتىن كاتىيېنىڭ خىيالىدىن بىر نەرسە يالت قىلىپ



www.uyghurkitap.com

كەچكەندەك بولدى ، ئۇ بىر نەرسىنى تۇيغانىدى : بايام ھۆججەت-لەر يەردە تۇرغاندا ئۇنىڭ ئىنكاسى باشقىچىغۇ ، خۇددى كۆرمى-گەندەكلا . كاتىپ بۇ نۇقتىنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىدى ـ ھە ؟ ئۇنىڭ كاتىپنى خەت ـ چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەس-ئۇل قىلىشى پەقەت ئۇنىڭغا بۇ نۇقتىنى بىلدۇرمەسلىك ئۈچۈن ئىكەن ـ دە . كاتىپ شۇنى ئويلاپ ئالاقزادىچىلىكتە ۋارقىرىۋەت-كىلى تاس قالدى .

كاتىپنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى ، ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ چىقتى :

— چۈشەندىم ، سىز . . . سىز كۆرەلمەيدىكەنسىز !

— ھېچقىسى يوق ، — ئارېنونىڭ چىرايىدىن غەزەپ يې-غىپ تۇراتتى .

ئارېنو بىرپەس جىمىپ كېتىپ ، كېيىن ئۇمىدسىز ئا-ھاڭدا ، — ئەھۋالىمنى بىلدىڭىز ، ئەمدىغۇ خەتلەرنى ئوقۇپ بې-رەرسىز ، — دېدى .

ئارېنونىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كاتىپ بەك ئازابلاندى ، ئىچى ئاغرىپ ئۇنى باغرىغا باسقۇسىمۇ كەلدى . لېكىن ، ئارېنونىڭ ھېسداشلىققا ، مېھرىبانلىققا موھتاج ئەمەسلىكى كاتىپقا ئايان ئىدى . شۇڭا ئۇ ئۆزىنى كۈچەپ بېسىۋېلىپ ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا سۆزلىدى :

— سىز شەنبىدىن باشلاپلا مۇشۇنداققۇ دەيمەن ؟ ماڭا تېلېفون بېرىپ ئايرودرومغا مېنى ئالغىلى كېلىڭ ، دېيىشىڭىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ؟

ئارېنو ئىشلىمەيمىزمۇ ، دېگەندەك قىلىپ قوشۇمىسىنى تۈردى ، لېكىن كاتىپنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغانلىقىغا قاراپ ئامالسىز ناخۇشلۇق بىلەن جاۋاب بەردى :

— سوئالىڭىزغا جاۋاب بەرمىگۈچە ، ئىشىمىزنى باشلىيالـ مىغۇدەكمىز ، سىزگە دەپ بېرەي ، جۈمە كۈندىن باشلاپ مۇشۇ ئەھۋالدىمەن . ئۇلار مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ جىدـ دىي قۇتقۇزۇپتۇ .

— دوختۇرخانىغا ؟ — كاتىپ ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالـ غانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ خىجىل بولۇپ قالدى ، — ماشىنا سوقۇـ لۇپ يۈز بەرگەن ئىشمۇ بۇ ؟

— ۋەقە ناھايىتى تۇيۇقسىز يۈز بەردى . . . ئۇلار تەجرىبە ئىشلەۋاتقان ، مەن ئېگىشىپ ئوچاقتا ئېرىتىۋاتقان مېتاللىغا قاراۋاتاتـ تىم . تۇيۇقسىز ئاچچىق بىر ھور كۆتۈرۈلدى . كۆزۈم ۋىژژىدە قىلىپ قالدى . كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم . . .

بۇ گەپلەر كاتىپنى بىئارام قىلىۋەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئارىـ نوغا قوپاللىق قىلغانلىقىنى ئويلىدى . ھېلىقى كۈنى ئارىنو ئېھتىـ ياتسىزلىقتىن كاتىپقا سوقۇلۇپ كەتكەندە ئۇ كۆزىڭىز بارمۇ سىزـ نىڭ ، دېمىگەنمىدى . ئۇ يەنە ئارىنونى ئۆيىگە يالغۇز يولغا سېلىپ قويغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . . . ھەي . . . ي ئاـ رىنونىڭ كۆزى كۆرمەيدىكەن ئەمەسمۇ شۇ چاغدا !

— دوختۇرخانىدىن ئەجەب تېز چىقىۋاپسىزغۇ ؟ — سوـ رىدى كاتىپ خىجىل بولۇپ .

— كۆزگە ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم دورا تېمىتىپ تۇـ رىدىغان ئىشكەن . باشقا ئىش بولمىغاندىكىن دوختۇرخانىدا يېتىـ ۋەرمەي دېدىم .

ئارىنونىڭ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ بۇنداق پاراڭلار بىلەن خۇشى يوقلۇقى چىقىپ تۇراتتى . ئەمما ، كاتىپ :

— ئەمما بولۇپ قالماسسىز ـ ھە ؟ — دەپ سورىدى يەنە

ئۆزىنى باساللماي.

— خۇدا ئۆزى بىلىدۇ! ئۇنداقمۇ بولماس، هازىر كۆزۈم ئازراق بولسىمۇ كۆرىدۇ.

— ئەمما . . . هېلى سىز يەرگە چۈشۈپ كەتكەن هۆججەتلەرنى كۆرمىدىڭىزغۇ؟

— ئۇنداق ئىشلار بولىدىكەن، — دېدى ئارېنو كاتىپىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — راستىنى ئېيتسام، دورا تېمىتقاندا هېچنېمىنى كۆرەلمەيمەن. تېمىتىپ بىرئازدىن كېيىن نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈنىدۇ. سىز كەلگەندە سىزنى غۇۋا پەرق قىلغان، هازىر خېلى پەرق قىلىۋاتىمەن.

ئارېنو بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە:

— بولدىلا، — دېدى قەتئىي ئاهاڭدا، — بىر سائەتكە يېقىن ۋاقتىمىزنى قۇرۇق گەپلەر بىلەن زايە قىلدۇق، ئىشلەيلى، ماڭا ماۋۇ ئىككى پارچە خەتنى ئوقۇپ بېرىڭ، بولامدۇ؟ سائەت ئون ئىككى بولغاندا ماڭا دەپ قويۇڭ.

ئارېنونىڭ ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىمۇ باشقىلارغا قىلدۇرغۇدەك هالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ كاتىپىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارېنوغا كۆپرەك تەسەللى بەرگۈسى، ئۇنىڭغا كۆزى ياخشىلانغۇچە ياردەم قىلغۇسى كېلەتتى. ئەمما ئۇ بۇنداق قىلالمايتتى. . . ئارېنونىڭ بەختسىزلىككە يولۇققىنىغا قاتتىق ئازابلاندى، ئەمما يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئەرنىڭ زېهنىي كۈچىنىڭ شۇنچىلىك تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى هەقىقەتەن ئېچىنغۇدەك بىر ئىش ـ تە. شۇڭا ئۇ خاپىغان، تېرىككەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كاتىپىنى توختىماي ئەيىبلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. كاتىپ بۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيدۇ؟ مۇستەقىل ئىش قىلىشقا كۆنۈپ

قالغان ئادەمنىڭ بۇنداق چاغدا ئۇ ــ بۇ ئىشقا چېچىلىپ قېلىشى تەبىئىي ئىش ئەمەسمۇ ؟

سائەت ئون ئىككى بولغاندا ئۇ ئارىنوغا خەۋەر قىلدى .

ــ ۋات خانىمغا چۈشتە نىمە يېگۈڭىز بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ يېنىپ كىرىڭ ، ــ دېدى ئارىنو ئۇنىڭغا بۇيرۇق ئاھاڭىدا .

ئارىنو سۆزىنى تۈگىتىپ تارتمىسىدىن كىچىك بىر قۇتىنى ئالدى ۋە قۇتىنىڭ ئاغزىنى تەستە ئاچتى . ئۇنىڭ كۆزىگە دورا تېمىتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن كاتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى .

ــ قاچا ــ قۇچىلىرىڭىزنى تاماقخانىغا قويۇپ قويىمەن . سائەت بىردە بىرىڭ . مەن پەتنۇسنى ئەپەندىگە ئەكىرىپ بېرىمەن ، ــ دېدى غوجىدار كاتىپىغا .

ــ مەندىن غەم قىلماڭ ، ساندۇيچ يېسەملا بولىدۇ .

غوجىدار ئۆزرىخاھلىق ئېيتىۋاتقاندەك بىر خىل تەرزدە كۈلۈپ قويدى .

ــ ئەپەندىنى سىز بىلەن تاماق يېيىشكە ئۇنىماسمىكىن ، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن ، خانىقىز .

شۇنىچىلىك ئىشىنىمۇ چۈشەنمىگەندىكىن ، كاتىپ نېمىدېگەن ئەخمەق ــ ھە ! بۇ ئەمەلىيەتتە ئارىنونىڭ تاماقلىنىۋاتقان چاغدىكى بىچارە قىياپىتىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىمىغانلىقى ئەمەسمۇ . كاتىپ بىپەرۋالىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە كايىدى . ئۇ كۇتۇپخانىغا كىرگۈچە بولغان بەش مىنۇت ئىچىدە ئارىنو كۆزىگە دورا تېمىتىشقا ئۈلگۈرەتتى . كاتىپ ئارىنونىڭ كۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغىنى ئۈچۈن تېخىمۇ تېرىككەك بولۇپ كەتكىنىنى چۈشىنىشكە كېرەك ئىدى .

— خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ ؟ — سورىدى ئارىنو بىر پارچە ھېسابات تالونىنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەرگەچ .

— ئېلىپ كەلدىم ، ماشىنىدا ، چىقىپ ئەكىرەي .

— ئۆزۈم ئەكىرەي ، — ئارىنو ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە خورسىنغان ھالدا كۈلۈپ قويدى ، — خالىغانچە ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

— ماشىنا ئېغىر ئەمەس ، ئۆزۈم ئەكىرەلەيمەن ، — دېدى كاتىپ .

— بولدى ، خىزمەتچى ئەكىرسۇن ، — دېدى ئۇ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى بېسىپ .

ئۆيدە ئىككىيلەن يالغۇز قالدى . كۆزلەرنىڭ ئىختىيارسىز ئۇچرىشىشى كاتىپنى بەكمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇۋەتتى . شۇ ئارىدا ۋات خانىم ئۆيگە كىرىپ ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى . ئۇنىڭ بىردەم ئارام ئېلىۋالغۇسى بار ئىدى . ھاردۇقى چىقمىسا ، ئارىنو تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايتتى .

— سائەت ئىككىدە كەلسەم بولامدۇ ؟ — سورىدى كاتىپ غوجىدار كەتكەندىن كېيىن .

ئارىنونىڭ تۇرقىدىن كاتىپنىڭ گېپىگە خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— بىر سائەت ئارام ئالماقچىمۇ سىز ؟ سەمىگىزگە سېلىپ قوياي ، ئەتىگەن كېچىكىپ كەلدىڭىز . ئىشقا چۈشكىنىڭىزگە ھېچقانچە بولمىدى .

ئارىنونىڭ ئۆزىنى بىھۇدە ئەيىبلىشى كاتىپنىڭ ئوغىسىنى قايناتتۇۋەتتى .

— گاۋىتلىر ئەپەندى ، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ ، —

مەن سىزدەك ئۇششۇق بىمارنى كۆرۈپ باقمىغان !
— نېمە دېسىڭىز دەڭ ، مەن مېيىپ ئەمەس ، پىترې خېنىم !

غەزەپتىن مۇشتۇملىرى مەھكەم تۈگۈلگەن كاتىيې ئارېنوغا يېرىم سائەتتىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەيپى ئۇچقان ھالدا چىقىپ كەتتى .

ئازادە تاماقخانىدا يالغۇز ئولتۇرغان كاتىيې تاماقتىن كېيىن تاتلىق — تۈرۈملارغا زورمۇزور ئېغىز تەگدى . ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن ئۆزىنى — ئۆزى ئەيىبلەشكە باشلىدى . ئارېنونىڭ شەپقەتسىز ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى . لېكىن ئۇ ئارېنونى چۈشىنىشى كېرەك — دە . . .

كاتىيې ئۇنىڭغا نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەر ؟ ئۇ باشتا قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى . كېيىن ئارېنو نېمىلا دېسە ئېغىر بولۇش قارارىغا كەلدى . ئۇ بايا نېمىشقا چېچىلدى — ھە ؟ كاتىيې قىلغانلىرىغا ئىچ — ئىچىدىن ئۆكۈندى .

كاتىيې چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئارېنو بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىن بىللە ئىشلىدى ، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق يېقىنچىلىق بولمىغان بولسىمۇ ، ھەرھالدا تەگىشىپ قالمىدى . سائەت تۆتلەردە ئارېنو كاتىيېنىڭ ئۆزى يوق چاغدا قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى سوراپ قالدى . كاتىيې ئۇرۇۋاتقان خېتىنى توختىتىپ جاۋاب بېرىش ئويىدا بېشىنى كۆتۈردى ۋە سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقانلىقىنى كۆردى .

— پاھ . . . قار يېغىپتۇغۇ !

— دەپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت ، مەن خېلى بۇرۇنلا كۆرگەنىدىم .

ئارىنوننىڭ گېپىگە ھەيران بولغان كاتىپ بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى . ئۇ قارا كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتكەنىدى . دورا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىۋاتامدۇ ، ئەيتاۋۇر كۆزلىرى بىر نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . كاتىپ ئارىنوننىڭ خەت ئۇرۇۋاتقان چېغىدا ئۆزىنى خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى . . كاتىپىنىڭ ئىختىيارسىز يۈزى قىزىرىپ كەتتى .

— دورا تېمىتىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى ، — دېدى ئۇ ، — قولۇمنى يۇيۇپ كىرەي ، كاربون ئۇۋۇقى چاپلىشىپ كېتىپتۇ .

كاتىپ قولىنى يۇيۇپ كىرىپ ، ئارىنوننىڭ كۆزىگە دورا تېمىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا يېنىپ چىقتى . ئۇ باسىدىغان يەنە نۇرغۇن ھۆججەتلەر بار ئىدى . ئۇ ھۆججەتلەرنى تېزدىن قولدىن چىقارمىسا بولمايتتى . سىرتتا شۇرىغان ئەدەپ كېتىۋاتاتتى . بۇنداق ئەھۋالدا ماشىنا بىلەن لوندونغا قايتىش خەتەرلىك ئىدى . بۇ چاغقىچە يولنى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىردەمدىن كېيىنلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى .

— قار بارغانسېرى قاتتىق يېغىۋاتىدىغۇ ، — دېدى كاتىپ خېلى بىرھازادىن كەينى ئەگىتىپ ئېيتىپ .

— بۇنىڭدا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ !

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن سىزنى چاڭغا تېيىلىشقا تەكلىپ قىلىۋاتقىنىم يوق ، — كاتىپ بۇ گەپنى قىلىپ سالغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى . ئۇ نېمىشقا ئارىنوننىڭ چېشىغا تېگىدۇ ؟

— كەچۈرۈڭ ، — دېدى كاتىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ، — ھېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ ، ھازىر ماڭمىسام ، جاپاغا قالارمەنمىكىن .

— شۇنداق بولغاندىكىن ، مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ .

— نېمە ، نېمە دېدىڭىز ؟

— ۋەزىپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن كېتىمەن دەپ ئويلىماڭ . سوراپ باقاي ، ئىشلەپ نەگە كەلدىڭىز ؟

ئارىنو ئۆيدە بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق تېرىككەك بولۇپ كېتىۋاتامدۇ ، قانداق ؟ ئۇ كاتىپنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقىنىنى سەزمەيۋاتامدىكىنە ؟

— راست ، تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بولالمىدىم ، — دېدى كاتىپ .

— ئەمىسە كېتىمەن دەپ ئويلىماڭ ، مۇشۇ يەردە قېلىپ قېلىڭ .

كاتىپ ئۇنىڭ تەرسالىقىغا ھەيران قالدى .

— بۇ مۇمكىنمۇ !

— نېمىشقا؟

— چۈنكى . . .

كاتىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى نېمىشقا رەت قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى . بولمىسا ، كۆڭلى ئۇنى بۇ يەردە قېلىپ قېلىشقا ئۈندەپ تۇراتتى .

— كىيىم ئېلىپ كەلمىگەنىدىم ، مۇشۇ ئۇچامدىكى كىيىملا بار ، — دېدى ئۇ ئاخىر باھانە تېپىپ .

— بۇ ئاسان گەپ ، ۋات خانىم سىزگە بىر قۇر ئۇخلاش كىيىمى تېپىپ بېرىدۇ ، يەنە باھانىلىرىڭىز بارمۇ ؟ . . — ئۇنىڭ چىرايى تۈتۈلۈپ كەتتى ، — لوندوندا بىرى ساقلاپ تۇرمىغان بولغىيتتى . . . — ئۇنىڭ ئاۋازى مەسخىرە ۋە ئازاب ئارىلاش چىقتى .

كاتيېنىڭ ئارېنونى بىر تەستەك سالغۇسى كەلدى، ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ زەھەردەك گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن ئارتۇق ئازاب بارمۇ بۇ دۇنيادا؟

— ئۇنداق ئىش يوق، پەرداز بۇيۇملىرىمنى ئېلىپ كەلمىگەنىدىم...

— بۇ يەردە سىز دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار.

ئاغزى تۇۋاقلانغان كاتيې يېنىك خورسىنىپ قويۇپ يەنە خەت ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئارېنوغا بويسۇنغىنى ئىدى.

قار تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. باغچىدىكى كۆكۈلمەيدان ۋە چىغىر يوللار ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. بۇنداق چاغدا يولغا چىقسا خەتەرلىك ئىكەنلىكى كاتيېغا ئايان ئىدى. بولدى، يەنىلا خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە ياتقىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

كاتيې بىر ئىستاكان چاي ئىچىپ، ئوخشىتىپ پىشۇرۇلغان قازان نېنىنى يېگەندىن كېيىن كۇتۇپخانىغا كەلدى، ئەمما بۇ يەردە ئارېنو يوق ئىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن كاتيې ئۇنىڭ كەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بىرئاز خۇشال بولدى. يېنىدا ئارېنو بولمىسا، كاتيېنىڭ ئىش سۈرئىتىمۇ ناھايىتى تېز بولۇپ كېتەتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. بۇ ھال غوجىدار كېلىپ، ئەپەندى سىزنى ئىشنى يىغسۇن دەيدۇ، دېگۈچە داۋاملاشتى.

— ئەپەندى سىزنى كەچلىك تاماقتىن بۇرۇن ئۆيىنى كۆرۈپ باققۇسى بارمىكىن دەيدۇ، — دېدى غوجىدار.

— ناھايىتى ياخشى.

www.uyghurkitap.com

غوجىدار كاتىيىنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى ، ئۆي جاھازلىرى قەدىمىي شەكىلدە ئىدى . ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋىكتورىيە پاسونىدا ياسالغان تولىمۇ ئېسىل بىر كارىۋات قويۇلغانىدى .

— نېمە كېرەك بولسا دەۋېرىڭ ، خانقىز .

— ھەممىنى تەق قىلىپ قويغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ، — دېدى كاتىيې غوجىدارغا رەھمەت ئېيتىپ . ئۇ شۇ ئارىلىقتا پەرداز ئۈستىلىدە كېچىلىك كىيىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى .

— كەچلىك تاماق سائەت سەككىزدە يېيىلىدۇ ، — غوجىدار شۇنداق دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئۆيدە كاتىيې يالغۇز قالدى .

كاتىيې ياتاق ئۆينىڭ يېنىدىكى مۇنچىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدى ، يەرگە ئەتىر گۈل رەڭلىك مەرمەر ياتقۇزۇلغان ، مۇنچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭنە شەكىللىك بىر ۋاننا ئورنىتىلغانىدى . بۇنداق ئېسىل يەردە يۇيۇنمىسا تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ – دە ! كاتىيې گۈپۈلدەپ تۇرغان يەسمەن گۈلىدىن ئىشلەنگەن يۇيۇنۇش سۈيۇقلۇقى بىلەن يۇيۇنغاچ ، راھەتلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى . مۇشۇنداق راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالسا ، بىر كۈنلۈك ھاردۇق چىقمامدۇ !

بۈگۈن ئاخشام ئارېنونى كۆرەلەرمەنمۇ ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ . ھەم يۇمشاق ھەم يارىشىملىق مۇنچا كىيىمىنى كىيگەچ . بۇنىڭدا بەك چوڭ ئۈمىدمۇ يوق ئىدى . ئۇ ئارېنونى نېمىشقا ئۇنتۇيالمايدۇ ؟ ئۇ ئۆزگە شۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىدىغۇ ؟ ئەمما ، كاتىيې ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايتتى . بەقۇۋۋەت بىر ئەرگە نىسبەتەن بىمالال ھەرىكەت قىلالماسلىق ئازابلىق ئىش – تە .

كاتىيې ئارېنوغا چامىسىنىڭ يېتىشىچە تەسەللىي بەرمەكچى ،

ئۇنىڭ تەرسالىقىغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى، ھەر-قانچە تىكەندەك گەپلەرنى قىلغان تەقدىردىمۇ سىلىق سۆزلەر بى-لەن جاۋاب قايتۇرماقچى بولدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئارىنوغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟

كاتيې كارىدورنى بويلاپ مېڭىپ ئۈستىگە چىقماقچى بو-لۇۋاتقاندا مېھمانخانىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن ئارىنونىڭ ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ساپادا ئولتۇرۇپ، شوتلاندىيە ۋىسكىسى ئىچىۋاتقانلى-قىنى كۆردى. كاتيې بىرئاز ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن ئىختى-يارسىز كىرىپ سالدى.

— كىم؟

— مەن... كاتيې.

ئارىنو ئۈندىمىدى، قارىغاندا ئۇ كاتيېنىڭ كىرىشىنى خا-لىمىغاندەك قىلاتتى. قاتتىق ئوڭايسىزلانغان كاتيې ئىختىيارسىز ئېگىز-پەس سۆزلىگىلى تۇردى:

— مەن تاماقنى ھېلىلا يەپ بولۇپ ئۈستىگە چىقاي دەپ تۇرسام... ۋات خانىم بىر ئىشلارغا ناھايىتى ئىنچىكە ئىكەن، ماڭا ئۇخلاش كىيىمىنىمۇ تەييارلاپ قويۇپتۇ... —

كاتيې يۈزى قىزىرىپ كەتتى، گېپىنىڭ ئاخىرىمۇ چىقماي قال-دى. ئارىنو زوۋۇان سۈرمىدى، ئېھتىمال ئۇنىڭغا كاتيېنىڭ تۇت-رۇقسىز گەپلىرى خۇشياقمىغاندۇ.

— مەن... ماقۇل ئەمىسە، خەيرلىك كەچ، ئارىنو.

كاتيې شەلپەردەك قىزىرىپ ئۆرۈلدى ۋە مېنى تۇتۇپ قالارمۇ، دېگەندەك ئۈمىدتە ئارىنوغا قارىدى. ئەمما، كاتيې قات-تىق ئۈمىدسىزلەندى. ئارىنو كاتيېنى تېزرەك چىقىپ كەتسىكەن، دېگەندەك قىلىپ گەپ قىلماي ھارىقىنى ئىچىۋەردى.

كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالغان كاتيې ئىشىكنى يېپىپ

www.uyghurkitap.com

قويماقچى بولدىيۇ ، يەنە قولىنى تارتىۋالدى . ئۇلار ئارىنونىڭ كەرىپ ــ چىقىشىغا قولايلىق بولسۇن دەپ ، ئىشىكنى مۇشۇنداق ئوچۇق قويغان ئەمەسمۇ ؟ كاتىيې بوسۇغىدا چىقىپ كېتەيمۇ ــ كەتمەيمۇ ، دەپ دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى ، ماگنىتتەك بىر نەرسە ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى . راست ، ئارىنو شۇ تاپتا غېرىبسىنىۋاتىدىغۇ ، زېرىكىۋاتىدىغۇ . . . كاتىيې ناھايىتى خۇش پېئىل هالدا :

ــ سىزگە ياردەم بېرەلەرمەنمۇ ؟ ــ دەپ سورىدى .

ــ سىز قانداق ياردەم بېرەلەيسىز ؟

كاتىيې بۇ تونۇش گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئوڭايسىزلاندى ، شۇنداقتىمۇ كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان مۇددىئاسىنى دەۋەتتى :

ــ مەن سىزگە چوڭ ياردەم بېرەلمەيمەن . ئەمما مېنىڭ ئويلايدىغىنىم . . .

ــ خۇدانىڭ ھەققىدە بېرىپ ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭ ، مېنى تىنچ قويۇڭ ! ماڭا سىزنىڭ مېھىر ــ شەپقىتىڭىز كېرەك ئەمەس !

ــ مەن ئۇنداق . . . ــ كاتىيې خاپا بولدى .

ــ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ قويۇشۇڭىزغا موھتاج ئەمەسمەن .

كاتىيې ئەمدى ئاچچىقىنى باسالماي قالدى .

ــ مېنى كىيىم سالدۇرۇپ قويىدۇ ، دەپ ئويلىدىڭىزمۇ تېخى . يوغانچىلىقىڭىزنى قاراڭ . مەن تېخى سىزنى چوڭ ئادەم كۆرۈپ كېتىپتىمەن .

كاتىيې غەزەپ ئىچىدە يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى . ئارىنونىڭ بۇنداق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشكە نېمە ھەققى بار ؟ ئۇ يەنە قانچىلىك ئازابلارغا چىدىيالار ؟ ئۇ ئىككىنچى

قەۋەتكە چىقتى ، ئىشىكنى زەردە بىلەن ئىتتىرىپ ئېچىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى . ناۋادا ئارىنو ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمىسە ، ئۇ ئەمدى قانداق قىلار ؟ بۇ دۇنيادا ئۆزى سۆيگەن ئادەمنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچراشتىن ئېغىر ئازاب يوققۇ !

## 5

ئۆيگە كۈچلۈك كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى . كاتىيە كۆزلىرىنى ئاپتاپتىن قاچۇرۇپ ، بېشىنى ياستۇققا پۈركىۋالدى . كېيىن چالا ئويغۇنۇق ھالەتتە كۆزلىرىنى ئېچىپ ، ئۆزىنىڭ ناتونۇش بىر يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى . بۇ قەيەر ؟ بىردىنلا بولغان ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى . ھە ، راست ، بۇ ئارىنونىڭ ئۆيى !

ئۇ كارىۋاتتىن چۈشتى ، تۈنۈگۈنكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلىدى . بۈگۈن خاپا بولماسلىقى كېرەك . ئارىنو ئەڭ قىيىن مەزگىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ ، شۇڭا كاتىيە قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىم بولمىسا بولمايدۇ . بەلكىم ئۇ مۇلايىملىقى بىلەن ئارىنونى ئۆزىگە قارىتالار ، قوپال مىجەزىنى ئۆزگەرتەلەر . ئۇ ئارىنوغا نەقەدەر تەشنا ــ ھە . . .

كاتىيە سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇپ ، تاماقخانىغا كەلدى . شىرەگە ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ناشتىلىقى خېلى بۇرۇنلا تەييار قىلىپ قويۇلغانىدى . كاتىيە سۇرلەنگەن كالا گۆشى ، پىششىق تۇخۇم ، بىر قاچا تاماق يېدى ، بىر ئىستاكان ئاپېلسىن شەربىتى ئىچتى ، ئاندىن روھلۇق ھالدا ئىشخانىغا چىقتى . ئۇ ئاشىقى ــ بىقارار بولغان كىشى بىلەن جاپالىق يېڭى بىر كۈننى ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى .

ئىشىكتىن كىرىپلا كاتىيىنىڭ ئارىنوغا ئىچى ئاغرىپ قال-

www.uyghurkitap.com

دى . كۆز دورىسى تەسىر قىلمىغانمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇ يەنە كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى . كاتىيې ئۇنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلماقچى بولدى .

— ياخشىمۇ سىز ؟ — كاتىيې خۇشال ھالدا ئەھۋال سورىغاچ، ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

ئارېنو ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشنىڭ ئورنىغا چوڭچىلىق بىلەن :

— ھەرنېمە بولسا، تۈنۈگۈنكى تەكەببۇرلۇقىڭىز يوقاپتۇ . ئاخشام ئىت قوغلىغاندەك ئالدىراپ چىقىپ كەتتىڭىز، بولمىسا، كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، دەپ قوياتتىم، — دېدى .

بۇ ئادەم نېمىدېگەن ئەدەپسىز ! ئۇ ئۆزىچە خەقنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشكە ھەقلىقمەن، دەپ ئويلايدىغانمىدۇ ؟ بۈگۈنكى ئېلىشىش ئەجەب بالدۇر باشلاندىيا ؟ كاتىيې قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېڭىچە يول تۇتۇشقا نىيەت قىلدى .

— ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇپ قالغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى كاتىيې چاقچاق قىلىپ .

ئارېنو نېمىلەرنىدۇ غودۇرىدى . كاتىيې ئۇنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پەرۋا قىلماستىن ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى . بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئارېنو كاتىيېنى بىر تېلېفون نومۇرىنى تېپىپ بېرىشكە بۇيرۇدى . ئۇ ئارېنونىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسەن ھېلىقى تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەپ تاپتى، ئارېنوغا تېلېفون ئېلىپ بېرىشنى ئويلىدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىچاڭشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنىلا ئۇنىڭ ئېلىشىغا يول قويدى .

كاتىيې تېلېفوندىن ناھايىتى مۇھىم دەپ قارىغان بىر سۆھبەتنى ئاڭلىدى، ئارېنو بىر خېرىدار بىلەن توختام توغرىسىدا كېڭەشمەكتە ئىدى . ئۇ ئۆزلۈكىدىن خاتىرىنى ئېلىپ ئاڭلىغانلى-

رىنى خاتىرىلىۋالدى .
ئارپنو تۇرۇپكىنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز هالدا :
— سۆھبىتىمىزنى خاتىرىلىۋالدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— تولۇق خاتىرىلىۋالدىم !
ئارپنو كاتيېغا قىزغىن رەھمەت ئېيتتى ، كاتيې ئارپنونىڭ ئۆزىگە رەھمەت دەيدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى .
كاتيې ئارپنونى دورا تېمىتىۋالسۇن ، دېگەن ئويدا چۇشكە يېقىن كارىدورغا چىقىپ تۇردى ، دېرىزىگە يۆلەنگىنىچە كۆن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى .
قاردىن كېيىنكى ئوچۇق هاۋا كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى . كاتيې ئىشنى قىلىپ بولدى ، بۇگۈن لوندونغا قايتىشى كېرەك ، يولمۇ ئېچىلدى . كاتيې ئارپنوغا دېدى :
— بولدى ، ئېلىپ كەلگەن هۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ بولدۇم . ئۇلارنى ماشىنىغا ئاچىقىپ . . .
— كەتمەكچىمۇ سىز ؟
قارىغاندا ئارپنونىڭ كاتيېنى قويۇپ بەرگۈسى يوقتەك قىلاتتى . بۇنىسى كاتيېغا ناھايىتى ئايدىڭ ئىدى .
— شۇنداق ، ئىشلار تۈگىدى ، شىركەتكە بېرىپ ئىشلەي .
— قايتالمايسىز !
— نېمىشقا ئەمدى ؟
— دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ كۆرۈپ باققۇڭىز بارمۇ ؟ چىغىر يول قاردا ئېتىلىپ قاپتۇ ، — دېدى ئارپنو كۆرەك هالەتتە قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ .

— سىز قانداق . . .

كاتىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ گېپىنى توختىتىۋالدى . ئۇ ئارىنونىڭ ئەمالىقىنى ، بىر نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەچ سىلىپ ئوغسىنى قايناتماقچىدى ، ئەمما ئارىنو كاتىپنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالدى :

— سىز قانداق بىلىسىز دېمەكچىمۇ سىز ؟ مېنىڭ كۆرەلمەسلىكىم ۋاقىتلىقلا ئىش ، ئەمما قۇلىقىم ساق ، پوچتالىيوننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىيالايمەن . ئەگەر سىز بىلمەكچى بولسىڭىز جاۋابىم مۇشۇ .

كاتىپ لەۋلىرىنى چىشلەپ قالدى . ئۇ نېمىشقا يەڭگىلتەكلىك قىلغاندۇ ؟ ئۇنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا سالماق ، چىقىشقاق دېگەن نامى بار ئەمەسمۇ .

— بۈگۈن ئەتىگەندە قار ياغمايدىغاندەك قىلىدۇ ، — دېدى كاتىپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا .

— نېمىشقا ياغمايدىغانلىقىنى مەن بەك ھەيران ، ئىشقىلىپ مەن خىزمەتچىگە يول ئېچىلغاندا كاتىپقا دەپ قويۇڭ ، دەپ تاپىلاپ قويدۇم .

ئۇنىڭ كاتىپنى كەتكۈزگۈسى يوقلۇقى گەپلىرىدىن مەلۇم ئىدى . كاتىپمۇ دەل شۇنى ئويلاپ تۇراتتى . ئۇمۇ ئارىنونىڭ غېرىبلىق ئازابىدا پۇچىلىنىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ ـ دە .

— قار ياغمىسىكەن دەيمەن ، بۈگۈن ئاخشام بىرىپ ئۆز كارىۋىتىمدا ياتساملىكەن .

— مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام ، بۇ يەردە ئىككىنچى كېچىنىمۇ ئۆتكۈزگەن بولاتتىم ، بۇ يەر كۆڭلىڭىزگە ياقمايۋاتامدۇ يا . . . — ئارىنو تۇساتتىن توختاپ قالدى . بولمىسا ئاغرىدىن يەنە قانداق زەھەردەك گەپلەر چىقاتتىكىنتاك ؟ ھايال ئۆتمەي

ئـۇ يـەنـە دەيـدىغىنىنى دېدى ، ـــ ئۇنداق دېگۈچە باشقىلارنىڭ كارىۋىتىدا ياتقۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ دېسىڭىز بولمامدۇ . سىزنىڭ ئاشۇ ساناقسىز ئاشنىلىرىڭىز سىزدىن تويۇپ كەتكەن بولماي . . .

ـــ ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ ! ـــ دېدى كاتىيې ۋارقىراپ .

ئارېنو سوغۇق كۈلدى :

ـــ «خـۇدۇكى بـارنىـڭ مونـىـكى بـار» دېـگـەن گەپ بىكار ئەمەس ـ دە !

كاتىيې ئۇنى شاپىلاق بىلەن كېلىشتۈرۈپ سالماقچى بولۇپ ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە غەزەپ بىلەن :

ـــ ئارېنو ، سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق ! ـــ دېدى ـ دە ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇدۇل تاماقخانىغا باردى ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن غەزىپىنى ئاشكارىلىماستىن ، غوجىدار بىلەن ناھايىتى خۇشال ئەھۋاللاشتى . ئۇ كىشىگە ئانىي بولىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى .

كاتىيې تاماقنى زورلاپ يېدى ، ئاچچىقىنى بېسىۋالالىغىنىغا كۆڭلىدە سۆيۈندى . ئارېنونىڭ ئۇنى تۇغما شاللاق ئايال دەپ ئەيىبلەشكە پېتىنغىنىنى كۆرمەمدىغان ؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئەر ئەزەلدىن بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باققان ئەمەس .

سائەت ئىككى بولدى ، ئارېنو چوقۇم كاتىيېنى ساقلاۋاتىدۇ . كاتىيې ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى .

كاتىيېنىڭ كۆڭلى ئۇنى ئارېنو بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈندەيتتى ، ئەمما ئەدەپ يېگەن غۇرۇرى ئۇنىڭ ئارېنو بىلەن ياردىشىشىغا يول قويمايتتى . ئارېنو ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىنى ئەۋەتكەن بولسا ، ئۇ يۇمشاپ قالغان بولار ئىدى . لېكىن ، ۋاقىت مىنۇت ـ مىنۇتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى . ئارېنو بىرىنىمۇ ئەۋەتمىدى .

سائەت ئۈچكە داڭ ئۇردى . كاتىيې ئەمدى تۇرالمايلا

www.uyghurkitap.com

قالدى . ئەجەبا ئۇ ئۆزىنىلا ئويلىشى كېرەكمۇ ؟ ئارېنو مۇشۇ تاپتا ئۇنى ساقلاپ تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ . كاتيې ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويسا بولمايدۇ . ئۇ دەرھال قىرائەتخانىغا چىقىپ ئىشىكنى چەكتى :

ــ بۇيرۇيدىغان ئىشىڭىز بارمىكىن دەپ كىرىشىم . . .

ــ بولىدىكەنسىز جۇمۇ ، بۇ يەردە خىزمىتىڭىز بارلىقى ھېلىمۇ ئېسىڭىزدە بار ئىكەن ! ــ دېدى ئارېنو چىرايىنى ئاچماستىن .

كاتيې ئۇنىڭغا يول قويۇپ گەپ قىلمىدى . ئارېنو « مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك » دېگەندەك كاتيېغا ھە دېسىلا قىرىچە ـ يېنىچە تېگەتتى . ئۇ زادى نېمە قىلماقچىدۇ ؟

ــ خىزمىتىمنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بېشىم ئونمۇ ؟ سىزدەك ئەپەندى بىلەن بىللە ئىشلەش مەن ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ـ تە ! ــ دېدى كاتيې مەسخىرىلىك ئاھاڭدا .

كاتيې ئۇنىڭدىن زەھەرلىك گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ ، دەپ تۇرۇۋىدى ، ئەمما ئىش ئويلىغاندەك بولمىدى . ئارېنونىڭ مۇئامىلىسى يۇمشاپ قالغانىدى .

ــ مەن شۇنچە قورقۇنچلۇقمۇ ؟ ــ دېدى ئارېنو پەس ئاۋازدا .

كاتيې ئارېنونىڭ جىمى زەھەرلىك گەپلىرىگە تاقەت قىلماقچى بولغانىدى ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بۇنداق سىپايە گەپنىڭ چىقىشىنى ئويلاپ باقمىغان . بۇ ئادەم ئەتىيازنىڭ ھاۋاسىنىڭ ئۆزگىرىشىدەك بىرخىلمۇ ، يا چۈشەنگىلى بولمىغان . شۇ تاپتا ئۇ خېلى ئوماقلىشىپ قالغانىدى . كاتيې بۇنى ئارېنوغا دەپ سالغىلى تاس قالدى ، ئەمما ئۇ كۆڭلى يۇمشاقلىقىنىڭ قىلچە پايدىسى يوقلۇقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى ، لېكىن ئۇ « كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتاي » دەپ ، ئارېنو

يەنە قېتىۋالارمىكىن » دەپمۇ ئەنسىرەيتتى . ئارىدىكى بۇ قاتمال مۇناسىۋەتنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەككىنتاڭ . ئۇ ئاخىر ئەقىل تاپتى :

— ئۆتكەن شەنبىدىن بۇگۈنگىچە بۇ ئۆيدىن تالاغا چىقمىدىڭىزمۇ ؟

ئارېنو تېڭىرقاپ قېلىپ دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى .

— سىرتقا چىقالمايمەن ، سىز بۇنى ئېنىق بىلىسىز ، — دېدى ئارېنو غەمكىن هالدا .

ئارېنو هېچقاچان هازىرقىدەك مۇلايىم قىياپەتتە كىرىپ باقمىغانىدى ، كاتىپ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى :

— مەن سىزنى يېتىلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقاي ، ئايلىنىپ كىرسەك ، قانداق ؟ — كاتىپ شۇنداق دېدىيۇ ، ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچە دادىللىشىپ كەتكەنلىكىگە هەيران قالدى . ئەمما ئۇ ئارېنونىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ، دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئالدىراپ – تېنەپ يەنە قوشۇپ قويدى ، — ئىككى كۈندىن بېرى مەنمۇ هەرىكەت قىلمىدىم ، ئۆزۈمنىڭمۇ ئايلىنىپ كىرىش نىيىتىم بار .

ئارېنو سەل جىمىپ كېتىپ ، بىردەمدىن كېيىن :

— قاردا سىرتقا چىقسام ، كۆزۈمگە قانداق بولار ؟ — دېدى .

— هە ، راست ، ئاق نۇر كۆزىڭىزگە زىيان قىلىشىمۇ مۇمكىن .

— ئۇنداق بولماس ، كۆزەينەك تاقىۋالارمەن ، — دېدى ئۇ بىردەم دېلىغۇل بولغاندىن كېيىن ، — بولىدۇ ، بېرىپ قاراپ باقايلى ، ۋات خانىم سىزگە مۇۋاپىقراق چاڭغا تېپىپ بېرەلەمدىكىن .

كاتيپ خۇشال بولغىنىدىن ئېتىلىپ بېرىپ ئارېنونى قۇ-چاقلىغۇسى كېلىپ كەتتى ، يەنە تۇرۇپلا ئىككىلىنىپ قالدى :

— چىقىسىڭىز قانداق بولار ، دوختۇر نېمە دەر ؟ . . .

— ماڭا ئىشىنىڭ ، كاتىپ ، ياخشى بولۇپ كەتتىم . بۇ قېتىمقى ھادىسىدىن كېيىن مەن كۆزنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلى-كىنى چۈشەندىم ، ناۋادا سەللا چاتاقنىڭ شەپىسى سېزىلسە ، بى-خەستەلىك قىلماي قايتىپ كىرىمەن .

— بۇ يەردە چوڭراق دوختۇر تاپالارسىزمۇ ؟

— ئەجەب زىغىرلاپ كەتتىڭىز ، — دېدى ئارېنو كاتىپنى يېقىنچىلىق قىلغان ھالدا ئەيىبلەپ .

كاتىپنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىلىپ كەتتى ، ئۇ ئارېنونىڭ خۇشخۇي چىرايىنى كۆرسىلا ، چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى .

— ئەگەر سىز قىزىقسىڭىز . . .

— مەن نېمىشقا قىزىقمىغۇدەكمەن ؟

— ئەتە دوختۇر كېلىپ كۆرمەكچى ، ھازىر چىقايلى ، سىز مېنىڭ كېسەل تارىخىمنى تەكشۈرمەكچىمۇ ؟ — دېدى ئارېنو كۈلۈپ تۇرۇپ .

كاتىپ ئۇچىسىدىكى تەنھەرىكەت كىيىمى ، پۇتىدىكى ئۆ-تۈكى بىلەن قىزىقچىلارغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئارېنومۇ كاتىپدەك كىيىنىۋالغانىدى ، ئۇ كاتىپ بىلەن دەرۋازا ئالدىغا كەلدى .

— قاراڭ ! بىرى قارلارنى تازىلىۋېتىپتۇ ! — دېدى كات-يپ ، ئۇنىڭ مەڭزى سوغۇقتىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئارېنونى باشلاپ بۇ غايەت زور ئىمارەتنى ئايلاندى . يەرگە ياتقۇ-زۇلغان تاشلار ئاپتاپتا پارقىرايتتى .

— نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە ! — ئەتراپتىكى گۈزەل مەن-

زىرە كاتىپىنى ئىختىيارسىز ھالدا مەھلىيا قىلىۋالدى.

كاتىپ ئارىنونىڭ تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى: ئېگىز - پەس سوزۇلغان تۆپىلىكتە تۇرۇپ - تۇرۇپ چاقنىغان مۇز دانچىلىرى، يۇز يىللىق كاداڭ قارىغاي شاخلىرىنىڭ ئاپئاق قارلارغا پۈركىنىپ قەددىنى ئېگىپ تۇرۇشلىرى، ھايۋانلارنىڭ كۈمۈش لىباس كىيگەن كەڭ زېمىنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرى. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئاجايىپ بىر جىمجىتلىق...

چىغىر يولنىڭ بەزى يەرلىرىنى قار تۇسۇۋالغانىدى، كاتىپ تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئارىنونى باشلاپ چوڭ يولغا قارايدىغان تۆمۈر دەرۋازىغا كەلدى، كەلدىيۇ شۇ زامان قەدىمىنى توختاتتى. چوڭ يول ئېچىلىپتىكەنغۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

كاتىپ تۇيۇقسىز قەدىمىنى توختاتقاچقا، ئارىنو ئۇنىڭغا بوشراق سوقۇلۇپ كەتتى. كاتىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراي، دەپ تۇرۇۋىدى، ئەمما ئارىنو كاتىپنىڭ يېپىلىپ تۇرغان چاچلىرىغا تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى ۋە ئېگەكلىرىنى سۈركەشكە باشلىدى.

— ئەجەب ئوبدان پۇراپ كېتىپسىز، — ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى مۇلايىم ئىدى. كاتىپ ئېسىنى يىغىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا ئارىنو كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى ئاستا ئالدىغا تارتتى. ئارىنونىڭ ھارارىتى ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئۇرۇلدى. كاتىپ ئۇنىڭغا لەۋلىرىنى سوزدى، ئارىنو ئۇنى سۆيدى، كاتىپ بۇ دەقىقىلەرنىڭ ئۇزۇنراق داۋاملىشىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ھاياجانلاندى.

— ئارىنو، سىز... كۆرەلەيسىز، شۇنداقمۇ؟

كاتىپ بۇ گەپ بىلەن تەڭلا بۇ گۈزەل مىنۇتلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى . تۇيۇقسىز ئارىنو تېرىكىپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى .

— شۇنداق ، سىز دورىڭىزنى تېمىتىۋىلىڭ دېمەكچى شۇنداقمۇ ، يۈرۈك ، قايتايلى .

ئارىنو كاتىپنىڭ بىلىكىنى تۇتقان ھالدا ئۆيگە قايتتى . شېرىن دەقىقىلەر ئۆتۈپ كەتتى . . . بەلكىم كاتىپ ئۇنداق مىنۇتلاردا زوۋان سۈرمەسلىكى كېرەكتۇ . ئۇلار ئۇن - تىنسىز بىردەم ماڭغاندىن كېيىن بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قالغان يول ئاسان . . . — دېدى كاتىپ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ .

— مېنىڭچە ۋات خانىم بىزگە نېمە قوروۋپ بېرىشنى بىلمەيدىغۇ دەيمەن ، — دېدى ئارىنو شوخ ئاۋازدا . ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقى بېسىلغانىدى .

— قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ ؟

— ئاچمامدىغان ، ئۆچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى .

ئارىنونىڭ خۇشخۇي چىرايىنى كۆرگەن كاتىپ خۇشلۇقنى باسالمىدى ، ئارىنوغا ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدى . . .

— ئەمىسە غوجىدارىڭىزغا كەچلىك تاماقنى بالدۇرراق تەييارلاڭ دەپ جېكىلەپ قويۇڭ .

— سىزدىن سوراپ باقاي ، پىترى خېنىم ، بۈگۈن ئاخشام مەن بىلەن بىرگە تاماق يېگۈڭىز بارمۇ ؟ — ئارىنو كاتىپقا ئەتەي چاقچاق قىلدى .

— ئەپەندى ، بۇنى چەكسىز شەرەپ دەپ بىلىمەن .

— ئەمىسە بىردەم تۇرۇپ كۆرۈشەيلى ، سائەت

يەتتە يېرىمدا .

كاتىپ خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى ، ئۇ ئىككى تاقلاپ ئۈستىگە چىقتى ، ئۇنىڭ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنى ئېيتقانىدى .

كاتىپ ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن سائەتكە قارىدى ، تاماق ۋاقتىغا يەنە بىرئاز ۋاقىت بار ئىدى . ئۇ ئەزەلدىن ھازىرقىدەك ئالدىراپ باقمىغان ! ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كىتاب جاۋىنىدىن بىر كىتاب ئېلىپ ئوقۇدى .

ۋاقىت توشاي دەپ قالدى ، كاتىپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىنىڭ ئاساسى يوقلۇقىنى ، قونۇپ قېلىشىنىڭ تېخىمۇ شۇنداقلىقىنى ئويلىدى . ئارىنو ئاپايا ئۇنى گېپىنى قىلغىلى قويمىدى ، ئۇ ئەسلى ئارىنوغا چوڭ يول ئېچىلىپتۇ ، قايتىپ كېتەي دېمەكچىدى .

ئەمما ، كاتىپ ياسالمىلىقنى ياقتۇرمايتتى . ئۇ ئارىنونىڭ كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى سېزىۋالدى ، خۇش چىرايىنى كۆرۈش ، قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى . ئۇ ئارىنودىن ئايرىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . ياق ، ئۇ ئارىنو بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىدىغان بىرنەچچە سائەتلىك بەختتىن ۋاز كەچمەيدۇ . . .

تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى ، ھاياجاندىن تىترەشكە چۈشكەن كاتىپ بىنادىن چىقىپ تاماقخانىغا قاراپ ماڭدى . ئارىنو ئۇنى خۇشخۇي كۈتۈۋالدى ، كاتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئولتۇردى . كاتىپ شادلىق ئىلكىدە ، يېڭىلىشمەپتىمەن ، ئارىنو چۈشتىن كېيىنكىگە ئوخشاشلا قىزغىن ، مېھرىبان ئىكەن ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

ۋات خانىم بىرىنچى قېتىملىق قورۇمىنى ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى ، ئىككىيلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭغا چۈشتى .

ئارىنو ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقىنى ۋە جەزبىدارلىقىنى نامايان قىلدى. كاتىي ئارىنونىڭ گەپلىرى كىشىنى مەستخۇش قىلىپ، ئادەمنىڭ ئىغىزىدىكى قورۇمىنىڭ قانداق قورۇما ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكۈسىز قىلىۋېتىدىكەن، دەپ ئويلىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق قورۇما كەلگەندە ئارىنو كاتىينىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى يېقىنچىلىق بىلەن سورىدى. كاتىي ئاپىسى بىلەن ئۆگەي ئاتىسىنىڭ ستراخوردا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاتا ـ ئانىڭىز ئاجرىشىپ كەتكەنمۇ؟

— ئاتام كىچىك چېغىمدا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ئەمما، ئۆگەي ئاتام ۋىليام بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىمىز.

كاتىي يالغۇز قىز بولۇشىنىڭ تەسلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋىدى، ئاڭغىچە ئارىنو:

— تېخى توي قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئەلۋەتتە تېخى توي قىلمىدىم! بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

ئارىنو كاتىينىڭ ماتېرىيالىنى كۆرگەنىدى، ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ ئەمەس، بىلىدۇ، ئەمىسە، ئۇ كاتىينى يالغان سۆزلىدىمىكىن ياكى يېزىشنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلدىمۇ؟

— مۇشۇ چىرايىڭىز قانچىلىگەن يىگىتلەرنى مەھلىيا قىلغان بولغىيتتى ـ هە؟ — دېدى ئارىنو كاتىينى ئۇچۇرۇپ، — شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن يىگىتلەر سىزگە توي قىلىش تەلىپىنى قويغان، سىز بەك تاللاپ كەتكەن، بولمىسا، سىز بۇ چاغقىچە ئاللىبۇرۇن...

كاتىي خىجىل بولۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— سىزچۇ، ئارىنو؟

— مەن...

ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشخۇيلۇق غايىب بولدى .

— مەن ئىشەنچىسى كەم بولغاچقا ، مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان نۇرغۇن ئەر - خوتۇنلارنى كۆرگەن ، — دېدى ئارېنو .

بۇ گەپ كاتىيېنى قىزىقتۇردى . ئۇ ئەسلى ئارېنو بىلەن را-نانىڭ مۇناسىۋىتىنى سورىماقچىدى . ئەمما بۇ ئارېنونىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارېنو كاتىيې بىلەن تۇرمۇش ئەھۋالى توغرۇلۇق پاراڭلاشمايتتى .

شۇ ئارىدا ۋات خانىم يەنە قورۇما ئەكىرىپ ، ئۇلارنىڭ پا-رىڭىنى ئۈزۈپ قويدى . كاتىيې تاماققا ئېغىز تەگدى . ئۇلار يەنە گاۋىتلېر شىركىتىنىڭ زېمىن مەسىلىسى توغرىسىدا پاراڭلاشتى . ئارېنو قابىلىيەتلىك ، سەمىمىي مەسلىھەتچىلىرىنى ، بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كلوۋىرنى ھەدەپ ماختىغىلى تۇردى . كاتىيې ئارېنونىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىمەي ، ئۇنىڭ بەزى ئاشكارىلانمىغان ئىشلىرىنى تىلغا ئالدى ۋە يەنە :

— كەچۈرۈڭ ، ئۇ يېقىنقىنىڭىياقى مېنى تازا تىللىغاندۇ-ھە؟ — دەپ سورىدى .

كاتىيې گېپىنى دەپ بولۇپلا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا ئۆ-كۈندى . ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئارېنونىڭ ياردەمچىسى توغرۇلۇق ئۇ-نىڭ بىلەن شۇنچە قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىدۇ . ئارېنونىڭ كات-يېغا قارىغاندا ياردەمچىسىگە بەك ئىشىنىدىغانلىقىغا گەپ كەت-مەيتتى . ئۇ يەنە بىر قېتىم كەتكۈزۈپ قويدى .

— تىللىمىدى ، راست تىللىمىدى ، — دېدى ئارېنو كۈ-لۈپ تۇرۇپ . كاتىيې ئەمدى خاتىرجەم بولدى .

— سىز نېمىشقا مەن بىلەن كلوۋىرنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلاشمايسىز ؟

— كلوۋىرنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىغا ھەممە ئادەم ئاپىرىن

ئوقۇيدۇ ، پەقەت شۇ مىجەزىنىڭ غەيرىي يېرىلا بار ، شۇڭا ئىرناق ئاستىدىن كىر كولاشنى خالىمايمەن .

ئارېنو ناھايىتى قىزغىن ھالدا كاتىيېنى ماختىدى :

— سىز ھەقىقەتەن يامانكەنسىز . كىلوۋىرنى موللام مۇنداق شۇكتەك قىلىۋەتتىڭىز ، ئۇ ئەمدى ئىككىنچىلەپ سىزگە يېقىن يولىيالمايدۇ !

كاتىيېنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى . ئۇ ئارېنوغا بىرنەچچە ئېغىز رەھمەت ئېيتماقچى بولدىيۇ ، يەنە قەلبىدىكى ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ، خىجىللىق ئىچىدە سائەتكە قاراپ قويدى .

— كەچ بولۇپ كېتىپتۇ ، كۆزىڭىزگە دورا تېمىتىۋېلىڭ ، — دېدى كاتىيې .

ئۇلار خوشلاشتى ، كاتىيې ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتى ، ئۇ بەختلىك ئەسلىمىلەر ئىچىگە چۆكتى ، بىر ئىزىدا تۇرالماي قالدى . ئۇنىڭ يەنە پەسكە چۈشۈپ ئارېنو بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ تۇراتتى . ياق ، ئەڭ ئاقىلانە چارە ئۇخلاش .

كاتىيې يېنىك ئۇھسىنىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدى . تۇيۇقسىز سىرتتا بىرىنىڭ پالاقىدە يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئارېنومىدۇ ؟! كاتىيې چۆچۈگەن پېتى كارىدورغا چىقىپ ياندىكى ئۆيگە قارىدى .

ئارېنو زوڭزىيىۋېلىپ چىراغ ۋە كىتابلارنى ئالماقتا ئىدى .

— تازىمۇ پالاكەتكەنمەنغۇ .

ئۇنىڭ ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ كاتىيېنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكى جايىغا چۈشتى . ئۇ راستىنلا بەك قورقۇپ كەتكەنىدى .

— تۇرۇپ تۇرۇڭ ، مەن ئېلىشىپ بېرەي .

كاتيې ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كىتاب ئىشكابىغا قويۇپ قويدى. ۋاقىت مىنۇتلاپ ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇلار ئۆزئارا قارىشىپ جىمجىتلىقتا تۇرۇپ قالدى. كاتيې ئوڭايسىزلانغىنىچە چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك قىلىپ كەينىگە ئۆرۈلدى.

ئارېنو ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى تېگىشتى، قوللار ئارقىلىق بەدەنلەرگە هارارەت ئۆتۈشتى.

— كاتيې، — دېدى ئارېنو بوغۇق، ئەمما يېقىملىق ئاۋازدا.

— ئارېنو، — دېدى كاتيېمۇ تىترەپ تۇرۇپ.

ئارېنو كاتيېنى باغرىغا باستى، كاتيېمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى، ئىككىيلەن هاياجاندىن دەم ئالالمايلا قالدى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئارېنو لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ياقتى، كاتيې ئۇچۇپ تۇرغان ئوتلۇق هېسسىياتىنى تەستە بېسىۋالدى. ئۇلار شۇنداق مەهكەم قۇچاقلاشقانىدى. ئارېنونىڭ بويۇنلىرى شۇ قەدەر ئىسسىق، سىلىق ئىدى...

ئۇلار گويا بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتتى. كاتيې ئاران ـ ئاران نەپەس ئالاتتى. ۋۇجۇدى ئاجايىپ ئاتلىق هېسلار ئىسكىندە ئەللەيلەنمەكتە ئىدى. تاشقى دۇنيا مەۋجۇت ئەمەستەك، ۋاقىت بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك ئىدى.

ئارېنو كاتيېنىڭ بەللىرىنى سىلىدى. كاتيېنىڭ تەنلىرىنى بىر خىل شېرىن تىترەك سىيپاپ ئۆتتى. كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلدى، ئىختىيارسىز هالدا ئارېنو بىلەن كارىۋاتقا باردى. كارىۋات بېشىدىكى چىراغ كارىۋاتنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئارېنو مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ كوپتىسىنى سالدۇردى، ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن سۆيدى. كاتيې يوپكىسىنىڭ زىلۋا،

ئەۋرىشىم، نازۇك پۇتلىرىنى بويلاپ سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئارېنونىڭ مەزمۇت قوللىرى ئۇنىڭ ماموقتەك ئىرلىرىگە تەگكەندە كاتيې تىترەپ كەتتى. ئارېنو ئۇنىڭ لىپتىكىنىڭ ئىز-مىسىنى يەشكەندە ئۇ ھېسسىياتىنى زادىلا باسالماي قالدى.

— ئارېنو، ئارېنو... — ئۇ ئىختىيارسىز شىۋىرلايتتى، ئۇنى پەقەت كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر سېزىم چۇلغىۋالغانىدى.

— سۆيۈملۈكۈم كاتيې...

كاتيې ئىختىيارسىز ھالدا ئارېنونىڭ يېنىغا سوزۇلۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇردى، ئارېنونىڭ يوگىلۈق مەيدىسى يالىڭاچلاندى.

— مېنى سۆيۈڭ، — دېدى كاتيې ھاياجانلانغان ھالدا ئىنگراپ.

ئارېنو يەنە لەۋلىرىنى كاتيېنىڭ لەۋلىرىگە ياقتى. ئارېنو ئۇنىڭ ماموقتەك يۇمشاق، تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم – زىلۋا بەدىنىنى توختىماي سىلايتتى.

— سىز نېمىدېگەن گۈزەل، كاتيې...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاتيې داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— سىز... مېنى كۆرەلىدىڭىزمۇ، ئارېنو؟

— ئەلۋەتتە.

كاتيې مەستخۇشلۇقتىن ئويغاندى. قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، كۆكسىنى ئاستا ياپتى، كىيىملىرىنى قولىغا ئالدى.

— مەن... مەن سىزنى تېخى... — دېدى ئۇ ئىنزا تارتقان ھالدا كەچۈرۈم سوراپ. ئۇ ئەندىككەن ھالدا كارىۋات گىرۋىكىدە ئولتۇردى.

ئارېنونىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى.

— كۆزۈم بىرنەچچە سائەت بۇرۇنلا ياخشى بولۇپ بولغان . . . — ئارىنونىڭ تۇيۇقسىز زەردىسى ئۆرلىدى ، — مەن ئەمدى چۈشەندىم ! سىز ماڭا ھېسداشلىق قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىپتىكەنسىز ـ دە !

— خاتالاشتىڭىز ! — دېدى كاتىيې ئارىنونىڭ مۇئامىلىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەنلىكىگە ھەيران بولۇپ .

— يالغان سۆزلىمەڭ .

ئارىنو تەلەتىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . كاتىيېنىڭ قورققىنىدىن يۈرىكى چىقىپ كېتەي دەپ قالدى . ئارىنو غەزەپتىن ئېلىشىپ قالغاندەك كاتىيېنىڭ لىپتىكى بىلەن يوپكىسىنى تارتىپ ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى .

— كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئارىنو ئىشكنى زەرب بىلەن ئېچىپ .

كاتىيې ھودۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى ، ئىشىك يېنىغا باردى ، غال ـ غال تىترەيتتى .

— مەن سىزگە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ قوياي ، مەن بىرەر ئايالنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا ، مېھرى ـ شەپقىتىگە موھتاج ئەمەس !

دىلى قاتتىق ئازار يېگەن كاتىيې ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدىيۇ ، ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى .

— بىلىشىڭىز كېرەك ، مەن سىزنىڭ باشقا نەرسىڭىزگە ئەمەس ، پەقەت كاتىپلىق ئىقتىدارىڭىزغىلا موھتاجمەن ! — دېدى ئارىنو غەزەپتىن ھۆركىرەپ .

كاتىيې غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلىرىنى يۇتۇۋەتتى . ئۇ چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن ئارىنونىڭ ئىشكى گۈپپىدە يېپىلدى . بولغان ئىشلارغا ھەيرانۇھەس

قالغان كاتيېي كەينىدىن ئالۋاستى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك بۇكۇرگەن هالدا هۇجرىسىغا يېنىپ چىقتى .

## 6

تۇن بويى كىرىپىك قاقمىغاچقا ، كاتيېينىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى ، ئۇ تاڭ سەھەردىلا ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى ، ئارېنو ئۇنى شۇنچە ئازابلىغان تۇرسا ، ئۇنىڭ كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن ؟. ئۇ يېرىم يالىڭاچ هالدا كىشىلەرنىڭ ئىدىشىك ئالدىلىرىدا يۈرسە تېخى ! ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق خورلۇققا ئۇچرىغان ئەمەس . ئۇ ئارېنوغا قاتتىق نەپرەتلەندى ، ئۇ كاتيېينى كۆزىگە ئىلمىدى ، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلدى . كاتيېي هېلىهەم تىترىمەكتە . . .

ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئارېنوغا : « گېپىڭىز خاتا ، مەن سىزگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنداق قىلمىغان » دەپ ۋارقىرىماقچى بولغان ، لېكىن بۇ ئۇنۇم بېرەتتىمۇ ؟! كېيىن ئۇ ئۆزۈمنى ئاقلايمەن ، دەپ خام خىيال قىلىۋىدى ، ئارېنو خىيالىغا كەلگەننى قىلدى . ئۇ كاتيېينىڭ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى مەڭگۈ بىلمىگۈدەك ، هەرگىز . . . هەرگىز . . .

يوللار چۆلدەرەپ قالغانىدى ، كاتيېي لوندوندىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلدى . ئۇ ئىززەت - هۆرمىتىمنى ساقلايمەن دېسە ، ئەڭ ياخشىسى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەك ئىدى . ئۇ كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە يۇيۇنۇپ ، ئۇزۇن يەڭ كۆڭلەك كىيدى - دە ، كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەستىن ئۇدۇل ئىشخانىسىغا باردى .

كاتيېي ئىشقا كەلگىنىگە نۇرغۇن سەۋەب كۆرسىتەلەيتتى ، ئۇ ئالدى بىلەن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئىشخانىدا بولمىغاچقا

ھۆججەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، دىگەن باھانىنى كۆر-
سەتسىمۇ بولىۋېرەتتى. كۆزى تېخى سەللىمازا ساقايمىغان ئارېنو
ئىشقا كەلمەيتتى. بۇ يىېرى تېخىمۇ ياخشى ئىدى. ئىشقىلىپ
ئۇ ئارېنونى كۆرۈشكە ئانچە قىزىقمايتتى.

كاتىپىنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى: ئارېنونىڭ ئىشخانىسىدا
بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بۈگۈن ئۇ ئىشقا يالغۇز كەلگەنىدى. ئۇ
قوللىرىنى ئۇۋۇىلاپ خەت ـ ئالاقىلەرنىڭ كونۋېرتىنى ئاچاي دەپ
تۇرۇۋىدى، تېلېفون جىرىڭلىدى.

ــ ۋەي؟ مەن گاۋىتلىر ئەپەندىنىڭ كاتىپى بولىمەن.

تېلېفون بەرگۈچى ئارېنو ئىدى.

ــ بۈگۈن مۇھىم خەت ـ ئالاقىلەر بارمۇ؟ ــ سورىدى
ئارېنو، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سوغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى.

كاتىپ ئۆزىنىڭ كاتىپ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئارېنونىڭ
قوپال گەپلىرىگە چىداشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئارېنونىڭ ئۆزىگە
قانچىلىك ئازاب سالغىنىنى دەپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. ئۇلار تې-
لېفوندا سۆزلەشكەن بولغاچقا، ئارېنو ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى
كۆرەلمەيتتى.

كاتىپ ناھايىتى تەمكىن ھالدا خەت ـ ئالاقىلەرنىڭ مەزمۇ-
نىنى يىغىنچاقلاپلا دەپ بەردى. ئارېنو:

ــ مۇشۇلىما؟ ــ دەپ سوراپلا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى «
تاراققىدە» قويۇپ قويدى.

بۇ يېرىم كۈن تولىمۇ تەستە ئۆتتى. كاتىپ چۈشتە
شىركەت يېنىدىكى قەھۋەخانىدا زورلاپ دىگۈدەك ئۈچ ساندۋىچ
يەپ، دىمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا ئىشخانىسىغا قايتتى. ئۇ ئى-
شىكتىن كىرىشىگىلا ئاۋېتقا ئېلىپ بارغان خەت ئۈرۈش ماشىنىسى
بىلەن ماتېرىياللارغا كۆزى چۈشتى. ئارېنو يىېنىپ كەپتۇ ـ دە،

دەپ ئويلىدى ھەيران بولۇپ.

جىددىيلەشكەنلىكتىن كاتىيىنىڭ ئالىقانلىرى تەرلەپ كەتكەندى. ئۇ خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ دىققىتىنى يىغالمىدى. ئۇ ئارىنونىڭ خالىغان چاغدا كىرىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇنچىكى شەپە بولسىلا جان - پىنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كەتتى. ئەمما، ئارىنو كىرمىدى، ئۇنىڭ ئەندىشىسىمۇ بېسىقىپ قالدى.

ئۇنىداقتا خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنى كىم ئېلىپ كەلدىكىنە؟ بۇ كاتىيىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. ئۇ تاپشۇرۇۋالغۇچى خادىمدىن سورىۋىدى، ئۇ خوجايىنىنىڭ خىزمەتچىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

كاتىيىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى، ئىرىنچەكلىك بىلەن ئۇستىگە چىقتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئەركىنلىككە چىققاندەك سېزىۋاتاتتى، بىرنەچچە سائەتتىن بىرى يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان خىزمەتنى قىلىپ تۈگىتىپ بولدى.

تۇۋا، كاتىي يەنە ئۆزىچە ئارىنودىن غەم قىلغىلى تۇردى. ئۇ نېمىشقا ئىشقا كەلمەيدۇ؟ نېمە ئىش بولغاندۇ؟

كاتىيىنىڭ ئاپىسىدىن شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن تېلېفون كېلىپ ئۇنىڭ غەمكىن خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

— قوزام، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىدەپ تېلېفون بەرمەيسەن؟ سەندىن بەكمۇ غەم قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ؟

— مەندىن غەم قىلماڭ، ئاپا، مەن ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن.

كاتىي بىرەرنىگە دەردىنى تۆكۈپ، ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋېلىشنى تولا ئويلايتتى. ئەپسۇس، ئاپىسىغا دەرد - ئەلىمىنى ئاشكارىلاش مۇمكىنمۇ؟

— گېپىڭ راستمۇ، غەمكىندەك بىلىنىسەنغۇ ئەمسە...

— ئاپا ، سىز دائىم ئورۇنسىز غەم قىلىدىكەنسىز !
كاتىيې ئاپىسىنىڭ گۇمانىنى يوقىتىش ئۈچۈن چاقچاق قىلىشقا مەجبۇر بولدى . شەنبە كۈنى ئۆيىدىن سىرتقا چىقماستىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇردى . ناۋادا دۈشەنبە ئارېنو شىركەتكە ئىشقا كەلمىسە ، قانداق قىلغۇلۇق ؟
ئارېنو دۈشەنبە ئىشقا كەلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى ، كاتىيې ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى ، ئارېنو ئۇنىڭغا سوغۇق ھالدا قاراپ قويدى . كاتىيې ئۇنىڭدىن ھال — ئەھۋال سورىدى ، ئارېنو ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بەردى .
شۇ ھەپتىدە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى سوغۇق بولدى ، ئۇ كاتىيېنى قوينىغا تارتىپ ئەكىرگەن ھېلىقى ئارېنو ئەمەس ئىدى . ھەتتا كاتىيې ئارېنونىڭ ھېلىقى كۈنى شۇنداق بىر ئىشلارنى قىلغانلىقىغا گۇمانلىنىپمۇ قالدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى . ئارېنونىڭ كۆزلىرىدە سوغۇق بىر ئۇچقۇن قېتىپ قالغانىدى .
كاتىيې كۆزىگىز قانداقراق دەپ سوراشقا پېتىنالمىدى . چۈنكى ، ئارېنو باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىدىن بىزار ئەمەسمۇ ؟ كاتىيېنىڭ ھېسداشلىقى ئارېنونىڭ ئۆزىگە بولغان سوغۇق مۇئامىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىدىمۇ ؟
بۇ خىل سوغۇق مۇناسىۋەت جۈمە كۈنىگىچە داۋام قىلدى . يەنە مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ، قانداق قىلغۇلۇق ؟
شۇ ئەسنادا ئارېنونىڭ بۇيرۇقى كاتىيېنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ تاشلىدى :
— ماڭا باستىنىڭ ماتېرىيالىنى ئەكىرىپ بېرىڭ !
دەل شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلىدى .
— ئاۋۋال تېلېفوننى ئېلىڭ !

www.uyghurkitap.com

تېلېفون كاتىيېنىڭ ئۆگەي ئاتىسى ۋىلىيامدىن كەلگەنىدى . ئادەتتە تېلېفوننى ئاپىسى بېرەتتى ، بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ .

— ۋىلىيام ، نېمە ئىش بولدى ؟ — سورىدى قورقىنىدىن يۈرىكى سۇ بولغان كاتىيې .

— ھېچ ئىش بولمىدى ، ھېچ گەپ يوق ، ئاپىڭىز چېچىنى بۇدۇر قىلدۇرغىلى كەتتى .

كاتىيې ئۇھ دېۋەتتى .

— بىلەمسىز ، ئۇ سىزدىن بەكلا ئەنسىرەيدۇ . . .

— ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق . . .

— ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسىڭىز خاتىرجەم بولاتتى ، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى چولىڭىز تېگەمدۇ ؟

ئۇ ئۆيگە ئالدىنقى قېتىم قايسى چاغدا بېرىنۋىدىكىنە ؟ ئۇ-نىڭ تېزلا ئېسىگە كەلدى . توغرا ، مىلاد بايرىمىدا بارغان ! كاتىيې ئۆزىنىڭ ئىشقا سەل قارىغانلىقىغا خىجىل بولۇپ ، شۇ ھامانلا :

— بولىدۇ ، ھەرقانچە ئالدىراش بولساممۇ بېرىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ كېلەي ، — دېدى .

ئارېنو توساتتىن ئۇنىڭ ئېشخانىسىغا كىردى . كاتىيې دەرھال گېپىنى توختىتىۋالدى . ئارېنو كاتىيېنىڭ قولىدىن ماتېرىـ ياللىنى تارتىۋېلىپ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا چىقىپ كەتتى . كاتىيې قاتتىق تەشۋىشلەندى ـ دە ، ئۆگەي ئاتىسى بىلەن خوشلاشتى :

— ئەتە كۆرۈشەيلى ، ۋىلىيام ، سىزنى سۆيىمەن .

شۇ كۈنى ئارېنو كاتىيېغا زادىلا ئاراملىق بەرمىدى . ئۇ ئا-رېنونىڭ قوپاللىقلىرىغا چىداپ كۈننى كەچ قىلدى . ئەمما ئۇ شەنبىنى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئىللىقلىق ئىچىدە بىللە ئۆتكۈزدى ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مېغىزىنى چاقتى . ئاپىسى روزا ئۇ ئەتە ئامراق شاكىلات سېلىنغان تورت تەييارلىدى . ئۇلار

خۇشاللىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى . ۋىليام بىردەم ـ بىردەم ئۇ-
چاقتا كۆتەكلەرنى سىلىسپ تۇراتتى . يەكشەنبە كۈنى قايتىدىن
چاغدا ئاپىسى ئۇنى قۇچاقلاپ ، كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ
قويدى .

كاتىيې خۇشال ھالدا ئىشخانىسىغا يېنىپ كېلىپ ، ئاربىنو-
نىڭ مۇز چىرايىنى كۆرۈشكە تەييار بولۇپ تۇردى . كاتىيې ئۇنىڭ
ئاشۇ مىجەزىگە قانداق چىدايدۇ ؟ ئاربىنونىڭ توك قاپاق ئىكەنلى-
كىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق ، يەنە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان-
لىقى قىزىق ـ دە ! بۇ ئېھتىمال ئاربىنونىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە
ئىگە ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك . . .

كاتىيې قولىدىكى سومكىسىنى تېخى قويماستىنلا ئاربىنو
بۇيرۇق سوقۇشقا باشلىدى .

بۇ ھەپتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ كۈنى ئۇنىڭ خىزمىتى ناھايىتى
بىسىق بولۇپ كەتتى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى
ئەسلەپ قالدى .

— ئىلگىرىكىدىن جۇدەپ قاپسەن ، سەن راستتىنلا خىز-
مىتىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسەن ؟ — دېگەنىدى ئاپىسى .

شۇ چاغدا ئۇ بۇ گەپكە دەررۇلا جاۋاب بېرىپ :

— ھۆددىسىدىن چىقالايمەن ، — دېگەنىدى . ئەمما ئۇ
چارشەنبە كۈنى كەچتە ماغدۇرسىز ھالدا دىۋانغا يانپاشلىغاندا
ئىشەنچسىنىڭ ئانچىۋالا تولۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى .
ئاربىنو ئۇنى ئىشلىتىپ كاردىن چىقىرىپ ئاندىن پۇخادىن چىق-
ماقچىمۇ نېمە ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئۇ ئۇزاققا قالمايلا
بۇ نىيىتىگە يېتىدۇ !

ئەتىسى كاتىيېنىڭ ئاربىنوغا سىزگە كېرىكى بىرلا كاتىپ
ئەمەس ، بەلكى ئالتە كاتىپ ئىكەن ، دەۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى .

ئەمما ، غورۇرى بۇنداق دېيىشكە يول قويمىدى . ئۇ ئالدىدىكى بىر دۆۋە ھۆججەتلەرگە قاراپ غوچۇلداپ تۇراتتى ، قىرسىقايدەك دەل شۇ چاغدا رانا پەيدا بولدى . كاتىپنىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى . « ئارىنو كەتكۈچە ئۇبدان مۇھەببەتلىشىۋالاي دەپتۇ - دە ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — چۈنكى ئۇ شەنبە كۈنى كاناداغا بارىدۇ . ئارىنو-نىڭ تەييارلىقى ئۇنىڭسىزمۇ پۈتتۈرىدىغان بولدى . چۈنكى ، راناسى كەلدى . » ئارىنو رانا ئىشخانامغا بىمالال كىرىپ - چىقىۋەرسۇن دېگەندىكىن ، كاتىپ ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن .

شۇنداقتىمۇ كاتىپنىڭ مۇئامىلىسى رانانىڭ سەپرايىنى ئۆر-لەتتى . رانا يۈز - كۆزىگە بولۇشىچە ئۇپا سۈرتىۋالغانىدى . ئۇ ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىلىپ كاتىپقا بۇرۇلدى - دە ، كۆك تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن مورە يوپۇقىنى ئاجايىپ سۈنئىي قىلىقلار بىلەن يېشىپ ، غەلىتە ئاھاڭدا :

— سىزگە نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى كاتىپتىن ، — ئەجەب بۈگۈن كۆرۈشۈشنى ئالدىن كېلىشىپ قويغانمۇ قانداق ، دەپ سورىمايسىزغۇ ؟

كاتىپ ئالدىدىكى كۆرۈۋاتقان ھۆججەتتىن بېشىنى كۆ-تۈرۈپمۇ قويماي ، قولىنى سەل چوكچىلىق بىلەن سىلكىپ :

— مەرھەمەت ، ئۆز ئۆيىڭىزگە ئوخشاشلا بىمالال كىرىۋېرىڭ ! — دېدى . رانانىڭ غەزەپتىن يۈزى پوكاندەك قى-زىرىپ كەتتى . ئۇ كاتىپنى كەمستكەن قىياپەتتە ئاغزىنى پۈ-رۈشتۈردى :

— ھۇ داپشاق ! كىمگە گەپ قىلىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن ؟

كاتىپمۇ گەپتىن يانمىدى :

— سەن مەندىن قايسى داپشاق بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىمنى سوراۋاتامسەن تېخى ؟

رانانىڭ ئاغزى ئېچىلدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان زەھەر گەپلەر كاتىيىنى تەمتىرىتىپ قويدى . ئۇ ئاشۇنداق پۇزۇر ياسىنىۋالغان ئايالنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق رەسۋا گەپلەر چىقار ، دەپ ئويلىمىغانىدى . كاتىيىنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيلا قالدى .

ئارېنو ئىشخانىسىدىن چىقتى . كاتىيې ئۇنىڭ كۆمۈردەك قارىدىغان چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭ غەزىپى كەلگەنلىكىنى سەزدى . رانا ئارېنونى كۆرۈپلا تېخىمۇ ئەدىدى :

— ئارېنو ، قاراڭ ، ماۋۇ جۇۋاينىمەك . . .

ئارېنو سەپرايى ئۆرلىگەن ھالدا رانانى بىلىكىدىن تۇتۇپ ، قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماستىن كارىدورغا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى - دە :

— يوقال ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئىشىكنى گۈپپىدە ياپتى ، كېيىن يەنە ئىشىكنى ئېچىپ ، — ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە يولۇققۇچى بولما ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ جۇۋاينىمەكنىڭ ھىيلىسى ! — دېدى رانا كېتىدىغان چاغدا ۋارقىراپ .

كاتىيې ئاماللىنىڭ بارىچە غەزىپىنى بىلىندۈرمىدى ، خىجىللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ، تۆمۈر ئىشكاپتىن ماتېرىيال ئىزدەشتۈرگەن بولۇۋالدى .

— سەت ئىش بولدى ، — دېدى ئارېنو كاتىيېدىن ئەپۇ سورىغاندەك قىلىپ .

كاتىيې بىرئار ئازابلاندى . ئۇ ئارېنوغا گۇناھ مەندە ، مەندىن ئۆتتى ، دېگىلى تاس قالدى . ئارېنو گاڭگىرىغان ھالدا كاتىيېنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا سىنچى نەزىرى بىلەن قارىدى . ئارېنو ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدىمۇ ، قانداق ؟ كاتىيېنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى . بۇ ھال ئارېنونىڭ گۇمانىنى قوزغىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ ئۇنداق ئەمەس، سىزدە گۇناھ يوق. ... ــ دېدى ئارېنو پىچىرلاپ، چىرايىدىن ئىشەنمىگەندەك بىر ھال ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

خىجىل بولۇپ كەتكەن كاتىيې ماتېرىيال ئىزدىگەندەك قىياپەتتە بىر تارتمىنى ئاچتى. ئارېنو تارتمىنى تېزلا يېپىۋەتتى. ئارېنو پەرەز بىلەنلا قانائەتلىنىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى، كاتىيېنىڭ كۆڭلىدىكى گېپىنى بىلمەكچى بولدى.

كاتىيې جايىدا جىممىدە تۇرۇپ قالدى. ئارېنو مۇلايىملىق بىلەن ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ بارمىقى بىلەن كاتىيېنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈردى. كاتىيېنىڭ يۈزىكى گۈپۈلدەپ سىيلىپ كەتتى. ئۇ ئارېنونىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئامالسىز ئىدى.

ــ كاتىيې، ئۆتكەن يەكشەنبىنى نەدە ئۆتكۈزدىڭىز؟

كاتىيې ئۇنىڭ بۇنى سورىشىنى ئويلىمىغانىدى.

ــ ۋېرسىنگادا ــ دە، ــ دېدى كاتىيې.

ئارېنو كاتىيېدىن ئۇ جاينىڭ ئېنىق ئورنىنى دەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ــ ستراخورنىڭ يېنىدا.

ــ ئاتا ــ ئانىڭىز شۇ يەردە، شۇنداقمۇ؟

كاتىيې بېشىنى لىڭشىتتى. توۋا، ئارېنو بۇنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ئۇ نېمىشقا بۇلارنى سوراپ يۈرىدۇ؟ بايامقى ئىشلار بىلەن بۇنىڭ نېمە ئالاقىسى؟

ــ ۋىلىيام دېگەن كىم؟ ــ سورىدى ئارېنو يەنە.

توۋا، ئارېنونىڭ خاتىرىسى بەزىدە ياخشى، بەزىدە ناچار بولۇپ قالىدۇ ــ ھە. يەرنىڭ نامى ئېسىدىكەنۇ، ئادەمنىڭ ئىسمى ئېسىدە ئەمەسكەن.

— ئۇ مېنىڭ ئۆگەي ئاتام.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئارىنونىڭ چىرايى ئېچىلدى.
— كاتيې، كاتيې، — دېدى ئۇ ئىللىق ئاۋازدا، — مېنى كەچۈرۈڭ. مەن ئالدىڭىزدا بەك خىجىل. سىزنى يالىڭاچ ھالەتتە كۆرگەندىن بۇيان مېنىڭ قانداق ھالەتتە يۈرگىنىمنى بىلەمسىز.
كاتيې ئوڭايسىزلانغىنىدىن دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىر نەرسە ئىزدىگەن بولۇۋالدى.
— ئالبىلىنىڭ ماتېرىيالىنى ئاخىر تاپتىم! — دېدى كاتيې ھاپىلا ـ شاپىلا يالغان ئېيتىپ.
ئارىنو كاتيېنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. كاتيېنىڭمۇ ئۇنىڭغا چاپلاشقۇسى كەلدى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ھېسسىياتىنى ئاشكارىلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇ قاتتىق تىركىشىپ يۈرۈپ ئارىنونىڭ قۇچىقىدىن بوشاندى ـ دە، بۇرۇلۇپ نېرى كېتىۋېلىپ:
— مېنى مېھىر ـ شەپقەت قىلدى، دەپ مۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.
ئارىنو خاپا بولۇپ دەرھال جاۋاب قايتۇردى:
— قايسى مېھىر ـ شەپقەتلىرىڭىزنى دەپ كېتىۋاتىسىز؟! — ئارىنو يەنە زەھەردەكلا تەگدى.
توۋا، ئارىنو نېمىشقا مۇشۇنداق شېرىن پەيتلەردە دائىملا توكلۇق قىلىدىغاندۇ؟
— ئۇ دېگەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، — دېدى كاتيې.
ئارىنو ئىشىكنى گۈپ قىلىپ ياپتى.
كاتيېنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى، ئەستاغپۇرۇللا، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بۇنىڭ... كاتيې ئۆزىنى باسالمايلا قالدى. چۈشتە

باھانە تاپتى ـ دە ، پەلتوسىنى ئېلىپ تاماققا چىقىپ كەتتى .

شۇ كۈنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك بېسىلمىدى . چۈشتىن كېيىن ئۇ ئارېنوغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . كاتىيې ئۇ كانادادا چاپسانراق كەتسە ، بۇ تۆت ھەپتىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئىشلىرىمنى قىلسام ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىنى ئېسىمدىن كۆتۈرۈۋەتسەم ، دەپ ئويلىدى . ئۇ ئارېنونى ئېسىدىن چىقىرىۋەتمىسە ، ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايتتى . ئەتىسى كاتىيې يېڭى پىلانىنى شۇ كۈنلا باشلاش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ ئارېنونىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا يول قويمايدۇ ، شۇنداق قىلمىغۇچە ، ئارېنو ئۇنى ھەممىلا يەردە سۆيگىنى باركەن ، دېگەن قارىشىدىن يانمايدۇ .

كاتىيې ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئارېنودىن ئەھۋال سوراپمۇ قويمىدى . ئۇ ھازىر ئارېنونىڭ ھال سورىشىغا ئەمەس ، خاتىرجەملىككە موھتاج ئىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئارېنودىن ھال سورىشى ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى . بۈگۈندىن كېيىن نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ پەقەت كاتىيېنىڭلا رولىنى ئويىنىشى كېرەك ، ئۇنىڭ بۇ قارارىنى ھەرقانداق نەرسە ئۆزگەرتەلمەيدۇ .

چۈشكە يېقىن ئارېنو ئۇنىڭغا سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى . ئادەت بويىچە ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ كۈنتەرتىپى ئالللىبۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان . ئۇ نيۇ ـ يوركقا بارماقچى ، كاتىيې ئۇنىڭ نيۇ ـ يوركقا نېمىشقا بارىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى ، كانادادا بارغانلىقىنىغۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ يەردە شۆبە شىركىتى بار ، ئەمما نيۇ ـ يوركتا يوق ـ دە .

كاتىيې بۇنى بىلىشكە ئالدىرىدى .

—— ئامېرىكىدا خىزمىتىڭىزگە ھەمدەم بولىدىغان بىرەرى

بارمۇ ؟

— بارغۇڭىز بارمىدى ؟ ئۇنداقتا بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ !

— مېنىڭ بارغۇم يوق ! — دېدى كاتىي ئاچچىقلاپ .

— ئەمىسە ياخشى ، — دېدى ئارېنو ، ئاندىن يەنە بىر جۈملە قوشۇپ قويدى ، — سىز ئىشخانىدا بولمىسىڭىزلا ، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدىكەن . . .

كاتىينىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ، ئۇ قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ ، ئارېنوغا مىختەك قادالدى .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

ئارېنو ئەمدى گەپ قىلاي دېيىشىگە ، تېلېفون جىرىڭلىدى ، كاتىي چۆچۈپ كەتتى . ئارېنو تېلېفوننى ئۆزى ئالدى ، ئەستاغ- پۇرۇللا ، چاتاق چىقىدىغان بولدى . . .

— مەن گاۋىتلېر ! — ئارېنو ۋارقىرىدى .

كاتىي ئۇنىڭ قەھىرلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ تەمتىرەپلا كەتتى . ئۇ ھېلىھەم كاتىيغا خاپا بولۇۋاتاتتى . كاتىي چوقۇم گەپنى قىسقا قىلىشى كېرەك . كاتىي ئارېنونىڭ قولىدىن تېلې- فوننى ئالدى .

— ۋەي ، كاتىيمۇ ؟ مەن فانسون .

فانسون ! كاتىي فانسوننىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى تا- مامەن ئۇنتۇپ قالغانىدى .

— ياخشىمۇ سىز ، فانسون ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟

— چاتاق بولدى ، ئۇرى ئاجرىشىش دەۋاسى سۇنۇپتۇ .

بۇ گەپچە ئۇ كاتىينىڭ تەسەللىسىگە موھتاج بولۇپ ئۇنى ئىزدەپتىكەن ـ دە . . ئۇ بەختسىز ، ئەمما ۋاقتىنى خاتا تاللاپتۇ . ئارېنو تاقىتى تاق بولغان ھالدا ئۇستەلگە ئۇرۇپ قويدى .

— فانسون ، مەن بەك ئالدىراش . . .

— بىلىمەن ، — دېدى فانسون كاتىپنىڭ گې-
پىنى تارتىۋېلىپ ، — بۈگۈن بىرەر يەردە ئۇچرىشىپ بىرەر
رومكىدىن ئىچسەك ، قانداق ؟ مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن
گەپلىرىم بار ئىدى . . .

كاتىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ بار-
لىقىنى ، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ تەسەللىسىگە تولىمۇ موھتاج ئىكەنلى-
كىنى بىلەتتى .

— بولىدۇ ، سائەت ئالتىلەردە باراي .

كاتىپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى . ئۇ ئارېنو يەنە قاقشاپ كې-
تىدىغان بولدى ، دەپ ئويلىدى .

— بەللى ، ئەمدى ئىش ئايدىڭلاشتى ! . . . سىز يىگىت-
لەرنىلا ئەمەس ، يەنە تېخى ئايالى بار ئەرلەرنىمۇ ئېزىقتۇرۇپ يۈ-
رۈپسىز - دە !

كاتىپ سوغۇققان بولۇپ ، بۇ بوران - چاپقۇننى ئۆتكۈزۈ-
ۋېتىش نىيىتىگە كەلدى .

— فانسون ئايالى بىلەن ئاجراشماقچى بوپتۇ ! — دېدى
ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم هالدا .

ئارېنونىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىدە تېڭىرقاش ئالامەتلىرى
ئەكس ئەتتى . ئۇ توساتتىن :

— سىز ئۇنىڭغا تەگمەكچىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

كاتىپ غەزەپتىن كالپۇكلىرىنى چىڭگىدە چىشلىدى ، ئەمما
گەپ قىلمىدى .

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرىسىز ، شۇنداقمۇ ؟

كاتىپ « شۇنداق » دېۋاتىكىلى تاس قالدى . مەيلى ، ئۇ
نېمە ئويلىسا ئويلىسۇن . كاتىپ ئاغزىنى ئېچىپ توختاپ قالدى .
مۇھەببەت ناھايىتى مۇقەددەس نەرسە . ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلى-

غۇسى كەلمىدى، شۇڭا گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— سەپىرىڭىزنىڭ تەييارلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي.

ئارىنو ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماستىن تېخمۇ ئىنچىكىلەپ سورىغىلى تۇردى:

— ئايالى بولغاچقىلا، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپتىكەنسىز-دە! توۋا، مەن بۇنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغاندىمەن!

— مېنىڭ كونا خامىنىنى سورۇغۇم يوق، ئەپەندى. مەن سىزگە ئۇنىڭ شىركىتىدىن يېنىپ چىقىشىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن.

ئارىنو بېشىنى چايقاپ، ئۈستەلگە پاقىدە بىرنى ئۇردى ۋە:

— سىز مېنى شۇنچە كالۋا چاغلامسىز؟ مەن سىزنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقلىقىڭىزنى بالدۇرلا پەرەز قىلغانىدىم! ئۇ كەينىڭىزگە كىرىۋالغاندا، سىز ئۇنىڭدىن قاچتىڭىز، ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشتىن قورقتىڭىز، شۇڭا ئۇ يەردىن قېچىپ چىقتىڭىز!

ئارىنونىڭ گەپلىرى پۈتۈنلەي خاتا ئىدى. ئەمما بۇنىڭغا ئامال قانچە، ئۇ هازىر غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇۋالغان تۇرسا. ئارىنو كاتىپ خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىپ قويغاندەك نېمىشقا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. خۇسۇسىي ئىشلىرىغا ئارىنونىڭ ئارىلاشقانلىقىغا كاتىپنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىشنىڭ پايدىسى يوق-تە.

— بەلكىم دېگەنلىرىڭىز توغرىدۇ، — دېدى كاتىپ ئىلاجسىز هالدا پەس ئاۋاز بىلەن.

ئارىنو بۇ تالاش-تارتىشتا ئۇتقاندەك كۈلۈپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىرنەچچە مىنۇتلا داۋام قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ بىردەمدىلا خۇددى ھاقارەتلەنگەندەك لاسىسىدە بولۇپ قالغاندى . كاتىيې ھاك ـ تاڭ بولغان ھالدا ئۇ نېمە بولغانىدۇ ، دەپ قالدى .

ــ فانسون ئاجراشقاندا ئۇنىڭ شىركىتىگە بېرىپ ئىشلەمسىز ؟ ــ سورىدى ئارېنو كاتىيېنى كەمسىتىش ئاھاڭدا .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاتىيېنىڭ قانلىرى ئۇيۇشۇپ قالدى . بۇ ئادەم نېمانچىۋالا توڭ ! ئۇ كاتىيېنى ئۆزىگە ئوخشاش تاشتىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قالدىمىكىنە ؟ ئۇ كۆز چاناقلىرىدا مۆلدۈرلەپ تۇرغان ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ناھايىتى كەسكىن ھالدا ئۇنىڭ دەككىسىنى بەردى :

ــ نېمىشقا شۇنداق قىلمىغۇدەكمەن ؟ ھەرقانداق جاي بۇ يەردىن مىڭ ياخشى !

ئارېنونىڭ كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇرلار چاقنىدى . گېپىنىڭ بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى كاتىيېنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى .

ــ مېنى ئايىغىمغا يۈكۈنۈپ يالۋۇرىدۇ دەپ قالماڭ ! ــ ئارېنونىڭ چىرايى خۇددى تاشتەك قېتىپ قالدى ، ــ سىزنى تۇتۇۋالمايمەن ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى سىز بىلىسىز .

كاتىيېنىڭ بۇ ئەلەملەرگە ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇ سومكىسىنى ئالدى ـ دە ، يىغلىغان پېتى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

7

كاتىيې ئىستت ، ئاچچىقلانمىسام بولماسمىدى ، دەپ ئۆزىگە كايىيتتى . مانا چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى ، ئەمدى خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان بولدى . ئەمدى ئىككىلىسى ئۆز يولىغا ماڭ

دۇ . . . بۇنىڭغا پۇشايمان قىلماي نېمە قىلغۇلۇق ؟
كاتىيې ئۆيدە ئازاب ئىچىدە ئۇياققا ــ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى توختىماي ئويلايتتى . بۇنىڭغا فانسوننىڭ تېلېفونى سەۋەبچى . ئۇ قېرىشقاندەك نېمىشقا بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى تازا جىددىي پەيتتە تېلېفون بېرىدۇ ؟ ئەمما ئۇنى ئەيىبلەشمۇ پايدىسىز . ئارىنو بەرىبىر بىر باھانە تېپىپ كاتىيېدىن قۇتۇلۇپ كېتەتتى .

بىچارە فانسون . . . بەلكىم كاتىيېنى دەردىگە دەرمان بولىدۇ ، دەپ ئويلىغان بولغىيتتى . ئۆزىنىڭ دەردىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغان ئادەم باشقىلارنىڭ دەردىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلەمدۇ ؟!
كاتىيې ئويلاپ ــ ئويلاپ ئاخىر فانسونغا تېلېفون بېرىپ بۈگۈنچە ئۇچراشماسلىقنى ئېيتتى ، لېكىن كاتىيېنىڭ گەپلىرى كار قىلمىدى . فانسون تېلېفوندا يېرىم سائەتچە دەردىنى ئېيتىپ :

— ئۇرى بۇ قېتىم چوقۇم ئايرىلىپ كېتىشكە قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن كەلدى ، — دېدى .

— ئەگەر ئۇنداق بولمىسىچۇ ؟

— چوقۇم شۇنداق . . . بۇ قېتىم ئۇ كىيىم ــ كېچەكلىرىنى ، ئۆزىنىڭ دىتىدىكى ئائىلە بىساتلىرىنى ئالغىلى كەلدى .

— سىزگە تەس بوپتۇ ، — دېدى كاتىيې .

فانسون كاتىيېغا دەرد ــ ئەلەملىرىنى يىپىدىن ــ يىڭنىسىگىچە ئېيتقاندىن كېيىن :

— مەن سىزنى ئاۋارە قىلدىم ، — دېدى .

— ھېچقىسى يوق ، فانسون . ئەمما ، ئىشخانامغا تېلېفون بەرمىسىڭىز . مەن يېتىشەلمەيۋاتىمەن . تېلېفون بېرىشكە توغرا كەلسە ، ئۆيۈمگە بېرىڭ .

كاتىيېنىڭ ئاۋارىچىلىككە يولۇققانلىقىنى فانسونغا دېگۈسى

www.uyghurkitap.com

كەلمىدى . ئەگەر ئېيتىدىغان بولسا ، ئۇ كاتىپنى شىركىتىگە كىر-لىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلاتتى . لېكىن ئۇ ئارىنوغا ئوخشاش خىزمەتتە چاقماقتەك چاققان ئادەملەر بىلەن ئىشلىگەندىن كېيىن فانسون بىلەن بىرگە ئىشلىيەلمەيتتى . ياق، بولمايدۇ، ئۇ بۇنداق چېكىنىش يولىنى خىيال قىلسا بولمايدۇ .

ئەتىسى كاتىپقا ئاپسى تېلېفون بەردى . كاتىپ ئاپىسىغا دەردىنى ئېيتالمايتتى . ئۇ دەردىنى ئىچىدىلا بىلىشكە مەجبۇر ئى-دى . لېكىن مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ، ئۇ چىدىيالارمۇ ؟

دۈشەنبىمۇ كەلدى . ئۇ جەزمەن باشقا چىقىش يولى ئىز-دىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى ، ئۇ باشقا يول تېپىشقا مەجبۇر ئى-دى . ئۇ غەيرەتكە كەلدى . ئۇ شۇنچە چوڭ لوندوندا گاۋتىلېر شىركىتىنىڭلا بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى . شۇغىنىسى گاۋتىلېر شىر-كىتىدەك ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدىغان شىركەت تاپالمايۋاتاتتى . . .

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى ئۇنى چوڭقۇر خىيال-دىن ئويغاتتى .

— نېمە ، تېخى ئىش باشلىمىدىڭىزما ؟

كاتىپ بۇ ئاۋازنى ھەرقانداق ئاۋاز ئىچىدىن پەرقلەندۈرە-لەيتتى . ئۇ تىترەپ كەتتى ، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئورۇندۇققا يۆلىنىۋالدى .

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم ، — دېدى كاتىپ مىڭ تەستە ، — جۈمە كۈنى بىز . . .

— بولدىلا ، تەنتەكلىك قىلماڭ . مەن بىر كاتىپقا موھ-تاج ، يېڭى كاتىپ كېلىشتىن بۇرۇن سىزنى قويۇۋەتمەيمەن . تېزرەك كېلىڭ ، مېنىڭ بىر مىنۇتنىمۇ قولدىن بەرگۈم يوق . . .

« ئارىنو مېنى نېمە كۆرۈپ قالدى ؟ — دەپ ئويلىدى

كاتيپ غەزەپلەنگەن هالدا ، — ئۇ مېنى قورچاق دەپ بىلىپ قال-
دىمۇ نېمە ؟ » لېكىن ، كاتيپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا يېپەكتەك
يۇمشاپ كەتكەنىدى .
— بولىدۇ ، ئىشقا باراي ، — دېدى كاتيپ ئاچ-
چىقى بىلەن غوتۇلداپ .
— يارايسىز ! سىززە بەك جاھىل جۇمۇ . . .
— ماڭا بۇنداق ئاھاڭدا گەپ قىلماڭ . مېنى ئىشلەتمەيمەن
دەپ تۇرۇپ مۇنداق قىلسىڭىز بولماس .
— نېمە دېدىڭىز ؟ — ئارېنونىڭ مۇئامىلىسى بىردىنلا
يۇمشىدى . كېيىن توساتتىن جىممىدە بولۇپ قالدى . ئارىدا چى-
دىغۇسىز جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى . كاتيپنىڭ يۈرىكى سېلىپ
كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئارېنونىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى .
— نېمە قىلغىڭىز كەلسە شۇنى قىلىڭ ، — دېدى ئارېنو
كەيپى ئۇچقان هالدا ، — سىزگە مەھكەم ئېسىلىۋالمايمەن ، گەپ-
نىڭ توچكىسىنى قىلغاندا ، ئادەم دېگەن جىق نېمە ، بۇ دۇنيادا
يالغۇز مەنلا بار دەپ ئويلامسىز ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاتيپنىڭ رايى پۈتۈنلەي ياندى . بوپ-
تۇ ، باشقا كەلگەننى كۆرگۈلۈك !
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى . ئۇ كېچىلىرى كىرپىك
قاقماي تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى .
جۈمە ئاخىر يېتىپ كەلدى . كاتيپ قورۇق خىيالدىن قۇ-
تۇلۇشقا تىرىشاتتى . ئارېنودىن ئۈمىد بولمىغاندىكىن ، ئۇ چوقۇم
خۇشال - خۇرام يۈرۈشى كېرەك . ئارېنو ئەتە كاناداغا ماڭىدۇ ،
ئەمدى كاتيپ ئۇنى تېخىمۇ تېز ئۇنتۇپ كېتەلىشى مۇمكىن . «
كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق » ئەمەسمۇ ؟
كاتيپ يەكشەنبە كۈنى گېزىتلەردىن ئادەم تەكلىپ قىلىش

ئېلانلىرىنى تەپسىلىي كۆردى، كەچقۇرۇن ئۆزى قىزىقىدىغان خىزمەت توغرىسىدا ئىككى پارچە ئېلاننى تاپتى.

چارشەنبە كۈنى كاتىيغا بىرىگ مورىدېمبېردىن تېلېفون كەلدى. ئۇ تېلېفوندا بۇ شىركەتنىڭ كاتىپىدىن ئىمتىھان ئېلىپ سىناپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ كاتىيغا شۇنچە تېز ئۇقتۇرۇش قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، شىركەتنىڭ كاتىپقا تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. كاتىپىنىڭ مۆلچىرى توغرا چىقتى. كاتىي ئۇلار بىلەن يۈزتۇرانە پاراڭلاشتى.

— دۈشەنبىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشۈڭ، — دېدى شىركەت مەسئۇلى روسسېل ئەپەندى كاتىيغا.

— شۇنچە تېزما؟ — سورىدى كاتىي سەل تەشۋىشلىنىپ.

بۇ شىركەتنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— شۇنداق، سىزدىن ئىلگىرىكى كاتىپ ئائىلە چاتاقلىقى تۈپەيلىدىن ھېلىلا ئىستىپا بەردى، دۈشەنبە كېلەلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە كېلىمەن، — دېدى كاتىي.

روسسېل ئەپەندى ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— ناھايىتى ئوبدان بولدى. خوجايىنىڭىزنىڭ ئىشتىن توختىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق يېزىپ بەرگەن ئىسپاتىنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بوغالتىرغا تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى ئۆتەشكە ئاسان بولىدۇ. بولىدۇ، ئەمىسە، دۈشەنبە كۆرۈشەيلى.

ئەتىسى كاتىي كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ئوۋان ئەپەندىگە تېلېفون بەردى.

— ياخشىمۇ سىز؟ ئىسمىم كاتىي، ماڭا بىر پارچە ئىشتىن توختىتىش ئىسپاتى يېزىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟



www.uyghurkitap.com

تـوۋا ، ئۇ بۇ ئىشـتىن ئـازراقـمۇ خـەۋىـرى يـوقـ. تەكلا قىلىدىغۇ . . ئارىنو ئۇلارغا كاتىيىنى ئىشتىن توختىتىدىغانلىقىنى تېخىچە ئېيتمىغانمىدۇ ؟

— كېيلەر ھەپتە برىگ شىركىتىگە ئىشقا چۈشىمەن . . .

— كەتمەكچىمۇ سىز ؟

— شۇنداق ، ئەپەندى ، سىزگە ئۆيدىن تېلېفون بېرىۋا. تىمەن ، ماڭا بىر پارچە ئىسپات ئەۋەتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن .

ئوۋان ھاپىلا ـ شاپىلا كاتىيىنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى .

— سىزنىڭ ئىستېپا سورىغانلىقىڭىزنى ماڭا ھېچكىم ئېيت. مىدى ! سىز بۇنى قاچان قارار قىلغان ؟ گاۋىتلېر بۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىز تىنىپمۇ قويمىدىغۇ . . .

كاتىپ ئالدىراقسانلىق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىشقا باش. لىدى . بۇ نېمە ئىش ؟ ئوۋان شىركەت خادىملىرىنى خىزمەتتىن بوشىتىدىغان ئىشتىن ئەڭ بالدۇر خەۋەر تېپىشى كېرەك ئىدىغۇ . كاتىپ گاڭگىراپ قالدى .

— ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ . . .

— بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ ، گاۋىتلېر ئەپەندى ئۇنداق ئۇنتۇ. غاق ئادەملەردىن ئەمەستىغۇ . . .

— ئۇ كانادادا ماڭىدىغان چاغدا بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ .

ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . بىردەمدىن كېيىن ئوۋان :

— بولىدۇ ، پىترې خېنىم . ئىسپاتنى ئامال قىلىپ تېز ئەۋەتىپ بېرەي ، — دېدى .

كاتىپ گاۋىتلېرنىڭ بۇ ئىش توغرۇلۇق كادىرلار باشقار. مىسىنىڭ باشلىقىغا نېمە ئۈچۈن ئۇقتۇرۇش قىلمىغانلىقىنى ھەر.

قانچە ئويلاپمۇ چۈشىنەلمىدى . گاۋتىلېر كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئېيتقاندەك خىزمەتكە سەل قارايدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى . بىر سائەتتىن كېيىن ، ئۇۋاندىن تېلېفون كەلدى . تېخى چىگىش خىياللىرىدىن قۇتۇلالمىغان كاتىيې ئۇۋاننىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى .

— گاۋتىلېر ئەپەندىدىن ئىستىپا سورىغاندا كۆڭلىڭىز ئارامىدىمىدى ؟

كاتىيېنىڭ غۇرۇرى ئۇنى ھەقىقىي ئەھۋالنى دېيىشكە يول قويمىدى . ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ « شۇنداق » دەپ جاۋاب بەردى ۋە يەنە :

— گاۋتىلېر ئەپەندى بىر مەزگىل ئىشلەپ تۇرۇشۇمنى ئېيتقانىدى ، — دېدى .

كاتىيې يالغان ئېيتقانىدى . ئەمما بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامال بار ؟

— ناھايىتى ياخشى ، مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم ، خېنىم .

ئۇۋان كاتىيېنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەم سەپلەشتىن بۇرۇن ئىشلەپ تۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى .

— مەن ئارىنونىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولمىغانىدىم ! — دېدى كاتىيې ئالدىراپ چۈشەندۈرۈپ ، — باشقىچە ئېيتقاندا ، مەن بىرىگە شىركىتىگە ماقۇل بولۇپ بولغانىدىم .

— پەقەت بىرنەچچە كۈنلا ، — دېدى ئۇۋان قەتئىي قىلىپ ، — پەقەت سىزلا ئۇستەلگە دۆۋىلىنىپ كەلگەن ھۆججەتلەرنى بىر ياقلىق قىلالايسىز !

كاتىيې خورسىنغان ھالدا :

— سىزنىڭ ئىقتىدارلىق كاتىپتىن بىرنى تاپالىشىڭىزغا ئىشىنىمەن، ئارېنونىڭ ئۆتكەندە چەت ئەلگە بىللە ئېلىپ چىققان كاتىپى گۈل كەلتۈرۈۋېتىپتىمىشقۇ؟ — دېدى.

— بىر قىزنى تەكلىپ قىلغانتۇق. ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. ھازىر داد دەۋېتىپ بارىدۇ.

كاتىپ شىركەتكە يېڭى كەلگەن چاغدىكى ئەھۋالنى ئويلىدى. ئۇ چاغدا ئىشلارنىڭ بۇنچە قىيىن بولىدىغانلىقىنى كىم ئالدىن بىلەلىگەن دەيسىز؟

— ئۇنىڭدىن باشقا، — دېدى ئۇۋان، — مەن مەسئۇلىيىتى ئېغىر خىزمەتنى ئۈستىگە ئالالىغۇدەك بىرەرىنى تاپالمىدىم، پەقەت سىزلا دۆۋىلىنىپ كەتكەن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز، ئارېنونىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى چۈشىنىسىز، كاتىپ، گېپىمنى چۈشەنگەنسىز؟ — ئۇ بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن، قىزغىن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — يەنە بار تېخى، سىزنىڭ ئارېنونىڭ كۆز ئاغرىقىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ، بۇنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس.

— كۆز ئاغرىقى؟ قانداق كۆز ئاغرىقى؟

— ئارېنونىڭ كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى دەۋاتىمەن، ئۇ تۇيۇقسىز بىر ھەپتە ئىشقا كەلمىدى. مېنىڭچە ئۇ بەك قىيىنىلىۋاتسا كېرەك.

— ھە، مەن سىزنىڭ بۇ ئىشنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى كاتىپ قاتتىق ئېھتىيات بىلەن.

— ئاڭلىسام ئۇنىڭ كۆزى تېخى سەللىمازا ساقايماپتۇ. كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالغان ئوخشايدۇ.

ھەي، ئارېنو گاۋىتلېر نېمىشقا بۇنداق بەختسىز بولۇپ

قالغاندۇ ؟ كاتيې ئەمدى دېلىغۇل بولۇپ ئولتۇرىدى : ئارېنو ئاۋارىچىلىككە يولۇقسا ، كاتيې ئۇنى قانداق تاشلىۋېتەلەيدۇ ؟

— بولىدۇ ، خاتىرجەم بولۇڭ ، — دېدى كاتيې.

كاتيې ئارېنونىڭ يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتى . ئارېنونىڭ قانداق ئازابلارغا دۇچار بولىدىغانلىقى كاتيېغا نامەلۇم ئىدى . دۇرۇس ، بۇنداق ئەھۋالدا ئارېنونى تاشلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ . ئۇ ئارېنو بىلەن بىرگە تۇرۇپ ، ئۇنىڭ دەرد ـ ئازابىنى تەڭ تارتىشى كېرەك . ئۇ دۈشەنبە چوقۇم ئىشقا چىقىشى كېرەك .

كاتيې تۇساتتىن بىرىگ شىركىتىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ ئۇلارغا پىلانىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ! ئۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى .

ئۇنىڭ تاللىشى توغرىمۇ ياكى خاتامۇ ؟ ئۇ بۇنى ئۆزىدىن يېنىشلاپ سورىدى . ئارېنونىڭ پوزىتسىيىسى ئەنە شۇنداق ئوسال تۇرسا ، كاتيې جاپاغا ۋاپا قىلسا ، ئاقىلانىلىك بولارمۇ ؟

كاتيې ماشىنىسىنى شىركەتنىڭ شەخسىي ماشىنىلارنى توختىتىش مەيدانىغا توختىتىپ ، ئۇدۇل چىقىپ كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقىنى تاپتى . ئۇ راستىنىلا بىر چوكان تاپقانىدى . ئۇ كاتيېنىڭ ئۇنى تەربىيىلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . . .

يېڭى ياللانغان كاتىپ گلادى دوئېدىن تولىمۇ ئوماق چوكان ئىدى . ئىككىيلەن ھەمكارلاشقان بىرىنچى كۈندىن كېيىن كاتيې بۇ قىزنىڭ بەكلا ئاق كۆڭۈللۈكىنى ھېس قىلدى . چۈنكى ، گلادى ئۇنىڭغا :

— ئەگەر ئۆسمەكچى بولساق ، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى

يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ ، مەن ئۆسسۈمەن دەپ ھەرگىز يېلىنمايمەن ، — دېگەنىدى .
كاتيې ئۇنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلىدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ :
— مەنمۇ ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنى شۇنداق ئويلىغانىدىم ، ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇن ، ئادەمنىڭ قارىشى ناھايىتى ئاسان ئۆزگىرىدۇ ، — دېدى .
— ئۆگىنىدىغان نەرسە كۆپ ئىكەن . . . ئۈچ ئايدا قانداق ئۆگىنىپ بولغىلى بولار ، — دېدى گلادى .
— خاتىرجەم بولۇڭ ، بىز مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتىمىز ! ۋەدە بېرىمەنكى ، نەچچە كۈندىن كېيىن خېلى ئۆگىنىپ قالىسىز .
بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . گلادى خىزمەتنى بىلەن تونۇشۇپ قالدى . ئۇ جۈمە كۈنى كاتيېغا :
— كاتيې ، سىز ماڭا يالغان گەپ قىپسىز ، — دېدى .
— قايسى گەپنى دەيسىز؟
— سىز مېنى بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆنۈپ كېتىسىز ، دېدىڭىز ، ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ ، خوش ، ئەمسە مەن كەتتىم .
كاتيې كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى . بىرئازدىن كاتيېغا كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدە داۋىد ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇ كاتيېنىڭ ئىستىپا بەرمەكچى بولغانلىقىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەنىدى .
— كاتيې ، سىز راستىنلا كەتمەكچىمۇ ؟
— شۇنداق ، ئارىنو ئەپەندى قوشۇلغان !
ئۇ ئىشەنمىگەندەك كاتيېغا تىكىلدى .
— مەن چۈشىنەلمەيلا قالدىمغۇ . ئۇ ھەمىشە سىزنىڭ تە-

رىپىگىزنى قىلالىتتى.

كاتىيې ئىچىدە خۇش بولدى ، ئەمما پەرۋا قىلمىغان قىيا-پەتتە :

— مەن بۇ يەردىغۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ، — دەپ قويدى.

— سىلەر تەگىشىپ قالدىڭلارمۇ ، قانداق ؟ — دېدى دا-ۋىد ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىش مەقسىتىدە.

كاتىيې مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئويىدا ئىدى ، شۇڭا سا-ئىتىگە قاراپ ، بىر جىددىي ئۇچرىشىشىم بار ئىدى ، دەپ قويۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

— مەن بىلەن بىر ۋاخ تاماقتا بىرگە بولۇشنى خالامسىز ؟ تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى ، — دېدى داۋىد ئۇنى تەكلىپ قىلىپ.

كاتىيې رەت قىلدى. داۋىد كاتىيېغا خۇشامەت قىلىپ كۈ-لۈپ قويدى.

— ئورتاق يەرلىرىمىزنىڭ بارلىقىغا مەن ئىشىنىمەن ، — دېدى ئۇ ئىللىق ھالدا.

— مەنمۇ ئىشىنىمەن ، — كاتىيې گېپىنى تۈگەتمەيلا كې-تىپ قالدى.

ئىككىنچى ھەپتىسى كاتىيې بىلەن گلادى ئوبدان ماسلاشتى ، خىزمەتتىمۇ تېز ئىلگىرىلەش بولدى. كاتىيې گلادىغا ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى. ئۇ ئاساسلىقى خەت ئۇ-رۇشقا مەسئۇل بولدى. پەيشەنبە چۈشتىن بۇرۇن گلادى ئىشخا-نىدا يوق ئىدى ، تېلېفون جىرىڭلىدى. كاتىيې تېلېفوننى قولىغا ئالدى :

— ۋەي ..!

باش ئاپپاراتتىكى تېلېفونىست سەل خاپا بولۇپ :

— كىلىۋۇ ئەپەندىنى ئالالمىغاچقا ، تېلېفوننى

سىزگە ئۆلاپ بەردىم . . . — دېدى .
بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن قارشى تەرەپنىڭ كاتىيىغا تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى :
— ۋەي ، كىلوۋما ؟ سىزنى ئاخىر تاپتىم - دە ! مەن يار- دىمىڭىزگە موھتاج بولۇپ قالدىم ، مەن . . .
— مەن كىلوۋ ئەپەندى ئەمەس ، — دېدى كاتىيې ئالدىراپ - تېنىگەن ھالدا چۆشەندۈرۈپ .
— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ئىنتايىن خۇشالمەن ، — دېدى ئاربېنو قىزغىن ئاھاڭدا . كاتىيېنىڭ يۈرىكى ئويې- ناپ كەتتى ، — مەن سىزنى فانسون شىركىتىگە كەتتى دەپ قاپتىمەن . . .
كاتىيېنىڭ كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە بولدى ، ئۇنىڭ كۆپ گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى . ئۇ ئاربېنوغا بولغان قەلبىدىكى چىن ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن :
— ياق ، بارمىدىم ، — دەپ قويدى .
— ئامالىڭىز يوق ، يەنىلا مېنىڭ شىركىتىمدە ئىشلىگىنى- ڭىز تۈزۈكمىكىن ؟
— ياق ، خاتالاشتىڭىز ، بۇ يەردە گىلادىنى يېتىشتۈرۈۋا- تىمەن ، ۋاقتى ئۇچ ھەپتە ، كېيىن گىلادى خىزمىتىمنى ئۆتكۈ- زۈۋالىدۇ . ئۇۋان ئەپەندى مۇۋاپىق بىر كاتىپ تاپقۇچە- لىك گىلادى ئىشلەپ تۇرىدۇ دېگەنىدى .
ئاربېنو ئۇنى تۇتۇپ قالسا كاتىيې رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ ؟ كاتىيې ئەندىشىگە چۆشۈپ قالدى .
— سىزنىڭ ئورنىڭىزغا باشقا ئادەم يوق ، — دېدى ئاربېنو مۇلايىم ئاھاڭدا .
— بۇنداق دېگىلىمۇ بولمايدۇ ، گىلادى خىزمەتنىڭ ھۆد-

دىسىدىن تامامەن چىقالايدۇ . يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىشىمنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن .

ئېنىقكى ، كاتىپىنىڭ بۇ گەپلىرى ئارېنوغا تەسىر قىلمىغانىدى . ئۇ گەپنىڭ توچكىسىنىلا ئېيتتى :

— فانسون شىركىتىگە قايتىپ بارماقچىمۇ سىز ؟

— بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ ، — دېدى كاتىپ قەستەنگە .

ئارىدا يەنىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . ئارېنو :

— ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇھەببەت ئىشلىرىڭىز قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ؟ — دېدى قوپاللىق بىلەن .

— ناھايىتى ياخشى ! — دېدى كاتىپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ، — سىزنىڭچۇ ؟

— گەپ قىلماڭ ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇخلايدىغانغىمۇ چولام تەگمەيۋاتىدۇ !

ئارېنو تېلېفوننى قويۇۋەتتى . كاتىپ ئالدىدىكى زۇۋانسىز تېلېفونغا تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى ، ئۇن مىنۇتلاردىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندى . ئارېنو نېمىشقا بۇنچىۋالا رەھىمسىز ؟ دەسلەپتە تېلېفوندا كاتىپىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا خۇش بولغاندەك قىلغانتىغۇ ! تېلېفوندىكى ئاۋازنى خاتا تونۇپ قالدىمۇيا ، تېلېفوندا كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاسانلا خاتا تونۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . بەلكىم ئۇ كاتىپىنىڭ ئاۋازىغا ئەمەس ، بەلكى ئۆزى ئىشخانىدا بولمىسىمۇ خىزمەتلەرنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا خۇش بولغاندۇر .

كاتىپ توساتتىنلا ئارېنونىڭ نېمىشقا تېلېفون بەرگەنلىكىنى ئويلاپ قالدى ، كىلوۋغا ماۋۇ گەپنى دەپ قويۇڭ ، دېگەن

گەپنىمۇ قىلمىدىغۇ. بۇ ناھايىتى غەلىتە ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ۋاق-
تىنى قەدىرلىمەستىن قۇرۇق گەپلەرنى قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟
كاتىپىغۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بى-
لەلمەي قالدى، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن ئارىنوچۇ؟
كاتىپى بىردىنلا چۈشەندى: ئۇ ئەمدى كاتىپىغا ئىشەنمەيدۇ!
كۆرسەتمە بەرمەسلىكىدىكى سەۋەبمۇ شۇ!

ئۇلار تولىمۇ تەستە سالغان ئۇلى بوش بىنانىڭ ئەڭ ئا-
خىرقى بىر پارچە تېشىمۇ غۇلاپ چۈشتى. بۇنىڭدىن كېيىن
ئۇلارنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىمۇ قالمىدى. كاتىپىنىڭ بۇ ئازابىنى
بايقىشى ئۆزىگە قاتتىق زەربە بولدى، ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتكىلى
قىل قالدى. مۇبادا يېنىدا گىلادى بولمىسا، ئۇ راستتىنلا يىقىلىپ
چۈشكەن بولار ئىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ تېلېفون كەلسە، ئۇ ئارىنودىن كەلدى-
مىكىن، دەپ گۇمانلىنىپ ئالمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى
زىددىيەت بىلەن تولغانىدى. بىراق، ئارزۇ - ئۈمىد نېمىگە دال
بولماقچىدى؟ ئۇلارنى باغلاپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى رىشتە —
ئىشەنچىنىمۇ ئارىنو ئۈزۈۋەتتىغۇ. كاتىپىنىڭ يەنىلا بۇ يەردىن كې-
تىپ قالغىنى تۈزۈك.

كاتىپى قالغان كېيىنكى كۈنلەرنى چىداپ ئۆتكۈزدى. ئۇ
توختامدىكى ماددىلارغا ئەمەل قىلىدىكەن، گىلادى مۇستەقىل
خىزمەت قىلالىغۇدەك بولغۇچە ساقلىشى شەرت ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنىمۇ كەلدى. كاتىپى
گىلادىغا ئىلھام بېرىدىغان بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن،
ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە ياندى. ئۇنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن ئىدى.
ئۇۋان ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.
ئۇ بۇ كۈنلەردە ئارىنونى ئۇنتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئا-

www.uyghurkitap.com

رىبنونىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى قىلالمىدى.

كاتىپ ئەتىسى گېزىت ئېلىپ ، ئادەم تەكلىپ قىلىش ئېلانلىرىنى ئاختۇردى . بۇ چاغدا خىزمەت تېپىش بەلكىم بالدۇرلۇق قىلار ، ئۇ كۆكۈل يارىسى ساقايغۇچە ساقلاپ تۇرۇشى كېرەك . . . ئۇ ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى ، ئاخىر بولماي بالدۇرلا ئۇخلىدى . ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان يەنە نېمە ئىشى بار ؟ كاتىپنىڭ ھەممە نەرسىدىن رايى قايتقانىدى .

تاڭ سەھەر سائەت ئىككى بولغان چاغ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئېلىنغانىدى ، تېلېفون جىرىڭلىدى ، ئەيتاۋۇر بىرەرى تېلېفوننى خاتا ئۇرغان بولسا كېرەك . . . ئۇ تۇرۇپكىنى زەردە بىلەن ئېلىپ بىر گەپ قىلىۋېتەي ، دەپ تۇرۇشىغا ، تېلېفوندىن :

ــ مېنى ئالغىلى ئايرودرومغا كېلەرسىزمۇ ؟ ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ ئارېنونىڭ ئاۋازى ئىدى . كاتىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى ، چۈشمۇ يا بۇ ئۇنىڭ . ياق ، بۇنىڭ ئارېنودىن كەلگەن تېلېفون ئىكەنلىكى ئېنىق . كاتىپنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى .

ــ بىلەمسىز ، ھازىر سائەت قانچە بولدى ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ .

ــ بىلىمەن ، نيۇ ـ يوركتا قارا يامغۇر ياغقاچقا ، ئايروپىلان كېچىكىپ كەلدى .

قاراڭ ، ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە ئۇنى ئويغىتىۋېتىشكە ھەققى باردەك گەپ قىلىۋاتقىنىنى ، شۇنچە يۈزسىزلىك قىلغانلىرى يەتمىگەندەك . . .

ــ مېنىڭ شۇنداق ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ !

ــ سىز رەت قىلدىڭىز ؟

ئارېنونىڭ ئاۋازىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتـ

تى . كاتيې بولىدۇ ، مەن باراي ، دەۋەتكىلى تاس قالدى . ياق ئۇ ھەرگىز قىلتاققا چۈشمەيدۇ . ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا كولدۇرلىتىۋاتقان بولسىچۇ ؟!

— نېمە ! سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز ؟

— كاتيې ، كاتيې . . . — ئارېنو كاتيېغا يېلىندى ، — مەن ياردىمىڭىزگە موھتاج .

كاتيې كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپكىنى جاققىدە قويۇۋەتتى . ئۇ ئەمدى ئارېنونىڭ دامىغا چۈشمەيدۇ . ئۇنىڭغا لازىمى پەقەت بىر شوپۇر ، بۇ قېتىم ئۇ بەكلا ئاشۇرۇۋەتتى . ئۇ تۈن يېرىمىدا ئۇنى پاراكەندە قىلدى ، ئۇنىڭ ئايرودرومغا كېلىشىنى تەلەپ قىلدى ! قارىغاندا ئۇنىڭ كۆزى . . . پەرۋەردىگارىم ، ياق ! كاتيې ئەمدى خىيال قىلىپ ئولتۇرمىدى ، بەش مىنۇتتىلا تەق بولۇپ يولغا چىقتى . كاتيې ئۇنىڭ كۆزىدىن چاتاق چىققانلىقىنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغاندۇ ؟ ماشىنا تېز سۈرئەتلىك يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇ ئۆزىگە كايىدى . ئۇ قانداقلارچە باغرى تاشلىق قىلىپ ئارېنونىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ؟ ئارېنو ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بولسا ، كېلىك دەپ يالۋۇرامتى ؟ كاتيې ئارېنونىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغانلىقىنى بىلىدىغانلارنىڭ بىرى . ئۇ ھازىر ياردەمگە موھتاج ! كاتيې ماينى باستى .

كاتيې ماشىنىنى مەيدانغا توختىتىپ ماشىنىدىن دەرھال چۈشتى ـ دە ، يۈگۈرگەن پېتى كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئىلاھىم ، ئۇ ھەرگىز كېتىپ قالمىغىيدى . .

## 8

ئارېنو ئالدىنقى قېتىم تۇرغان ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىغان كاتيې ئۇنى شۇ يەرگە ئىزدەپ ماڭدى . قەدەملىرى

بارغانسېرى تېز ئېلىنماقتا ئىدى ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كې-
تىۋاتاتتى . ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگۈچە سەل ـ پەل ئارىسالدى
بولدى ، جىددىيلەشكىنىدىن نەپەسى قىسىلىپ كەتتى . ئۇ ئارى-
نونى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى ، ئەمدى ئۇ كاتىيېغا قانداقراق مۇ-
ئامىلە قىلار ؟ ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ ، ئەينەكلىك ئى-
شىكتىن كىردى .

ئارېنو ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا ئىشىككە ئارقىسىنى
قىلىپ تۇراتتى . كاتىيې تىترەك ئارىلاش پەس ئاۋازدا ئۇنى چا-
قىردى :

ــ ئارېنو !

ئارېنو ئاستا كاتىيې تەرەپكە قارىدى ۋە ئىپادىسىز كۆزلىرى
بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى .

ــ كاتىيې ، كەپسىز ـ دە ، ــ دېدى ئۇ ھاياجانلانغان
ھالدا ئاستا قىلىپ .

كاتىيېنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل ھاياجان يامراپ كەتتى ،
بېرىپ ئارېنوغا بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى بېرىشنى ئويلىدى ، ئەمما
مۇشۇ تاپتا ئۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى ، ئارېنو كاتىيې
ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ قالاتتى . . . ئۇ نېئون
چىرىغى سۇتتەك يورۇتۇۋەتكەن ئۆيگە بىر قۇر قاراپ قويدى .

ــ قارا كۆزەينەك تاقىمىدىڭىزمۇ ؟ ــ سورىدى كاتىيې
بىرئاز خاتىرجەمسىزلىنىپ .

ئارېنونىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى .

ــ قارا كۆزەينەك تاقىمىغىلى ئۇزۇن بولدى ، كاتىيې .

ــ بىرەر ئىش چىقتىمۇ ؟ قەيەردە ؟

ــ ئايروپىلاندا . . .

ئاپلا ! ئۇ قاتتىق قىينالغاندۇ ـ ھە . ھالىدىن كىم خەۋەر

ئالغاندۇ ، ئايروپىلاندا دوختۇر بار بولغىيمىدى ؟ ئۇنى تېزدىن ئۆيىگە ئاپىرىپ دوختۇر چاقىرتىشى كېرەك ، تېز . . .

— ماشىنامنى يېقىن يەرگە توختاتتىم ، مەن بېرىپ يۈك ـ تاقلىرىڭىزنى ئېلىپ كېلەي .

كاتيې ماڭماقچى بولۇۋىدى ، ئارېنو ئىتتىكلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى . كاتيې جىممىدە تۇرۇپ قالدى . ئۇ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئارېنونىڭ ئاغزىغا قارىدى :

— بىزنىڭ نەدىلىكىمىزنى بىلمىگۈچە بۇ يەردىن ئايرىلمايمەن ، كاتيې .

— نەدىلىكىمىزنى دەيسىزغۇ ؟ بىز ئايرودرومدىغۇ ؟ ئارېنو ئەپەندى .

ئارېنونىڭ چىرايىدىن تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— بۇنى بىلىمەن ، مەن ئەما ئەمەس !

— نېمە ؟ سىز كۆرەلەمسىز ؟ — دېدى كاتيې ھەيران بولۇپ .

— ئەلۋەتتە ! نېمىشقا مۇنداق دەيدىغانسىز ، ھېچ چۈشەنمىدىم ، — دېدى ئارېنو قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خاپا بولغان ھالدا ، — نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىدىغانسىز . . .

— مېنى باشقا ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈپسىز دېمەكچىمۇسىز ، — دېدى كاتيې سەپرايى ئۆرلىگەن ھالدا قولىنى سىلكىپ ، — نېمىدەپ مېنى يېرىم كېچىدە ئويغىتىپ بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىسىز ؟

— پەرۋەردىگارىم ، گېپىمنى باشلا ـ باشلىمايلا توك تەگكىلى تۇردىڭىزغۇ ؟ — ئارېنو پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ ئاھ ئۇردى .

كاتىپ هاڭ ـ تاڭ قالدى ، بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنىدۇ ؟ بولدى ، بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق . لېكىن ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭغا يەنە يول قويغۇدەك ؟ ئۇ ساق ـ سالامەت بولغاندىكەن ، تـاكـسىدا كەتسە بولىۋېرەتتىغۇ ! كاتىپ كەيپى ئۇچقان هالدا ئىـ شىك تەرەپكە ماڭدى ، ئەمما ئارېنو ئۇنىڭ ئالدىنى توستى .

— يولۇمنى توسماڭ !

— قۇلاق سېلىڭ ، گېپىمنى قىلىۋالاي !

— ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتىسىز ، گېپىڭىزنى ئاڭلىمايـ مەن ! — دېدى كاتىپ خاپا بولۇپ .

ئارېنو ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى ئورۇندۇققا ئەكىلىپ ئولـ تۇرغۇزدى .

— مەن سىزگە چۈشەندۈرەي ، كاتىپ . سىزگە مەن بەلـ كىم تازىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلۇۋاتقاندىمەن .

— چۈشەندۈردىڭىزغۇ !

غەزەپتىن كاتىپنىڭ جان ـ ئىمانى چىقايلا دەپ قالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇردىيۇ ، ئەمما ئارېنونىڭ ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغانلىـ قىنى كۆرۈپ نىيىتىدىن ياندى . ئارېنو باشقا چاغلاردا ئۆزگە شۇنداق ئىشىنەتتى ، لېكىن هازىر تولىمۇ مىسكىنلىشىپ كەتكەنىدى .

— مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىسىز ؟ — دېدى كـاتىپ ، — سـەۋەبىنى دەپ بېرىڭ ، مـەن ئۆيگە بېرىپ ئۇخلايمەن !

ئارېنو ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، كاتىپنىڭ يېنىدىكى ئوـ رۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ قورۇنغان هالدا كاتىپقا بىردەم قارىدى ، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى ، هېچكىم زۇۋان سۈرمىدى ، كاتىپ قاتتىق ئوڭايسىزلىق ، تەشۋىش ئىچىدە قالغانىدى . تۇۋا ،

ئۇ نېمىشقا ئۇنى يېرىم كېچىدە ئويغاتقاندۇ ؟

— يېقىنقى بىرنەچچە ھەپتىدە بەك ئالدىراش بولۇپ كې-تىپ ، بەزىبىر ئىشلارنى ئويلاشقا چولام تەگمەي قالدى . . . — دېدى ئارېنو ئاخىر ئېغىز ئېچىپ ، — ئەمما بۇ ئىشلار ھەمىشە خىيالىمدىن چىقمىدى .

— شۇنىڭ بىلەن « بوئىڭ 747 » ئايروپىلانىدا ئويلىدىڭىز ؟

— ئاغزىڭىزنىڭ ئىتتىكلىكىگە بارىكاللا ، — دېدى ئارېنو مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ، — مەن سىزنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىلا بايقىغانىدىم .

— ماختاش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلالمايسىز ، مەقسىتى-ڭىزنى ئۇدۇل دەۋېرىڭ !

ئارېنو كاتىيېنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ دېدى :

— شۇنداق ، ئايروپىلاندىلا ئۇ ئىشلارنى ئويلايدىغانغا ۋا-قىت چىقتى . . .

— ئايروپىلاندا ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئاشامدۇ ، نېمە ؟ مەسىلىگە جاۋاب تاپتىڭىز ؟ — دېدى كاتىيې مەسخىرىلىك ئاھاڭدا .

— جاۋاب تاپالمىدىم ، — دېدى ئارېنو مەيۈس ھالدا .

كاتىيې ھەيران بولدى . ئارېنو ئادەتتە چىگىش مەسىلە-لەرنى يېشىشكە ئۇستا ئىدىغۇ ! ئارېنو يېشەلمىگۈدەك زادى قانداق قىيىن مەسىلە بولغىيتتى ئۇ ؟

— چىقارغان يەكۈنۈمدىن باشتا ناھايىتى قانائەتلەندىم ، شۇنىڭ بىلەن تاقىتىم تاق بولۇپ ئايروپىلاندىن چۈشتۈم . . . — دېدى ئارېنو تازا ئىشەنچ قىلالماي .

كاتىيې ئارېنونىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى .

— كاتيې ، ئەمما مەن يەكۈنۈمدىن گۇمانلىنىپ قىلىۋاتىمەن.

كاتيې ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا ئۇن ـ تىنسىز تىكىلىپ تۇردى . ئۇ زادى نېمە دېمەكچى ؟ كاتيې ئەزەلدىن ئۇنىڭ بۇنداق مىس ـ مىسلىقىنى كۆرگەن ئەمەس . ئەمما ، كاتيې كىشلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سورىمايتتى . ئارېنو بەلكىم ئۇنىڭغا مەخپىي گەپلىرىنى دەپ بەرمەكچىدۇ . . .

— تۇنجى قېتىم سىزنى كۆرگەن چاغدىكى ئىش كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ . . . — ئارېنو شۇنداق دەپ يەنە جىمىپ كەتتى .

كاتيېنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا بولدى : ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ قالايمىقانلىشىشىغا ، گېپىنى ئېنىق قىلالماي قىلىۋاتقىنىغا ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ قالغانمىدۇ ـ ھە ! كاتيې بۇنىڭغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . . .

— مەن سىزگە قارىساملا بىر خىل بولۇپ قالىمەن . مېنى قانداق ئەسەبىي خىيال چىرمىۋالغانلىقىنى بىلەلمىدىم . . .

كاتيې ئۇنىڭ گېپىنى يەنىلا چۈشىنەلمىدى . ئەمما ، كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى ، بىراق ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بولۇۋېلىپ :

— بىرگە ئىشلىگەن ۋاقتىمىزدا ماڭا تاپشۇرغان ئىشلارنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتامسىز ؟ — دېدى .

— ياق ، مېنىڭ دېگىنىم ، — دېدى ئارېنو نارازىلىق ئاھاڭدا ، — سىزنىڭ ئالدىڭىزدا نېمىشقا ئۆكتەملىك قىلغانلىقىمنى ، ئەدەپسىزلىك ، قوپاللىق قىلغانلىقىمنى بىلمەيۋاتىمەن . . .

كاتيې ھاڭ ـ تاڭ قالدى ، ئۇ ئارېنونىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى

بۆلۇۋەتمەي دەپ بىر ئىغىز گەپمۇ قىلمىدى .

— دەگىنا ، — دېدى ئۇ سۆزلىگەچ يۈرىكىنى تۇتۇپ ، — خىزمەت جىددىيلىكىنى باھانە قىلىپ ، داۋېينى ئىشخانىڭىزغا كىر گۈزمىگەنلىكىم سىزنىڭچە ئاقىلانىلىكمۇ ؟

كاتىپ بىرئاز ئوڭايسىزلانسىمۇ ، دادىل جاۋاب بەردى :

— ئۇنى ئىشخانامغا كىر گۈزمىگەنلىكىڭىز ئانچە بولمىدى . سىز ئۇنى مېنىڭ بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ۋاقتىنى زايا قىلىۋەتمە-سۇن ، دەپ شۇنداق قىلغانسىز ؟

— ئۇنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋېتىشىگە چىدىمايمەن ، — دېدى ئارېنو كاتىپقا قايىللىق نەزىرى بىلەن قاراپ ، — بىراق شىركەت پايدىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى-دىن قورقۇپ شۇنداق قىلمىدىم ، بەلكى . . . — ئارېنو توخ-تاپ قالدى ، ئۇ ئازابلىنىۋاتقاندەك كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي . سىزنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن بىرگە بولۇشىڭىزغا چىداپ تۇرالمايمەن ، ئۇ مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر .

بۇ گەپلەر كاتىپقا چاقماق چېقىلغاندەك تۇيۇلدى . تومۇر-لىرى سوقۇشتىن توختاپ قالايلا دەپ قالدى .

— مەن داۋېينى قوغلىۋېتىش بىلەنلا توختاپ قالماي ، يەنە ماك بىلەن كۆرەش قىلدىم . يەنە سىمون ، جون ، شۇنداقلا ئىش-خانىغا خۇدانىڭ كۈنى تېلېفون بېرىدىغان فانسونلارمۇ بار تېخى !

— ئۇ كۈندە تېلېفون بەرمىدىغۇ ! — دېدى كاتىپ رەددىيە بېرىپ .

— ماڭا ئۇ كۈندە تېلېفون بەرگەندەك تۇيۇلدى . بىر توپ ئەرنىڭ ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا ، ئىچىم ئېچىشىپ ساراڭ بولاي ، دەپ قالدىم .

ئۇ گويا مىسال بىلەن ئۆز قارىشىنى ئىس-
پاتلاپ بەرمەكچى بولغاندەك بىردەم توختاپ قالدى.

— سىزنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا سىمون بىلەن كۆ-
رۈشكىلى قويماستىن ئۆزۈم بىلەن بىللە سىرتلارغا ئېلىپ چىقتىم.
سىزنىڭ ماڭا ئەتىسى ئۇچرىشىشىڭىز بارلىقىنى ئېيتقانلىقىڭىز كۆ-
رەڭلىك يېغىپ تۇرغان چىرايىڭىزنى ئۇنتۇيالمايمەن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كاتىيېنىڭ كۆك، چوڭ كۆزلىرى
تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، كاتىيې چۈش
كۆرۈۋاتىدۇ.

— مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ تۇتۇپ قېلىشىڭىزنىڭ
سەۋەبى مۇشۇمىدى؟ — سورىدى كاتىيې ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق مەن سىزگە قوپاللىق قىلدىم، مەن سىزنىڭ
سىمون بىلەن شەنبىنى بىللە ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىڭىزنى
ئاڭلاپ، ئاكسقا سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم!

— نېمە؟... — دېدى كاتىيې ھەيران بولۇپ، — سىز
مېنىڭ سىمون بىلەن مەسلىھەتلەشكىنىمنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن شۇنداق قىلدىڭىز؟

— ئۇ قېتىم مېنىڭ سىرتقا چىقىدىغان ئىشىم يوق ئىدى.
سىزنى بىللە ئېلىپ چىقىشىمۇ ھاجەتسىز ئىدى، — دېدى ئارېنو
مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — مەقسىتىم پەقەت سىزنى
ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتىش ئىدى...

كاتىيېنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

— مەن نامەلۇم بىر كۈچنىڭ كونتروللۇقىدا قالغانىدىم،
كېيىن مەن بۇنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم...

— ئاكسقا بارغاندا يەردىن ئۇنىڭغا نەدەكلا يەنە بىر رەقىبىم
پەيدا بولدى، كارلىېنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلىسى مېنى ساراڭ

قىلىۋەتتى . شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىزنى تاماق يەپ كېتىڭلار ، دېگەن تەكلىپىنىمۇ ھاماقەتلەرچە رەت قىلىۋەتتىم . كاتىيې ، سىز مېنى تىللاڭ ، قارغاڭ ! قىلغانلىرىم بولا ئەمەس تېخى ، سىزنىڭ كارلىپ بىلەن كۆلۈمسىرىگەن ھالدا پاراڭلاشقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ سىزگە شۇ قەدەر نەپرەتلەندىم . . .

— سىز مېنى مېھمانخانا كۆتكۈچىسى بىلەن ئىچپەش تارتىشتىڭ ، دەپمۇ ئەيىبلىدىڭىز ! — دېدى كاتىيې ھەم سۆيۈنۈش ، ھەم نارازىلىق ئارىلاشقان ئاھاڭدا .

— بۇ گەپچە ، سىزمۇ دىققەت قىلىپتىكەنسىز ـ دە ، — دېدى ئارېنو يۈزىنى سۈرتكەچ .

كاتىيې ئارېنونىڭ ئۆزىدىن قانداق ئۆچ ئالغانلىقىنى ئەسلىدى . ئارېنونىڭ ئۆزىنىڭ لەۋلىرىگە قارىغانلىقىنى كۆرگەندە ، ئۇ ئارېنونىڭ ئۇيلىغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇيلىغىنىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى .

— كاتىيې ! — دېدى ئارېنو ئىنتىراپ قىلىپ ، — مەن سىزنى سۆيگەن چېغىمدا ، ئادەمنىڭ ھېسسىيات ئالدىدا ھامان باش ئېگىدىغانلىقىنى چۈشەندىم .

كاتىيې ئارېنونىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىدىن ھودۇقۇپ كەتتى ، ھاياجاندىن گەپ قىلالمايلا قالدى . ئارېنو كاتىيېنىڭ ئىپادىسىگە دىققەت قىلماي گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى ئۇخلىيالمىدىم . شۇنىڭدىن بۇيان مەن تارتقان ئازابنى « كۈنداشلىق » دېگەن سۆز بىلەنلا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ .

ئارېنونىڭ گەپلىرى نېمىدېگەن تەسىرلىك ـ ھە ! مۇبادا ئۇ يالغان ئېيتمىغانلا بولسا ، كاتىيې يەنىلا ئارېنونىڭ ئۆزىنى كولدۇرلىتىشىدىن ، ھاياجانلىنىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆ-

www.uyghurkitap.com

زىنى باش ئەگدۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ياق، ئۇنىڭ گەپ-لىرى شۇنچە سەمىمىي...

— ئەمما ئەتىسى مىجەزىڭىز ئوساللىشىپ قالدى، — دېدى كاتىپ ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ. ئارىنو ئىلاجسىز ھالدا بېشىنى چايقىدى:

— سىز مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ مەن ھېسسىياتنىڭ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈشىگە يول قويمايمەن، دەپ ئېيتتىمغۇ؟ تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئۆزۈمنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن باشقا، مەندە يەنە نېمە ئامال بار؟

بۇ گەپلەر كاتىپنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى.

— مېنىڭچە سىز خىزمىتىڭىزنى بەكرەك قەدىرلىسىڭىز كېرەك، — دېدى كاتىپ، — سىز ھېسسىياتىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزگە چاتاق تېپىپ بېرىشىدىن قورقىسىز...

ئارىنو ئۆزى بىلەن بىرىنچى كاتىپى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشنى كاتىپقا دەپ بەرگەنىدىغۇ؟

— كاتىپ، سىز مېنىڭ مەقسىتىمنى قىلچە چۈشەنمەپسىز. مەن سىزنى كۆرگەندىن بۇيان كېچە-كۈندۈز سىزنى ئويلىدىم، سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توك، ئەدەپسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.

ئارىنو بىردەم ئۈندىمەي تۇرغاندىن كېيىن تۆۋەنگە قارىۋالدى.

— بۇ ھۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش تاكتىكىسى، مەن بىردىنبىر قوللىنالايدىغان چارە، چۈشەندىڭىزمۇ؟ بىراق مېنىڭ بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىم كار قىلمىدى، ئېسىڭىزدىمۇ، ئاغرىپ قالغىنىڭىزدا ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوقلۇقىغا چىداپ تۇرالمىدىم. سىزگە چىدىماستىن كۆرگىلى باردىم.

كاتيې بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلاپ ئېسەنگىرەپلا قال-
دى ، خىلىغىچە گەپ - سۆزمۇ قىلمىدى .
— ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز شۇ دەرىجىگە بې-
رىپ يەتتى ؟ — دېدى كاتيې خېلىدىن كېيىن .
— باشتا مېنىڭمۇ ئېتىراپ قىلغۇم كەلمىدى ، ئەمما پا-
كىتنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ - دە . ئەتىسى سىزگە يەنە تېلې-
فون بېرىپ بىر دوستىڭىزنى ساقلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇقتۇم .
— ئۇ دېگەن سۇزاننا ، مېنىڭ قىز دوستۇم ، — دېدى
كاتيې .
ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى سەزگەن ئارېنو ئەپۇ
سورىغاندەك قىلىپ ئاسمانغا قارىدى ، كېيىن كاتيېغا يېقىن كې-
لىپ قىزغىن هالدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى .
— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ، كاتيې ، ئوتىڭىزدا كۆيۈپ
كۆل بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم .
كاتيې ناهايىتى ئوڭايسىزلاندى . ئۇ خىجىللىق بىلەن ئا-
رېنوغا مەنىلىك تىكىلدى . ئارېنو گەپ قىلمىدى .
— سىزنى قىيناۋاتقىنى زادى نېمە ؟ — دېدى كاتيې پەس
ئاۋازدا .
ئارېنو ئارىسالدىلىق بىلەن ماڭلاي چاچلىرىنى كەينىگە
قايرىدى ، ئۇ بىرهازا ئويلانغاندىن كېيىن سورىدى :
— ئېيتىڭا ، بەك كېچىكتىممۇ ، قانداق ؟ . . . نېمە دېيەل-
شىمنى بىلمەيۋاتىمەن ، كاتيې . بۇ گەپلەرنى ناهايىتى تەستە
قىلىۋاتىمەن . . . — ئارېنو خورسىندى ، ئاخىر جۈرئەتكە
كېلىپ سورىدى ، — مەن سىزدىن شۇنى سورىماقچىمەن ، كات-
يې ، ماڭا راستىنى ئېيتىڭ ، سىزنىڭ فانسون بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋىتىڭىز زادى قانداق ئىش ؟

— فانسون ؟
— سىز ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز ؟
كاتىپي ئۇنىڭ قولىدىن قولىنى تارتىۋالدى ، ئارېنونىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى .
— كاتىپي ، مەن ئەترايىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قالماي دەپ جىق تىرىشتىم . ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى ، ئەمما فانسوننى . . . مەن بىلمەيمەن ، چۈشەنمەيمەن ، بەزىدە مەن سىزنى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن . ئەمما سىز ئۇنىڭ شىركىتىگە بېرىپ ئىشلىمەيسىز .
— ئۇ باشقا بىر كاتىپ ياللىدى ، — دېدى كاتىپي . ئۇ ئارقىدىنلا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى . چۈنكى ، ئەمدى ئارېنو كاتىپي فانسوننى ياخشى كۆرەمدىكى . . . دېگەنگە ئوخشاش گۇمانلاردىن خالاس بولالاتتى ـ دە ، كاتىپىنى ھېچقانچە ئاۋارە بولمايلا شىركىتىگە قايتۇرۇپ كېلەلەيتتى .
— كاتىپي ، سىزگە راستىنى دېسەم ، يېقىنقىغاقى سىزنىڭ فانسون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز مېنى ئازابلاپ كېلىۋاتىدۇ .
ھەش ـ پەش دېگۈچىلىك ئارىلىقتا كاتىپي ئارېنوغا بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتىنى ئاشكارىلىۋەتكىلى تاسلا قالدى ، ئەمما ھاياجىنىنى يەنىلا بېسىۋالدى .
— سىز فانسون بىلەن ئىشلىگەنگە ئوخشاش مەن بىلەن بىرگە ئىشلەشنى خالامسىز ؟ ماڭا كۆڭلىڭىز تارتامدۇ ، ئۇنىڭغىمۇ ؟ مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم مانا مۇشۇ .
كاتىپىنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇ ئارقىسىغا قارىۋالدى .
— مۇنداقچە ئېيتقاندا ، سىز باشقا بىرەرنى ياخشى كۆ-

رەرسىزمۇ ؟
كـاتىيې بەكلا خىجىل بولدى . ئۇ سائەتكە قاراپ قويۇپ ، شىۋىرلاپ تۇرۇپ :
— ۋاي خۇدايىمەي ، بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ ، هارغان-سىز ، قايتىپ كېتەيلى ، — دېدى .
ئۇ ئارېنونىڭ تەرسا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى . ئۇ مەقسىتىگە يەتمىگۈچە هەرگىز ئارام تاپمايتتى .
— هېلىقى كۈنى ئاخشىمى سىز ماڭا هېسداشلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوينۇمغا كىردىڭىز . شۇنداقمۇ ؟ مېنىڭ ئاشۇ شېرىن چاغ ، گۈزەل مەنزىرىنى بەربات قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزدىن نەپرەتلەنگەنلىكىمنى سىز بىلمەيسىز .
ئۇنداقتا ئۇلار ئورتاق تۇيغۇدا ئىكەن - دە . . .
— كـاتىيې ، مەن ئايروپىلاندا ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا ئويـ-لىدىم ، جاۋاب تاپتىم .
— يېرىم كېچە سائەت ئىككىدە مېنى ئويغىتىپ . . .
— بـۇنىڭ ۋاقىت بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ، مېنىڭ شۇ چـاغدا سىزنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتكەنىدى ، — ئارېنونىڭ ئاۋازىـدىن ئىللىقلىق يېغىپ تۇراتتى ، — تاتلىق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ گۇمانلىرىم يوقالدى ، كاتىيې ، دەڭا ، سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز ، خۇددى . . .
ئارېنو گېپىنى توختىتىپ كاتىيېغا تىكىلدى . كاتىيې ئۇنىڭ ئاشۇ تىنىق كۆزلىرىدىن چوڭقۇر مۇھەببەتنى كۆردى . ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىيلىپ كەتتى .
— مـەن سـىـزنى پـۈتۈن ۋۇجـۇدۇم بـىـلەن ياخـشى كۆرىمەن . . . — دېدى ئارېنو ئۇھ تارتىپ .
كاتىيې بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلمىدى ، ئۇ ئۈمىدلىك كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئارېنوغا تىكىلدى . ئارېنونىڭ گېپىگە بەكمۇ ئىشەنگۈسى بار ئىدى . ئەمما ئۇ ئارېنوغا ئىشىنىشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلسۇن . ئارېنو ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرگەن تۇرۇقلۇق ، ئۇنىڭ قىلىق ـ ھەرىكەتلىرى نېمىشقا ئەكسىچە بولىدۇ ؟

چىدىغۇسىز سۈكۈت ، جىددىي كۈتۈش . . . مۇشۇ دەقىقىلەردە كاتىيې ئارېنونى ئاجايىپ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قانداق بىلدۈرۈشى كېرەك ، ئۇنىڭغا ئۆزى يوق چاغلاردا كاتىيېنىڭ قانداق ئازابلانغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈشى كېرەك ؟ كاتىيې ئاستا ئارېنو تەرەپكە ئۆرۈلدى ، ئارېنونىڭ خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆردى . ئۇ قەلبىنى ئاشكارىلاشتىن بۇرۇن ، ئارېنونىڭ ساداقىتىنى يەنە چۈشىنىپ باقماقچى بولدى .

— ئارېنو ، سىز مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز ؟ — سورىدى كاتىيې ھاياجانلىنىپ .

— ئاجايىپ بەك ياخشى كۆرىمەن ، كاتىيې . سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، ماڭا جاۋاب بېرىڭ . مەن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ ، سىزگە ئۆزۈمچىلا ئاشىق بولۇپ يۈرۈۋاتامدىم نېمە . سىز مېنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەمسىز ؟

كاتىيې ھاياجاندىن گەپ قىلالماي قالدى . ئۇنىڭ ئارېنوغا چىن مۇھەببىتىنى بىۋاسىتە ئىزھار قىلىدىغان غەيرىتى يوق ئىدى .

— ياق ، ئارېنو ، سىز خاتا پەرەز قىلمىدىڭىز ، — دېدى ئۇ ئاخىر خىجىل بولغان ھالدا كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەپ .

ئارېنونىڭ كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى چاقنىدى .

— كاتىيې ، سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز ؟

كاتىيې قەلبىنى ئۆزۈن گەپلەر بىلەن ئىزھار قىلىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى ۋە ئارېنونىڭ تىت ـ تىت بولۇشىدىن ئەنسى-

رەپ ، ئاددىيلا جاۋاب بەردى :

ــ شۇنداق ، ئارىنو ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن . . .

كاتىيې قەلبىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھېرىپ كەتكەندەك ، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى .

ــ ئەمىسە ، نېمىشقا ماڭا يۆلەنمەيسىز ؟ ــ دېدى ئارىنو چاقچاق قىلىپ .

ئارىنو ئېڭىشىپ كاتىيېنى يۆلەپ تىزىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى ، كاتىيې ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى . ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئارىنونىڭ مۈرىسىگە يۆلەندى ، ئىككىيلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى ، پەقەت ئىككىيلەننىڭ يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سېلىۋاتقىنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئارىنو قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى سۆيدى .

ــ مەن مۇشۇ ۋاقىتنى تولىمۇ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدىم ، سىزنىڭ مېنى ئىتتىرىۋېتىشىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن ، ــ دېدى ئارىنو قىزغىنلىق بىلەن .

بۇ گەپ كاتىيېنىڭ ئازابلىق ئەسلىمىلىرىنى قوزغاپ قويدى . ئۇ ئارىنونىڭ ئۆيىدىكى ئىشنى ، ئارىنونىڭ قوپاللىق بىلەن ئۆزىنى ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئويلىدى ، بۇنىڭ سىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقچى بولدى . . .

ــ ئارىنو ، شۇ ئاخشىمى مەن سىزگە مەنسۇپ بولۇشنى شۇنچە ئويلىغانىدىم . . .

ئارىنو غەشلىك ئىچىدە كاتىيېنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى ، ئۇ كاتىيېنىڭ گۈزەل چىرايىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتاي دەپ قالغانىدى .

ــ مەن سىزگە نېمىشقا شۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلدىم ؟ ناۋادا ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەن بولسام . . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارىنو گۇناھىنى يۇماقچى بولغاندەك كاتىپىنىڭ مەڭزىلىرىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى .

— سىز ماڭا قاچان ئاشىق بولۇپ قالغان ؟

— ھېلىقى كۈنى ئىككىمىز گۈللۈكنى ئايلانغىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ ؟ سىز شۇ چاغدا شۇنداق ئوماق بولۇپ كېتىپتىكەنسىز، كاتىپ ، مەن شۇ چاغدا مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى بىلدىم . ئەمما ، تۇيۇقسىز ھەم ئويلىمىغان يەردىن مۇھەببەتنىڭ ئازاب پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم . . .

مۇشۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇلار ئىككىلىسى خاتىرجەمسىزلىكنىڭ دەردىنى تېتىغاندى ، ئىككىلىسى ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان . . . ناۋادا ئۇلار بىر - بىرىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى بالدۇر بىلىشكەن بولسا ، ھەممە ئىش تولىمۇ ئاددىي بولغان بولاتتىغۇ ، ئەمما ئۇلار بىھۇدە تىركىشىپ يۈرگەن ، بىھۇدە . . .

ئارىنو كاتىپىنىڭ خىيالىدىكىنى بىلىۋالغاندەك يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سىزنىڭ فانسون بىلەن بولغان دوستلۇقىڭىز مېنى قاتتىق ئازابلىدى . ئۇنىڭ شىركىتىگە بېرىپ ئىشلىمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ئېيتقاندا ، مەن جىنايەت يولىغا مېڭىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بولغانىدىم . . .

ئۇلارنىڭ لەۋلىرى يەنە ئۇچراشتى ، ئۇلارنىڭ قەلبى بەختتىن مەست ئىدى ، ئۇلار مەھكەم قۇچاقلاشتى ، ئۇزۇندىن بۇيان يىغىلىپ قالغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى سۆيۈشۈش بىلەن ئىپادىلەشتى .

ئۇلار بىر - بىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇزۇنغىچە سەپسېلىشتى ، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە شادلىقىنى تىل بىلەن ئىزھار قىلىشى ھاجەتسىز ئىدى . . .

— كاتيپ ، بىرنەچچە ھەپتە سىزنى شۇ قەدەر سېغىندىم . مەن بۇ قېتىمقى ئايرىلىشنىڭ سىزگە بولغان ھېسسىياتىمنى سۇسلاشتۇرۇشىنى كۈتكەنىدىم ، ئەمما ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى .

بۇ گەپلەر كاتيپنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى ، ئەسلىدە ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدا يۈرگەن چاغلىرىدا ئارېنونىڭ مۇز قەلبىدە ئۆزىگە ئوخشاشلا كۈرەش بولۇپتىكەن ئەمەسمۇ ؟ كاتيپ بۇنداق بولۇشىنى پەقەت خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى .

— مەن سىزنى دائىم سېغىنىپ يۈردۈم ، ئەقلىمدىن ئاداشتىم ، — دېدى ئارېنو بېشىنى چايقاپ ، — ھېلىقى كۈنى ، مەن كىلوۋغا تېلېفون بەرگەندە ، تېلېفوننى سىزنىڭ ئېلىشىڭىزنى ئويلىمىغانىدىم ، خۇشاللىقىمدىن ئەسلى ئىشىمنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپ-تىمەن ، بىلەمسىز ، كاتيپ ؟ بىز تېلېفوندا تەگىشىپ قالغان بول-ساقمۇ ، ئەمما شۇ قېتىمقى سۆزلىشىش ماڭا ئۈمىد بېغىشلىدى .

— سىز مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلى-قىمنى بايقىدىڭىز ؟

ئارېنو بېشىنى لىڭشىتتى .

— شۇنداق ، ئانچە - مۇنچە بايقىغانىدىم . سىزنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئارزۇيىڭىز بىردەك بولمىدى . . .

كاتيپ ھەييارلىق قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە ئارې-نوغا مەھكەم چاپلاشتى ، ئارېنو ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان ئە-تىر پۇرىقىنى ھۇزۇرلىنىپ پۇرىغاچ ، قىزغۇچ چاچلىرىنى بوشقىنا سىلىدى .

— ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ، سىزگە نېمشقا تېلېفون بەرگەنلىكىمنى ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز ؟ تۇرۇۋېكنى قويۇپ قوي-غان ۋاقتىڭىز ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختسىز ۋاقىتلىرىم بولدى .

— يادىمغا كەلتۈرەلمىگىلى تاس قالغانلىقىمنى بىلەمسىز ؟

— مۇھىمى تېلېفوننى ئالدىڭىز ، كاتىيې ، ئەمما مەن ئۇمىدىمنى ئۈزەي دەپ قالغانىدىم . . .

بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئارېنو كاتىيېنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ جىددىي ئاھاڭدا سورىدى :

— فانسونغا بولغان مۇھەببىتىڭىز زادى قانداق ئىش ؟

كاتىيې بىرنەچچە مىنۇت ئارىسالدى بولدى ، ئەمدىلىكتە بۇنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ھەر ئىككىيلەننى كۆڭلىدىكىنى دېيىشىپ بولدىغۇ ؟

— ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز دوستلۇقتىنلا ئىبارەت شۇ .

— دېمەك ، سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىڭىز ؟ — ئارېنو بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەي قويمايدىغاندەك ئىدى .

كاتىيې ئەركىلەپ بىر خىل مەغرۇر قىياپەتتە قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇراتتى .

— ناۋادا سىز بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەي قويمايمەن دېسىڭىز ، گاۋتىلېر ئەپەندى ، مەن سىزگە دەپ بېرەي ، سىزنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ ئۇنى ئويلىغىنىم يوق . ئەمدىغۇ رازى بولغانسىز ؟

كاتىيېنىڭ كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى . ئۇنىڭ ئارېنوغا دەيدىغان مەخپىيەتلىكى قالمىغاندىكىن ، ئارېنومۇ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلىشى كېرەك .

— سىزچۇ ، دەڭا ، رانانىڭ ئىشى قانداق گەپ ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم دوستلۇق چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتمىدى . ئۇنىڭ ھەمىشە كېلىپ تۇرۇشى بىر باھانە ، — ئارېنو سىرلىق قىياپەتتە كۈلۈپ قويدى ، — سىزگە ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاشتىن قورقۇپ ، ئۇنى قەستەن ئوتتۇرىغا چىقاردىم . مەقسىتىم ، سىزگە ئۆزۈمنىڭ قىزىق-

مايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى . بۇمۇ ئوتتىگىزدا كۆيۈپ يۈرگەنلەر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ئۇسۇلى ئىدى .

— تــوۋا ، ئۇ مۇشۇ باسقۇچقىچە كەپتۇ ـ دە ! كاتىيې ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى . ئارقىدىن ئۇ :

— مەن سىزگە دەپ قوياي ، ئوتتۇمدا كۆيۈپ يۈرگەن ئادەم يوق ، — دېدى .

— قانداقلا بولمىسۇن سىزگە بىر ئۆزۈك سوۋغا قىلاي ، ئەمدى بىر ەرسىنىڭ پېيىگىزدە يۈرۈشىگە يول قويمايمەن .

— مــاڭــا ئۆزۈك بېرىپ ، بېشىمنى باغلاپ قوياي دەمسىز ؟

— چاقچاق قىلماڭ ، مېنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغۇم يوق ، مەن دەررۇ سىزنى ئالىمەن !

— توي قىلىمىز دەمسىز ؟ ئاڭلىسام . . .

ئارېــنو كاتىيېنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى . ئۇلار قىزغىن قۇچاقلاشتى ، ئـۇلار ۋۇجـۇدىــدىن مۇھــەببــەت ئــوتى يېــنىــپ تــۇرغــان ھالــدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى .

— بــۇ يــەردە تــۇرــۇەرمــەي ئۆيــگە كېــتەيــلى ، — دېدى ئارېنو .

كــاتىيې ئىختىيارسىز ئارېنونى قۇچاقلىدى . ئۇلار بوسۇغىدىن چىقماستىنلا كاتىيې توختاپ قالدى .

— ئارېــنــو ، مەن بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك : ســىزگــە دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ئەنسىرىمەڭ ، چوڭ گەپ يوق ، بىز ئۆيىگىزدە سەيلە قىلغىنىمىزدا سىزگە دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . . . يول راۋانلىشىپتىكەن .

ئارېنو تازا كۈلدى ، كەڭ كارىدوردا ئۇنىڭ كۈلكە ساداسى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى .

— بۇنى بۇرۇنلا بىلەتتىم ، — دېدى ئارېنو سىرلىق ھالدا

كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ .

— ئەمسە نېمىشقا ماڭا ئېيتمايسىز ؟

— بۇ سىزنى سىناشنىڭ ئۇسۇلى . ئەگەر سىز خۇشال هالدا مەن بىلەن تۇرالغۇمدا قېلىشقا قوشۇلسىڭىز ، بۇ بىر ياخشى بېشارەت ، يەنە كېلىپ بىرئازمۇ گۇمانلانمىسىڭىز . . .

— هەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ، — دېدى كاتيې رەنجىپ .

— رەنجىشىڭىز نېمە هاجىتى ، شۇنداقمۇ ؟ ئاشۇنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز ، ئۇنداقتا ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشنى خالامسىز ؟

— خالايمەن ، — دېدى كاتيې خۇشال هالدا .

— ئەمسە مۇشۇ تاپتىلا تەۋرەيلى ! — ئارىنو خۇشال هالدا كاتيېنى تارتىپ ئېلىپ كەتتى .

ئۇلار ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ چىقىش ئىشىكىگە كېلىپ قوللىرىنى قويىۋېتىشتى . ئاڭسىز هالدا ئىككىسى ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇلار توختاشتى .

— ماشىنام ئاۋۇ يەردە ، ئارىنو ؟

— مېنىڭ ماشىنام ئىتتىكرەك ، — دېدى ئارىنو كۆرەڭلەرچە چاقچاق قىلغان هالدا كاتيېقا قاراپ .

— ئارىنو گاۋىتلىر ! نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭىز . . .

كاتيې ئۆزىنى باسالماي كۈلۈۋەتتى . ئارىنو يېقىن كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى . بۇ چاغدا سەهەر قۇياشى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى . ئۇلار دۇنيادا ئىككىسىلا قالغاندەك بىر - بىرىگە مەستخۇشلۇق ئىلكىدە تىكىلدى . كاتيې ئارىنونىڭ كۆزلىرىدىن ئىلگىرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى كۆردى . . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت ، ئىشىنىش ۋە قايناق ھېسسىيات ئۇلارنى مەھكەم باغلىدى ، ئەمدى ھەرقانداق نەرسە ئۇلارنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ .

( خەنــزۇچە « ئــالاھــىدە رايــون ئــەدەبــىياتــى » ژۇرنــىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان . )

www.uyghurkitap.com

# تۇماندىكى يۇلتۇز

ۋ . توكارېۋا ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )
پاتىگۈل مىجىت تەرجىمىسى

بۇ ئىش بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى ، يەنى مىلاد بايرىمى كۈنى يۈز بەردى . ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام ، بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن يۈز بەرگەنىكەن . شۇغىنىسى ، مەن ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يۈرۈۋېرىپتىمەن . خۇددى قىزىم ئېيتقاندەك ، قاپاقنىڭ ئىچىدە كولدۇرلاپ يۈرۈپتىمەن . . . — بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىلا مەن ئاندىن ھەممە ئىشنى ئۇقتۇم . زادى نېمىنى ئۇققىنىمنى بىلگۈڭىز كېلىپ كېتىۋاتىدىغاندۇ ؟ بۇ مۇنداق ئىش : مېنىڭ بىر دوستۇم ئېرىمنى تارتىۋالدى ، مەن ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپلا قالدىم . ھەم ئېرىمدىن ، ھەم دوستۇمدىن ئايرىلدىم . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا مۇھەببەت ، دوستلۇق ، ئائىلە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلاندى .

مەندىن بۇ ئىشنى قانداق ئۇقتىڭىز ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن . بۇ بەك ئاددىي ، تېلېفوندا ئۇقتۇم . بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ھەممە ئىشنى تېلېفون ئارقىلىق ئۇققىلى ھەم سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ . باشقا بىر دوستۇم تېلېفوندا يېڭى يىلىمنى تەبرىكلىگەچ ، بۇ « خۇش خەۋەر » دىن مېنى خەۋەردار قىلدى . ئەسلىدە ، ئۇ بۇ جەرياندا ھېلىقى ئېرىمنى تارتىۋالغان دوستۇم

بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇپتىكەن، شۇڭا بۇ ئىشنى يەپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە بىلىدىكەن.

ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، ئېرىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بىر يەرگە خىزمەت بىلەن كېتىپتۇمىش. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن، كەلمەسكە كەتكەنىدى. لېكىن، نېمە سەۋەبتىندۇر، ئۇ بۇ ئىشنى ئوچۇق ئېيتىشتىن ئوڭايسىزلانغان. . نېمە سەۋەبتىندۇر ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق سەۋەبى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ئوخشىمايدىغان يېرى، بەزىلەر ئوڭايسىزلىنىپ بۇنداق ئىشنى قىلمىسا، مېنىڭ ئېرىم ئوڭايسىزلانغاچ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلغان.

بۇ ئىشنى دەسلەپ ئۇققان مىنۇتلىرىمدا غەزەپتىن جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. خۇددى، بىرى مېنى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن كەچ كۈزنىڭ مۇزدەك سۈيىگە ئىتتىرىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

مەندە كۆرۈنگەن ئىككىنچى سەزگۈ، بىرى يوغان قوشۇق بىلەن كاللامنى قوچۇۋەتكەندەك بىلىندى. بەلكىم كىچىكرەك قوشۇق بىلەندۇ، بىراق ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە قوشۇقنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىنىڭ كارايىتى چاغلىق.

مەندە كۆرۈنگەن ئۈچىنچى سەزگۈ، بەكمۇ پاجىئەلىك بولدى. توپتەك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە ئوت ئىچىمگە كىرىۋېلىپ، ئىچكى ئەزالىرىمنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى.

توپتەك بىر پارچە ئوتنىڭ ئىچىڭىزنى كۆيدۈرگەندىكى سەزگۈنى بىلگۈڭىز كېلىدىغاندۇ؟ بۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ئازابلىق سەزگۈ. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە كاللىڭىزغا بىرىنچى بولۇپ كېلىدىغان ئىش — بۇ ئازابتىن قانداق قۇتۇلۇش. بۇ ئازابتىن

قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يېنىڭىزدىلا تۇرغان دېرىزىدىن ئۆزگىرىنى ئۆ-
تىۋەتكۈڭىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرغان يېرىڭىز ئېگىزرە-
نادا بولغاچقا، ئۆلۈۋېلىشقا ھېچقانداق تەييارلىق قىلىش كەتمەي-
دۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئۇسۇلدا ئۆلۈۋالماقچى بولسىڭىز،
ئانچە ـ مۇنچە تەييارلىق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردىم. بالكوننى قېلىن قار قاپ-
لىغان، بىرنەچچە دانە بوتۇلكا قاردىن چوقچىيىپ چىقىپ قالغا-
نىدى. ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن تاشلىۋەتمەي ساقلاپتىمەنكىن. بو-
تۇلكا بولغاندىكىن لازىم بولۇپ قالار دېيىدىمىكىن. بالكوندا يەنە
ئىككى ئايلانما ئورۇندۇق تۇراتتى. بۇ ئەسكى ئورۇندۇقلارنىمۇ
داچا ئېلىپ قالساق لازىم بولار، دەپ تاشلىۋېتىشكە قىيماي قويۇپ
قويغانىدىم، گەرچە داچا ئېلىشىمىزدىن قىلچە ئۈمىد بولمىسىمۇ.

قار بىلەن قاپلانغان دوپپامچىلىك بالكون ئەسكى ـ
تۈسكى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. كۆڭلۈمدە، بالكونغا يالاڭ
ئاياغ پېتىم چىقسام سوغۇق ئۆتۈپ كېتەر، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا بوتۇلكىغا دەسسەپ سالسام، بوتۇلكا
سۇنۇپ پارچىلىرى پۇتۇمنى تىلىۋەتمىسۇن، دەپ ئويلىدىم. پۇ-
تۇمنىڭ تىلىنىشى بىنادىن ئۆزۈمنى تاشلىشىمغا تەسىر قىلالمايد-
تى، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئېھتىماللىق مېنى پەيلىمدىن ياند-
دۇردى. كىيىملىرىمنى يېشىپ ياتتىم.

ئۇگە ـ ئۇگىلىرىم تاش بېسىۋالغاندەك سىرقىراپ ئاغرىشقا
باشلىدى. بۇرۇن ئاغرىپ ساقايغان ئەزالىرىم باشقىدىنلا ئاغرىقنى
تېپىۋالدى. ئاپامنى ئېمىۋاتقان چېغىمدا ئۇتتۇرا قولاق ياللۇغى
بىلەن ئاغرىپتىكەنمەن، مانا ئەمدى قۇلىقىم ئاغرىشقا باشلىدى.
بالىلىق دەۋرىمدە رېماتىزملىق يۈرەك مۇسكۇلى ياللۇغى بوپتىكەن-

مەن ، مانا ئەمدى يۇرىكىم سىرقىراشقا باشلىدى . ياشلىقىمدا سو-
قۇر ئۆچەي بوپتىكەنمەن . مانا ئەمدى ئىچ ـ باغرىم مۇجۇپ ئاغ-
رىشقا باشلىدى . ئوتتۇرا ياش مەزگىلىمدە ، يەنى يېقىندا يۇقىرى
قان بېسىمى بولغانىدىم ، مانا ئەمدى بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك
ئاغرىغىلى تۇردى .

خۇدۇمنى بىلمەي ياتىمەن ، ئۆزۈمنى ھەريان ئۇرىمەن ،
لېكىن كاللام يەنىلا سەگەك ، كۆڭلۈمگە ھەممە نېمە ئايان .

بەك ئۇششاق سۆزلەپ كەتكىنىمنى كەچۈرۈڭلار . بىراق
بۇمۇ دەردىمنى تۆكىدىغان يېرىمنىڭ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتىدۇ .
ئەسلىدە ، دەردىمنى ئېرىمگە تۆكسەم بولاتتى ، شۇغىنىسى ئۇ
دوستۇمنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى . يەنە بىر دوستۇمغا تۆكەي
دېسەم ، ئۇ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىمنى ئېرىمنى تارتىۋالغان دوستۇمغا
دەپ بەرسە ، ئىككىسىنىڭ چېچىكى چاي بولۇپ ، تازا خۇش بو-
لۇشىدىن ئەنسىرىدىم . دەردىمنى قىزىمغا ئېيتساممۇ بولاتتى ، ئەمما
خاپىلىقىمغا ئۇنى شېرىك قىلىپ ، يۈرىكىگە ئېغىر بىر پارچە
تاشنى ئېسىپ قويغۇم كەلمىدى . ئاخىر ئاپامغا ھال ئېيتىش نىيى-
تىگە كەلدىم . ئەمما ئۇنىڭ قىلچە ئاياپ ئولتۇرماستىن يېغىرىمغا
تېگىشىدىن ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچنېمىگە تار-
تىشماستىنلا بىنادىن ئۆزۈمنى تاشلىۋېتىشىمدىن قورقتۇم . « ئۇ-
نىڭ سېنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكىنىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالايمەن ،
سەن بىلەن شۇنچە يىل بىللە ياشىغىنىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالماي-
مەن » دېيىشىدىن ئەنسىرىدىم . ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالەم مۇتەخەس-
سىسلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر
يەتكۈزۈپ تېلېفون بەرسەم ، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىلەر ؟ « ھە ،
ئىلمىي ماقالەڭنى كىم يېزىپ بەردى ؟ ھېلىقى ۋوستىرىكوفمۇ ؟ »

دېگەنىدى . ئۇ مېنىڭ قىممىتى بار بىرەر نەرسە يېزىپ چىقالىشىمغا
ئىشەنمەيتتى . بولمىسىغۇ مەن ئۇنىڭ ئىرسىي كۆپەيتىلمىسى، ئۇ-
نىڭ مۇھەببەت ۋە مېھنىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدىم . شۇنداق تۇرۇپ
ئۇ ماڭا ئىشەنمەيتتى .

ھە . . . راست . سۆزلەپ نەلەرگە كەتتىم مەن . كارىۋاتتا
ئەس ــ ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ياتىمەن ، بىھوشلۇق ئىچىدە يە-
نىلا سەگەكمەن . باشقىلارنىڭ ئۆتمۈشۈمنى تارتىۋالغانلىقى ، ھا-
ياتلىق دەرىخىمنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان .
خەلقئالەم ئالدىدا نومۇسقا قالدىم . ئېرىم مېنى تاشلىۋەتكەنلىكى
ئۈچۈن ئەمدى خەقلەر كەينىمدىن ھەرخىل گەپ تاپىدۇ ، خۇددى
ئىچىدىكى ھەممە نەرسە تېشىغا چىقىپ قالغان ئەسكى قەبرىدەك .
مەن كەلگۈسىمدىنمۇ ئايرىلدىم ، چۈنكى ئۆتمۈشۈم بىلەن كەل-
گۈسىم بىر ــ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان . مېنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالىممۇ ناھايىتى خاراب ، خۇددى ھەممە يېرىنى يارا بېسىپ ،
ئاغرىق ئازابىدىن چىرايى پۈرۈشۈپ كەتكەن ، جەڭدە مەغلۇپ
بولغان ئەسكەردەك . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، نىمىس ئەسكىرىدەك .
ئەسكەرلەرنىڭ قانداق قىلىدىغىنىنى بىلمەيمەن ، ئەمما
گېنېراللار جەڭدە مەغلۇپ بولسا ئۆزىنى ئېتىۋالىدۇ . ئۆزۈمنى
ئەسكەرگە ئوخشاتقاندىن گېنېرالغا ئوخشاتسام بولارمىكىن دەي-
مەن ، چۈنكى مەن پات ئارىدا بىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوك-
تورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىمەن ھەم فرانسىيە نور شەھىرىنىڭ پەخ-
رىي ئەزاسىمەن . فرانسىيىلىكلەر نېمىشقا مېنى تاللىۋالدى دېگەن-
دە ، مەن بىئولوگلارنىڭ نور شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلق-
ئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ئاك-
تىپ قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن . بىئولوگلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ،

ھەممەيلەننىڭ يىغىلىپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشىنىڭ پايدىسى باركى ، زىيىنى يوق . يەنە كېلىپ ، فرانسىيىنى زىيارەت قىلغىلىمۇ بولىدۇ .

ــ سىز بەلكىم بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە قىلارسىز ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن . بۇنىڭغا جاۋابىم ھەم ئاددىي ، ھەم شۇنداق ئېختىيارىي . مەن ئۆز خىزمىتىمنى سۆيىمەن ، سۆيۈپلا قالماي كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ياخشى قىلىمەن . يەنە كېلىپ ، مۇشۇنداق ياخشى ئىشلىگىنىمنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنىمۇ خالايمەن . باشقىلارغا بىلدۈرۈپلا قالماي ، باشقىلارنىڭ مېنى : « ياراپسەن ، نومۇرۇڭ بەش » دېيىشىنى خالايمەن . ئۇنداق چاغدا ، مەن لەپپىدە يەرگە قارىۋالىمەن ياكى ھۇپپىدە قىزىرىمەن ، ياكى بولمىسا ، ھەر ئىككىلىسىنى قىلىمەن .

ئالايلۇق ، يۇلىي گاگارىننىڭ ئالەمگە ئۇچۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي تۇرۇپ كەمتەرلىك قىلىشى بىلەن يەر شارىنى ئايلىنىپ بىر ھەپتە ئۇچۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئاندىن كەمتەرلىك قىلىشى ، ئىككىسى ئىككى ئىش . ئەمما ، ئالدىنقى شەرتى ئوخشاش ، يەنى ھەر ئىككى ئىشتا ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن كەمتەر تۇتقان . كېيىنكى ئەھۋالدا ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ھەممە ئادەم كۆرەلەيدۇ ، ئۇنىڭ داڭقى ئالەمگە تارىلىدۇ .

يەنە ئالايلۇق ، ئېرىمدە ئابرۇيپەرەسلىك يوق . ئۇ پەقەت ئىككى ــ ئۈچ ئادەم بىلەنلا باردى ــ كەلدى قىلىدۇ ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتى بەكمۇ تار . ئۇ ئاشۇ ئىككى ــ ئۈچ ئادەم بىلەنلا يېقىن ئۆتسىلا بولدى ، شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ . ئارىلىشىدىغان ئادىمى بەشكە يېتىپ قالسا ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىدۇ . پۈتكۈل نور شەھىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ . ناۋادا ، ئۇ شەھەردىكى

ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ سالسا، ئۇ ساراڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى كارامەت ياخشى ئىشلەيدۇ، لېكىن بۇنى ئۆزىدىن باشقا ئادەمنىڭ بىلىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا ئۇنىۋېرسال كۆزقاراش يوق، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكىمۇ موھتاج ئەمەس.

سىز مېنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغىنىمنى بىلىشنى خالايسىزغۇ دەيمەن؟

مېنىڭ خىزمىتىم ــ سۈنئىي بەخت يارىتىش.

سىزنىڭ يەنە، بۇ زادى قانداق خىزمەت؟ دەپ سورىشىڭىز تەبىئىي. ئەمىسە سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي. بىر ئادەم تۇرمۇشتا بېسىم ھېس قىلسا ياكى بىرەر ئىشتىن خاپا بولۇپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ قېنىدىن بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى ئاجرىلىپ چىقىدىغىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى ئاقسىل بىلەن يەنە بىر ماددىدىن تەركىب تاپقان. بىراق بۇ يەردە بىز ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىۋاتمىغاندىكىن، بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلىمىسەممۇ بولار. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم بەختنىڭ تەمىنى تېتىۋاتقان چېغىدىمۇ بەدىنىدىن بىر خىل ھورمون ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بۇ قانداق ھورمون؟ بۇنى تېخى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مېنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتىم، بۇ خىل بەخت ھورمونىنى ئاجرىتىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىنى بايقىغان ھامان خىمىيىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقىش. ئۇ چاغدا، بەخت دېگەننى قۇتىلارغا خالىغانچە قاچىلاپ، دورا دۇكانلىرىدا بىر قۇتىسىنى بىر رۇبلى يىگىرمە كوپېكتىن ساتىدىغان گەپ. مەن بۇ خىل دورا ياسالمىسىغا ئالىبىننا دېگەن ئىسمىنى قويۇپ

قويدۇم . بەختتەك ئېسىل نەرسىگە ئاياللارغا قويۇلىدىغان ئەڭ يې-
قىملىق ئىسىمنى قويمىسا بولمايدۇ ـ دە !

ئالتىپىنادىن بىر تال يېسىڭىزلا ، توپتەك نەرسىنىڭ يۇرد-
كىڭىزنى بېسىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز . ئېرىڭىز سىزنى
تاشلاپ دوستىڭىزنىڭ قېشىغا كەتسىمۇ ، ئوخشاشلا ئۆز-
ڭىزنى ئىنتايىن خۇشال ھېس قىلىپ يۇرۇۋېرىسىز .

ۋاي ، راست ، بابا سۆزلەپ قەيەرگە كەلگەنىدىم ؟

ھە ، ئېسىمگە كەلدى .

شۇ تاپتا كارىۋاتتا ياتىمەن ، بېشىم ياستۇققا توپتەك دو-
ملايدۇ . مېڭەم زىڭىلداپ ئاغرىپ ، خۇددى قوڭغۇراقنى بىر چې-
لىپ قويسا ، ئۇنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازى ئۇزۇنغىچە بېسىلمىغاندەك
غوڭۇلداۋاتىدۇ . ھېلىقى ئوت شارى يۇرىكىمنى پىژىلدىتىپ كۆي-
دۇرۇۋاتىدۇ . ئازاب دېڭىزىدا پالاقشىپ ئۆزۈمنى ھەريان ئۇرۇۋا-
تىمەن . بارا ـ بارا بېشىمنى دومىلىتىشتىن توختىدىم . ئەمما ،
ئازاب دېڭىزىدا جان تالىشىشتىن توختىمىدىم . ئاخىر ياستۇققا دۇم
يېتىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتىم ، لېكىن يىغلاش ئۇسۇلۇم بۇرۇنقىغا
ئوخشىمىدى . كىشىلەر پەقەت بالىلىق دەۋرىدە ، چۈشىدە ياكى
ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلۇپ ، ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ھارپىسىدىلا مۇ-
شۇنداق ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلايدۇ . مېنى ھەممىدىن بەك
ئازابلاۋاتقىنى ، ماڭا تارتىۋاتقان ئازابىمنىڭ چېكى يوق بىلىنىپ
كېتىۋاتقىنى ئىدى . ۋاقىت سائەتلەپ ، كۈنلەپ ، ئايلاپ ئۆتسىمۇ ،
بۇ ئازاب قىلچە يەڭگىللىمەي بۇرۇنقىدەك تۇرىۋەرسە ، بۇنىڭغا ئا-
دەم قانداق چىدايدۇ ؟ شۇنداقتىمۇ تارتىۋاتقان ئازابىڭىزنى يەڭ-
گىللىتەلمىسىڭىز ، توختاتقىلىغۇ بولار . مەسىلەن ، شۇ تاپتا مەن
مىدىرلاشقا ھۇرۇنلۇق قىلمىغان بولسام ، كارىۋاتتىن ئۆمىلەپ قو-

www.uyghurkitap.com

پۇپ دىرىزىدىن ئۆزۈمنى پەسكە قارىتىپ ئاتسام بولۇپتىدۇ.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، قىزىم قىلچە قورۇنۇش يوق ھالدا خۇددى ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەردەك گۈس - گۈس دەسسىگەن پېتى كىرىپ كەلدى. قىزىمنىڭ ئىسمى ماشكا كۇدرىياسوۋنا، بۇ يىل ئون يەتتە ياش. ئۇ يېرىم كېچە سائەت بىردە ھۇجرامغا ئۇسۇپ كىرىپ يىگىتىگە تېلېفون بەرمەكچى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قايتىپ كېلىپلا، ئۆزىنىڭ تىنچ - ئامان ئۆيگە كېلىپ بولغانلىقىدىن، ئۇنى يېرىم سائەت ئىلگىرى قانچىلىك سۆيىسە ھازىرمۇ شۇنچىلىك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك سۆيىدىغانلىقىدىن ئۇنى خەۋەرلەندۈرمەكچى.

بۇ يەردە ماشكا توغرۇلۇق قىسقىغىنا توختىلىپ ئۆتەي. بورۇنلا، ئۇ تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا، ھەتتا ئۇنىڭ دادىسى بىلەن تونۇشماستىلا مېنىڭ ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ بولغان. ئۇ چاغلاردا، مەن كەلگۈسىدە چوقۇم ماشكادىن بىرنى تۇغىدىغانلىقىمنى، يەنە كېلىپ باشقىچە بىر ماشكانى ئەمەس، دەل ھازىرقى مۇشۇ ماشكانى تۇغىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. راست گېپىمنى قىلسام، ئۇنى مەنچىلىك بولالمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى مەنمۇ خۇددى ئاپامغا ئوخشاش، ئۆزۈمنىڭ ياراملىق بالا تۇغالىشىمدىن ئانچە چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەيتتىم. ماشكا نازۇك، مۇلايىم قىز. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، خۇددى مەرۋايىت گۈل ئەترىسىدەك خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى كىچىك قىزلارنىڭكىدەك يۇمران ھەم ئوماق. بۇ بالا چىرايى بىلەن چىلىگىدەك بېشى بىر - بىرىگە تولىمۇ ماسلاشقان. ئۇنىڭ ئىنچىكە بويىنى ئون يەتتە ياشلىق قىزلارغا خاس زىلۋا، ئېگىز، ئەمما كېلىشكەن بويى - بەستىگە تۇتاشقان. يۇقىرىقى سۆپەت-

لەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان قىز دەل مېنىڭ قىزىم ماشكا كۇدىر ياسىۋىنا. ئۇ يول ماڭغاندا بىر يېنىغا سەل قىيشىيىپ تازا رۇس ماڭمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يېپەكتەك جۇلالىق چاچلىرىمۇ ئۇ- نىڭغا ئوخشاش سەل سىڭايان لەپىلدەپ تۇرىدۇ. ئۇ قايسى ئۆيگە كىرمىسۇن، شۇ ئۆينىڭ ھاۋاسى شۇئان يېڭىلىنىپ خۇشبۇيغا تولىدۇ. ئۇنىڭ چىشلىرى خۇددى كىنو چولپانلىرىنىڭكىدەك ئاپ- ئاق ھەم تەكشى. بۇ ئارتۇقچىلىقنى ئۇ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. شۇڭا، ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ پات- پات كۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ كۈلگەندە، كىشىگە تېخى سەبىيلىك كەتمىگەن يۈزى سەل تار كېلىپ، كۈلكە تېشىغا يامراپ چىقىپ كېتىۋاتقان- دەك بىر خىل تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچكى ساپاسىغا كەلسەك، ئۇنىڭدا گەۋدىلىك ئىككى ئالاھىدىلىك بار. بىرى، ئۇ ھېچ ئىش قىلمايدۇ، بىكار- چىلىقنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. ئەتىدىن- كەچكىچە لا- غايلاپ يۈرۈپ ھېچ ئىش قىلماسلىقنى ئۇنىڭدەك قاملاشتۇرىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەلۋەتتە، بەزىدە ئۇ بەزىبىر ئىشلارنىمۇ قى- لىدۇ. يەنى، دېرىزە ئالدىدا سائەتلەپ تۇرىدۇ ياكى كارىۋاتتا كۈنلەپ ياتىدۇ. ئۇ بۇنداق بىكارچىلىقتىن قىلچە بىزار بولمايدۇ، ئەكسىچە خۇددى جەنۇبنىڭ ئىللىق دېڭىز سۈيىدە ئۈزۈپ يۈر- گەندەك راھەت ھېس قىلىپ، خۇشاللىقتىن جېنى يايراپ كېتى- دۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇنىڭچىلىك چېغىمدا مەندە ئىزدىنىش، ئىنتىلىش بار ئىدى. ئۇچۇ، ئۇنىڭدا نە ئىزدىنىش، نە ئىنتىلىش يوق. راست، مەن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئاخىر مەقسىتىمگە يەت- تىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا پروفېسسور ھەم فرانسىيە نور شەھىرىنىڭ پەخرىي ئەزاسى بولدۇم. ھالبۇكى، شۇ تاپتا بۇ نور شەھىرى

قەيەردە؟ مەن قەيەردە؟ مەن كارىۋىتىمدا ئۆتمۈشۈمۇ، كەلگۈسۈمۇ نۆلگە تەڭ ھالدا يېتىپتىمەن، ئالدىمدا غېرىبلىق بىلەن كېسەل چىرمىۋالغان ئاخىرقى ئۆمرۈمدىن باشقا ھېچنېمە يوق. مانا بۇ مېنىڭ ھازىر ئۆزۈمگە قىلالايدىغان بىردىنبىر چىن سۆزۈم. كېسەل چىرمىۋالدى دېگىنىمدە، شۇ تاپتا ھەر خىل كېسەللىكلىرىم قوللىرىنى قوللىرىغا تۇتىشىپ ئەتراپىمدا بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ئاخىرقى ئۆمرۈم دېگىنىمدە، يىللارنىڭ پەقەت ئالدىغا قاراپ چاپىدىغانلا مىجەزى بار، جايىدا توختاپ قالىدىغان ئادىتى يوق. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ماشكانىڭ دېگىنىمۇ توغرا ئوخشايدۇ. ئۇ مۇنداق بىر تەمسىلنى زادى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ: «كىم ئاستىراق ماڭسا، شۇ ھەممىدىن ئۇزۇنغا بارىدۇ.»

ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، تولىمۇ مۇھەببەت مەستانىسى. ئۇ بىرەر يىگىتكە كۆيۈپ قالدىمۇ، بولدى. ئۇ يىگىتكە جان ـ دىلى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ كېتىدۇ. كوسكا ئۇنىڭ مۇھەببەت تارىخىدىكى توي قىلىشقا رەسمىي پۇتۇشكەن تۆتىنچى يىگىتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇ مىشكا، بېكا، ۋىكالار بىلەن يۈرگەن. نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى «كا» بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ تۆت «كا»نىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلغان. ئۇمۇ ھەر قېتىم ئەرگە تېگىشنىڭ تەييارلىقىغا قىزغىن كىرىشكەن. ھالبۇكى، مۇرادىغا يېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ھەر قېتىم مېنىڭ قوپاللىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىمغا ئۇچرايتتى. ھەر قېتىم ماشكا مېنىڭ تۈپەيلىمدىن مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، ماڭا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كېتەتتى-



www.uyghurkitap.com

كى، قولىغا ئاپتومات چىقىپ قالسا، مېنى تاتاتلىتىپ ئېتىۋېتىشتىن يانمايتتى. ئەمما، ئىش قاتىللىق دەرىجىسىگە بارغۇچە، يەنە بىر «كا» چىقىپ ئالدىنقى «كا» نىڭ ئوتىنى باساتتى.

نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلىمەن؟ بۇنى مەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي. ئۇنىڭ تۇنجى ئاشىقى مىشكا ھاراقكەشمىدى، بەڭگىمىدى، بىرنېمە ئىدى، ھازىر تازا ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، ھاراقتىمۇ، زەھەرلىك چېكىملىكتىمۇ بارتىغۇ دەيمەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۆيىدە ئويغانغاندا، تەنتەربىيە ئويناش ياكى قەھۋە ئىچىشنىڭ ئورنىغا گرادۇسى يۇقىرى ئۈزۈم ھارىقى ئىچىدىكەن. مەن ئۇنىڭ بۇ يامان ئىللەتنى قىزىمغا يۇقتۇرۇپ قويۇشىدىن قورقتۇم.

ئۇنىڭ ئىككىنچى ئاشىقى بېكا تازىمۇ كېسەل كۆرپىسى ئىدى. ئۇنىڭ زادى نېمە كېسەللىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قارىسىغا بىرنېمە دېيىشنى خالىمايمەن، ئىشقىلىپ ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا يېتىپ — ئىنسۇلىن بىلەن شۆك قىلىش ئۇسۇلىدا داۋالىناتتى، ئاندىن دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئىنسانلار ئارىسىدىن ئۆزىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئوغلىنى ماشكا بىلەن يۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭچە، ماشكا ئوغلىغا ياخشى تەسىر بېرەرمىش. بېكا ئۇزۇن، ئاپئاق چاچلىرىنى كەينىدىن بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋېلىپ، پېشانىسىدىن بىر تال يىپ بىلەن چىگىۋالاتتى ۋە بۇ تۇرقى بىلەن بەئەينى ھىندىئانلارنىڭ باشلىقىغا ئوخشاپ قالاتتى. بۇلارمۇ يەتمىگەندەك، ئۈستىگە گىلەمنى ئارتىۋېلىپ كوچىدا لاغايلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا گىلەم ئارتىپ يۈرۈيسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «توڭلاپ تۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگە-

www.uyghurkitap.com

نىدى . ماڭا دائىم روھىي كېسەل ئادەمنىڭ گەپلىرى بەكمۇلۇ-
گىكىغا چۈشكەندەك ، ھەتتا بەكمۇ مەنىلىكتەك بىلىنىدۇ .
قىزىمغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغان ئۈچىنچى لايىق
ۋېىكا . ئۇ ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان ، ئىش كۆرگەن
ئەركەك بولۇپ ، دەسلىپىدە قىزىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ قايىسىغا
تۇرۇشنى بىلەلمەي ئۇنىڭ خېلى بېشى قاتتى .
ئەڭ ئاخىرقىسى كوسكا ، باشتىكى ئۈچىدىن تەلەيلىكرەك
ئىدى . نېمىشقا دېگەندە ، ئۇ روھىي كېسەلمۇ ، ھاراقكەشمۇ ئە-
مەس ، پەقەت ياشلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان ئاشقازان يارىسى كې-
سەللا بار ئىدى . ماشكا ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە بويسۇ-
نۇشقا مەجبۇر قىلغان بولۇپ ، بۇ تۇرمۇش ئادىتى ئۇنى ياخشى
تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى . لىللا گەپنى
قىلغاندا ، كوسكا ئادەمدە ياخشى تەسىر قالدۇراتتى . ئۇ چىرايلىق
ھەم بىلىملىك ئىدى . بۇ تېخىمۇ يامان ئىدى . بۇنىڭ يامان يې-
رى ، ئۇنىڭ تەسىرى قانچە ياخشى بولغانسېرى ، ئىشلار يامىنىغا
ماڭاتتى . ماشكا تۇرمۇش چىمەنزارىدا ئېچىلغان بىر ناتىۋان
مەرۋايىتگۈل ئىدى . بۇ گۈلنى ھازىرلا ئۈزۈۋشكە تېخى بالدۇرلۇق
قىلاتتى ، يەنە كېلىپ بۇ مەرۋايىتگۈل داڭلىق گۈللەر قاتارىغا
كىرگەنىدى . بۇ گۈلنى ئۈزۈۋشنى ئويلىغان ھەرقانداق ئادەم چو-
قۇم ئەقلىدىن ئازغان ئادەم ھېسابلىناتتى .
تېلېفون مېنىڭ ھۇجرامدا بولغاچقا ، ماشكا يېرىم كېچە
سائەت بىر بولغىنىغا قارىماي ئۇسۇپ كىرگەنىدى . ئۇ مېنىڭ يۇ-
زۇمگە دېگۈدەك ئولتۇردى ـ دە ، تېلېفوننى سەل نېرى سۈرۈپ
قويۇپ نومۇرنى چۆرۈشكە باشلىدى . بۇگۈنكى ئەھۋالدا ئۇخلى-
يالماسلىقىم ئېنىق ئىدى ، باشقا چاغلاردا بولسا پەرۋا قىلماي

ئۇخلاۋېرەتتىم .

مەن زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىمنى كۆتۈرۈپ :

— سەندە ئىنساپ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئۇ ئەنسىرەپ قالامدۇ ؟ — دېدى ئۇ ئانا بولغۇچىنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىشىنىمۇ چۈشەنمىگىنىگە ھەيران بولۇپ .

— ئۇ ئەنسىرىسە ، سېنى ئىشكىنىڭ ئالدىغىچىلىك ئەكېلىپ قويسا بولامدۇ ؟

بۇ گەپنى قىلىش ئاسان بولغىنى بىلەن ماشكانى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇش ئۈچۈن تاكسىغا ئىككى رۇبلى كېتەتتى . يەنى كەلگۈچە بىر رۇبلى ، كەتكۈچە بىر رۇبلى خەجلىمىسە بولمايتتى . ئۇنى ئەكېلىپ قويمىسا ، بىر رۇبلى بىلەنلا ئىش پۈتەتتى ، يەنە كېلىپ بۇ پۇلنى ماشكا ئۆزى چىقىراتتى .

— ئۇ پۇلنى نەدىن ئالىدۇ ؟ — دادىللىق بىلەن گەپ ياندۇردى ماشكا .

بەرھەق ، يىگىرمە ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كوسكادا نەدىن كەلگەن پۇل بولاتتى .

— ئەئە ، — دېدى ماشكا تۇرۇپىغا قاراپ ئەركىلەپ .

ئۇنىڭ « ئەئە » دېگىنى ، « ھەئە » دېگىنى ئىدى . قايناق مۇھەببەتكە تولغان يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مېھىر بىلەن نازاكەت ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى . ئەركىلىگىنىدىن ئۇنىڭ « ھ » تاۋۇشىنى چىقارغۇچىلىكمۇ ماجالى قالمىغانىدى .

ماشكا يىگىتلىرى بىلەن ئالدىمدىلا سۆزلىشىشتىن قىلچىمۇ قورۇنمايتتى . ئۇنداق چاغلاردا ئۇ ، پەقەت ئۆزىلا چۈشىنىدىغان قۇشقاچ تىللىرىنى ئىشلىتەتتى . شۇنداقتىمۇ ، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇرۇن مەنمۇ ئىشلىتىپ باققان خاس ئىبارىلەرنى بى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىۋالاتتىم . مەنمۇ ئىلگىرى مۇشۇنداق ئەركىلىتىش سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ گۆدەك قىزىم ۋە ئېرىمگە يېقىنچىلىق قىلىپ باققان ئۇ دېگەن بىز تويى قىلغان دەسلەپكى چاغلار ئىدى . ئېرىم بۇ خىل روھىي جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنى « مۇھەببەتلىك سايراش » دەۋالغان ، مانا ئەمدى بويىغا يەتكەن قىزىممۇ بۇ خىل « مۇھەببەتلىك سايراش » بىلەن ئاشقازىنىدا يارا بار كوسكاغا كۆيۈنمەكتە . ئۇ ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم « ئە ئە » ، « سونداق » دەپ جاۋاب بەردى . بەلكى ، كوسكا قىزىمدىن ، مېنى سۆيەمسەن ؟ دەپ ياندۇرمىلاپ سورىسا ، ئۇ بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەرھال « ئەئە » ، « شۇنداق » دەپ جاۋاب بەرسە كېرەك . ئارقىدىنلا ماشكا ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بىر سوۋغات تەييارلاپ قويغىنىنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئىما قىلىشقا باشلىدى . كوسكامۇ كوچىلاپ سوراۋەرسە كېرەك ، ئاخىر ماشكانىڭ شوخلۇقى تۇتۇپ ئۇنى ئالداشقا باشلىدى :

ــ چاقماق كاتەكلىك ، ھەممە ئىشقا ئەپلىك . . .

مەن ئۇنىڭ يەتتە رۇبلى خەجلەپ بۇلغارىيىنىڭ كۆڭلەكىدىن بىرنى ئالغىنىنى بىلەتتىم . ئۇلارنىڭ گېپىدىن زېرىكىپ كەتتىم ــ دە :

ــ ئاچچىق چىرقىرالايدۇ ، دېگىن ، ــ دەپ قوشۇپ قويدۇم .

ــ ئاچچىق چىرقىرالايدۇ ، ــ دەپ تەكرارلىدى ماشكامۇ .
بۇ قېتىم تېلېفوننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كوسكا تۇرۇپ قالدى . چىرقىرالايدىغان نېمىدۇ ئۇ ؟ مۇشۇكمىدۇ ؟ ئىتمىدۇ ؟ كاككۇكمىدۇيا ؟ لېكىن ، جانىۋارلار چاقماق كاتەكلىك كەلمەيدىغۇ . ماشكا ماڭا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى . ئەمدى ئۇ

كوسكانىڭ دىققىتىنى بۇ گەپتىن باشقا تەرەپكە قانداق تارتىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— تايىنى يوق گەپنى ئاز قىلساڭچۇ، — دېدىم مەن نە-سىھەت قىلىپ.

ماشكا مەنىسىز پارىڭىنى توختىتىپ، «خوش» دېدى-دە، تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى.

— مەن بىللە ياتقىنا.

— ئاھا! — ماشكا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى ۋە ھەش-پەش دېگۈچە كىيىملىرىنى سېلىپ بولدى.

ئۇ قېشىمدا ياتتى. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ قىزلارغا خاس نازۇك مۇرىلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— يىغلاپسىزغۇ؟ — چۆچۈپ سورىدى ئۇ، — نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— ھېلىقى دوستۇم بىلەن ئادا-جۇدا بولۇپ كەتتىم، ئۇ ماڭا يۈزسىزلىك قىلدى.

ئۇ بىردەم ئويغا پاتتى، ئاندىن رەسمىي يوسۇندا:

— كۆردىڭىزمىكى، ئاق ئۆتۈكىمنىڭ پاشنىسى چۇشۇپ قالدى، — دېدى.

ھېچ چۈشەنمىدىم، ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى بىلەن مېنىڭ دەردىمنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى باركىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ دەردىمنى مۇشۇنىڭغا ئوخشىتىۋاتسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدىم. پاشنىسى يوق ئۆتۈكنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ موز-دۇزغا ئاپىرىپ پاشنا قويدۇرۇش كېرەك. پەقەت ئامال بولمىسا ئاچچىق ئەخلەتكە تاشلاش، ئۇنى ئۇنتۇش كېرەك. بىزگە ئا-سىيلىق قىلغانلارنىمۇ ئاشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دەس-

لىپىدە مۇناسىۋەتنىڭ چاك كەتكەن يەرلىرىنى يەملەپ، ئۇنى سىلىقلاش، بولمىغان يېرىگە كەلگەندە، قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن ئۇنى خاتىرىمىزنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈۋېتىشىمىز، ئاندىن يېڭىدىن بىرنى سېتىۋېلىشىمىز كېرەك.

— كۆردىڭىزمۇ؟ — قايتىلاپ سورىدى ماشكا.

— نېمە؟

قىزىمنىڭ ماڭا ئوخشاش ئوخشىتىش بىلەن جاۋاب بېرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتىم. يۈرىكىم كاۋاپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بىر پارچە نەم لاتا بولسىمۇ يېقىلسا خېلى ئارام تېپىپ قالاتتىم. لېكىن، قىزىم مەن كۈتكەن ئوخشىتىشنى، ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى چۇشۇپ قالغان بولسا يېڭىسىنى ئالسا بولمامدۇ، دېگەن گەپنى قىلمىدى.

— كىيىمدىغىنىم قالمىدى، — دەپ بايانات ئېلان قىلدى ئۇ.

— يەنە بىر قىزىلى بارغۇ؟

— ئۇ دېگەن قىشلىق ئۆتۈك. باھار كېلەي دەپ قالسا، كىيگۈدەك ئايىغىممۇ يوق. قانداق ئانا سىز...

— ساڭا نېمە بولدى. بايا قىلغان گەپلىرىم ئۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ — غۇزژىدە ئاچچىقىم كەلدى.

— نېمە دېگەنىدىڭىز؟

— ھېلىقى دوستۇمنىڭ گېپىنى قىلغانىدىم.

— قانچىلىك ئىش ئىدى ئۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسىلا بولمامدۇ؟ سىلەر خېلىدىن بۇيان ئۇرۇشۇۋاتقىلىقۇ.

— بىز ئۇرۇشۇپ قالمىدۇق.

— ئەمسە، ئۇ ئۆيىمىزگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ بۇرۇن دائىم كېلەتتى...

گۇيپىدە يادىمغا چۈشتى. راست، ئۇ ماڭا تېلېفون بەرمىگىلى، ئۆيگىمۇ كەلمىگىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى. ئالدىراشچىلىقتا بۇنى كۆڭۈلۈمگىمۇ ئالماپتىمەن، ھەتتا دىققەتمۇ قىلماپتىمەن.

— بولدى، — دېدىم مەن، — ھۇجراڭغا چىقىپ ئۇخلا.

قىزىم خۇددى ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن ئادەمدەك قىمىرلىماي يېتىۋالدى. ئۇنىڭ مەن بىلەن بىللە ياتقۇسى بار ئىدى. ئۇ ھەم قورقۇپ يۈرۈشتىن ئېرىنەتتى ھەم چىقىپ سوغۇق يوتقاندا يېتىشنى خالىمايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ تېخى بالا — دە.

— بولە، تېز، قوپ، بولمىسا ئىككىلىمىز ئۇخلىيالمايمىز.

مەن ئۇنى كەڭ كارىۋاتتىن ئىتتىرىشكە باشلىدىم، ئەمما ئۇ خۇددى كارىۋاتقا مىخلاقلىقتەك ئورنىدىن قوزغالمايتتى. مەن بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى كارىۋاتنىڭ لېۋىگە سۈرۈپ ئاپاردىم. ئۇ بىر قولىدا پولغا مەھكەم تىرەجىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئارتىلىپ تۈرۈپ تىرەجىۋالغان قولىنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇۋىدىم، «گۇپ» لا قىلىپ ھەر ئىككىلىمىز پولغا چۈشتۇق. مەن كارىۋىتىمغا ئۆمىلەپ چىقتىم، ماشكا كىيىم - كېچەكىنى ئېلىپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

كۆزۈمنى يۇمۇپ يېتىپ ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا، ئىشىكلەرنىڭ غىچىرلىشىغا، ئۇ ئورنۇندۇقا پۈتلىشىپ كەتكەندە چىققان تاراق — تۇرۇق ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپ ياتتىم. بۇ ئاۋازلار قەلبىمنى تۇرمۇشقا بولغان ھەر خىل كەچۈرمىشلەر بىلەن تولدۇر-

دى . بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىيالىغىنىمنىڭ ئۆزى مېنىڭ ئىچكى مەۋجۇت ئىكەنلىكىمدىن دېرەك بېرەتتى . ئون يەتتە يىللىق ئۆتمۈشۈم ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى . قارىغاندا ئېرىم ئۆتمۈشۈمدىن ئازراق بولسىمۇ « بىرنېمە » قالدۇرغان ئوخشايدۇ . بۇ « بىرنېمە » « پۇۋۇ » دېسە يوقاپ كېتىدىغان ساختا نەرسىلەر بولماستىن ، بەلكى قول ـ پۇتى ، بېشى ، ئاۋازى ، تۇتسا سېپى ، چاقىرسا ئېتى بار نەرسە ئىدى .

ئۇخلاپ قاپتىمەن ، ئۇخلىغانىدىمۇ شۇنداق ياخشى ئۇخلاپتىمەن .

غەلىتە ئىش . تۇرمۇشۇمدا ئەڭ چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچ ـ رىغان كۈنۈم شۇنداق تاتلىق ئۇخلىغىنىمغا ھەيرانمەن .

ئەتىسى

بۈ جۈمەنى ، بۇ كۈننى قارا دېسەم ئارتۇق كەتمەس . بۇ كۈنى ئىشلەيتتىم . شۇڭا ، مەيلى ئۇ قارا رەڭلىك ياكى ئەترگۈل رەڭلىك بولسۇن ، ئىشقا بارمىسام بولمايتتى .

ھەرقاچانقىدەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، كىيىملىرىمنى كىيىپ تەجرىبىخانىغا بېرىشقا تەييارلاندىم .

ئالدىمدا ئىككى قىيىن مەسىلە تۇراتتى : ئۆزۈمنى كىشى ـ لەرنىڭ ئالدىدا قانداق تۇتۇش ؛ قانداق كىيىنىش .

بىرىنچى لايىھەم : ئۆزۈمنى ناھايىتى روھلۇق ، خۇشال تۇتۇپ خىزمەتداشلىرىم بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىش ، گېپى كەلگەندە تېخى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىش . بۇنداق قىلسام ، ئۆ ـ زۈمنى قىلچە دەرد تارتمايۋاتقاندەك قىياپەتتە كۆرسىتەلەيتتىم . دەرد تارتمايۋاتقاندەك كۆرۈنۈپلا قالماستىن ، يەنە بىر ھېسابتا ئې ـ

رىمدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولۇۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتىم.
ئىككىنچى لايىھەم: چىرايىم سولغۇن، ھەممە يېرىمدىن بىچارىلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان ھالدا باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش. بىراق، خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا ھەسەتخورلار ئاز ئەمەس. ھەسەتخورلۇق كەڭ تارقالغان، ھەتتا بىرئاز ئىلغارلىق ئاملىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل كەيپىيات، چۈنكى ئۇ جەمئىيەتنى بىر ئىزىدا توختا قېلىشتىن ساقلاپ، تەرەققىياتقا ئۈندەيدۇ. ماڭا كەلگەن شان ـ شەرەپ، يۈك رەختتىن تىكىلگەن كاستۇم ـ يوپكا ۋە بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاپئاق ئۆتۈكىمدىن باشقا، ئاشۇ نور شەھىرىلا ئەتراپىمدا ھەسەتخورلارنى يېتەرلىك ئاپىرىدە قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشىمۇ ناتايىن، ئەمما مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قېلىشى ئېنىق.
ئىشقىلىپ بىرىنچى لايىھەنى ئىشلەتسەم، ئۆزۈمنى كۈچەپ پەردازلاپ كۆرسىتىشىم، ساختا قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشىم كې-رەك. بۇ ماڭا تولىمۇ بىمەنە تۇيۇلىدۇ. ئىككىنچى لايىھەنى قوللى-ناي دېسەم، خەققە تولىمۇ مىسكىن، بىچارە كۆرۈنۈش غۇرۇرۇمغا تېگىدۇ. شۇڭا، بىرىنچى لايىھە بىلەن ئىككىنچى لايىھەنىڭ ئوت-تۇرىسىدىنراق ئۈچىنچى لايىھەنى ئويلاپ تېپىشىم كېرەك. يەنى ئۆزۈمنى بەكمۇ خۇشال ياكى بەكمۇ مىسكىن تۇتماسلىقىم، ئادەت-تىكىدەك تەبىئىي تۇتۇشۇم كېرەك. باشقىلار بىلەن سەل ئارىلىق قويۇپ پاراڭلاشسام، خىزمەتداشلىرىمدىن سەل نېرىراق تۇرساملا بولىدى.
ئىككىنچى قىيىن مەسىلە، قانداق كىيىنىش.
چىرايلىق ياسىنىپ خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بو-لۇپ، ئېرىمنى تارتىۋالغان ھېلىقى دوستۇمدىنمۇ چىرايلىق ھەم

www.uyghurkitap.com

ياش كۆرۈنەي ، دەپمۇ ئويلىدىم . شۇنداق ياسىنايكى ، خىزمەتداشلىرىم ، تۇۋا ، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ كۆزى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان بولغىيمىدى ، مۇشۇنداق ئايالى تۇرۇپ ئېمىشقىمۇ كونىسىدىن زېرىكىپ يېڭىسىنى تاپقاندۇ ؟ دېيىشسۇن . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، بۇ كونىسىدىن زېرىكىپ يېڭىسىنى تېپىش ئەمەس ، بەلكى يېڭىسىدىن زېرىكىپ كونىسىنى تېپىش ئىدى .

ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدىم . تۇرقۇمدىن سۇغا تەشنا بولۇپ كەتكەن ، بىراق كىشىلەر ئۇنى سۇ ئىچكىلى قويمىغانلىقى ئۈچۈن ، چاڭقاپ ئۆلەيلا دەپ قالغان قۇشقا ئوخشاپ قالغانىدىم . ئاغزىمنى يېرىم ئېچىپ ، كۆزۈمنى يېرىم يۇمۇپ تۇراتتىم . ئىچكى ئەزالىرىم خۇددى قوشۇقتا سىرىتىۋالغاندىن كېيىن بىر چېلەك لازا سۈيىنى قويۇۋەتكەندەك ئېچىشاتتى . بېشىمنىڭ ئاغرىقىنىڭ دەستىدىن ئۆلۈپلا تۈگەشكۈم كېلەتتى . بۇ ئەجەل بىلەن ئۆلگەنگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى . بۇنىڭدا ئادەمنىڭ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكۈسى كېلەتتىيۇ ، يەنە ئۇنداق قىلالماي خىزمەتكە بېرىشقا مەجبۇر بولاتتى .

ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، يۈز - كۆزۈمنى پەردازلاشقا باشلىدىم . بۇنىڭغا جىق ۋاقىت كېتەتتى . ئۆزىمىزنىڭ ماگىزىنىدىن ئالغان فرانسىيىنىڭ گۈزەللەشتۈرۈش مەلھىمىنى يۈزۈمگە سۈركەۋېتىپ ، تۇۋا قىلغۇچى بىلەن تۇۋا قوبۇل قىلغۇچى پوپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى . بۇرۇنلاردا ، كىشىلەر چېركاۋغا بېرىپ ، چىرايىدا قىلچە ئىپادە يوق پوپنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى . بۇ ئۇلارغا خۇدانىڭ ۋەكىلىنىڭ ئالدىدا تىزلانغاندەك بىلىنەتتى ، تۇۋا قىلغۇچى ھېچكىم كۆرمەيدىغان ، ھېچكىم ئاڭلىمايدىغان يەرگە كىرىپ ، روھىنى پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈن پوپقا ئىچ - قار-

نىنى تۆكۈپ تاشلايتتى، ئاندىن پوپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ پەندى ـ نەسىھەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، تووا قىلغۇچى كۆڭلىدىكى كىرلەر ئېرىپ، روھى پاكلىنىپ، خۇشاللىق بىلەن قايتىپ چىقاتتى.

بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، پوپنىڭ رولىنى يېقىن دوست، يېقىن تونۇشلار ئۆتەيدىغان بولدى. مەسىلەن، مەن دەردىمنى بىر دوستۇمغا تۆكىمەن، ئەتىسى ئۇ دوستۇم بۇنى ئۆزىنىڭ دوستىغا، بۇ دوستى يەنە بىر دوستىغا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى ئىشلار كوچا ـ كوچىغا تارقىلىپ، ئۇلارغا قاش ـ كىرپىك، مۈڭگۈز ـ قۇلاق چىقىپ، ئۆزگىرىپ، ئاخىر ئۆز ئاغزىمدىن كەتكەن بالا ـ قازاغا ئايلىنىدۇ. لېكىن، ئىچ ـ قارنىدىكىنى تۆكۈپ تاشلىمىسا، قانداقمۇ روھنى پاكلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ھەممە سىرىمىزنى خەقتىن يوشۇرۇش ئۈچۈن دەردىمىزنى ئىچىمىزدە بىلىپ يۈرۈيدىغان ئىش بولسا، دوست تۇتقاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن...

پەردازىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆز ئەمگىكىمنىڭ مېۋىسىنى كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. ناۋادا، ئاپام شۇ تۇرقۇمنى كۆرىدىغان بولسا چوقۇم تىرىك مۇردىنىڭ ئۆزى بوپسەن، دېگەن بولاتتى.

كارىدوردا تۇنجى بولۇپ مېنىڭ ياردەمچىم بىلەن ئۇچراشتىم. بۇ ئايال توختاپ تېخنىكىلىق ھۆججەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ سورىغانلىرىغا بىرمۇبىر جاۋاب بەرگەچ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە سەپسالدىم، ھالبۇكى، ئۇنىڭ كۆزقارىشىدىن ھېچنېمىنى سېزەلمىدىم. بىر بولسا ئۇ مېنىڭ بەختسىزلىكىمدىن خەۋەرسىز، بىر بولسا ئۇنىڭ خەقنىڭ

ئىشى بىلەن كارى يوق ئىدى. بولىدىغان ئىشنىڭ كېيىنرەك بو-
لۇشىنى تولىمۇ خالايتتىم. باشقىلارنىڭ دەردىگە كۆڭۈل بۆلمەس-
لىك ھېسداشلىق قىلغاندىن مىڭ ئەلا، بۇ سالامەتلىككە پايدىلىق.
ياردەمچىم گەپلىرىمنى زېھنىنى مەركەزلەشتۈر-
گەن ھالدا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئاڭلاپ تۇراتتى. مەن بىر ئى-
لىم ئىگىسى. تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ كەڭ ھويلىسىدا بۇ ھەممىدىن
بەك ئىناۋەتكە ئېلىنىدۇ. پەن ـ تەتقىقات ئورگانلىرىدا شەخس-
لەرنىڭ نام ـ شۆھرىتى ئاياللارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن كۆپ مۇ-
ھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ياردەمچىم خۇددى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىۋاتقان
جەڭچىدەك ئالدىمدا تىككىدە تۇراتتى. بولمىسا مەن ئۇنىڭغا ئۆ-
زۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتىم. ئۇ ھەممە ئىشنى كۆڭۈل تىنىغۇ-
دەك قىلاتتى، پەقەت كېچىكتۈرمەيتتى، قىلچە بىخەستىلىك قىل-
مايتتى. سېزىشىمچە، ئاياللار خىزمەتنى ئەرلەرگە قارىغاندا كۆزگە
كۆرۈنەرلىك ئىشلەيتتى، ھېچبولمىسا بىزنىڭ بۇ تەتقىقات ئورنى-
مىزدا شۇنداق ئىدى...

گەپنى تۈگىتىپ بىرنەچچە مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
باشلىقىنىڭ قېشىغا ماڭدىم.

كاتىپ ئايال سىرتىمنى قاراپ بىلىۋالماقچى بولغاندەك، ماڭا
خۇددى مۇنالىزانىڭ رەسىمگە قارىغاندەك تىكىلىپ قاراپ كەتتى.
مۇنالىزادەك ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتىدىغان، بىر بولسا قور-
سىقىدا بالىسى بار، قېشى يوق، كەڭ پېشانىلىك ئىلاھەنى پۈتۈن
دۇنيا نىمانچىۋالا ياخشى كۆرىدىغاندۇ.

«ئۇ بىلىپ بوپتۇ» دەپ ئويلىدىم ـ دە، خىيالىمدا قو-
لۇمنى ئۆزىتىپ ئارىلىقنى مۆلچەرلەپ باقتىم.

— مائاشىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ، ئاندىن پۇل

ساناشقا چۈشتى.

باشلىقنىڭ ئىشىكى ھەم ئېتىك ئىدى. پەمىچە، ئۇلار يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھاراق ئىچىۋاتاتتى. تەتقىقات ئورنىمىز مەيلى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بايراملىرى بولسۇن ياكى دىنىي بايراملار بولسۇن، ھەممىسىنى تەبرىكلەيدىغان ئەنئەنىگە ئىگە ئىدى. قاراڭلار، ئۇلارنىڭ زىياپەتكە مېنى چاقىرمىغىنىنى، نېمىشقىدۇ؟ بۇنى شۇنداق بىلگۈم كەلدى. بەلكىم ھېلىقى ئېرىمنى تارتىۋالغان دوستۇم بىلەن داستىخاندا دوقۇرۇشۇپ قالمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلغاندۇ. ئادەتتە ئۇ ھېچقانداق زىياپەتتىن قالمايتتى، بۇ قېتىممۇ چوقۇم ئۇ بار. شۇ تاپتا ئۇمۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدىغاندۇ، بەلكىم ئېرىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە زىياپەتكە داخىل بولۇۋاتقاندۇ، ئەمدى ئۇ ئىككىسى ئايرىلىپ يۈرمەيدۇ ـ دە.

روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىكىم جىسمانىي جەھەتتىكى جىددىيلىككە ئايلىنىپ، جىسمانىي جەھەتتىكى جىددىيلىكتىن كۆزلىرىم يوغىناپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، كاتىپ ئايال سەكسەن ئۈچ كوپېيكنى توشقۇزۇش ئۈچۈن پۇل ساناۋاتقاچقا، دەرھال كېتەي دېسەممۇ، كېتەلمەيتتىم.

باشلىق ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ مېنى كۆردى ـ دە، دەرھال ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئورنۇمدىن مىدىرلىمىدىم، ماناشمنى ئالدىم ـ دە، تەجرىبىخانامغا قاراپ جىممىدە ماڭدىم.

ـــ يېڭى يىلىڭلار مۇبارەك بولسۇن، يولداشلار. يېڭى يىلىڭلار بەختلىك بولسۇن.

تا بۇگۈنگىچە مەن تەجرىبىخانامنى مۇقەددەس جاي، دوكتور فائۇستنىڭ تۇرىدىغان جايى، دەپ بىلەتتىم. تۇساتتىن ئۇ كۆزۈمگە ئەسكى ـ تۈسكىگە تولغان قازناقتەك بىلىنىپ كەتتى.

ئىشقا قولۇم بارمىدى. شۇ تاپتا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن بولسام بەك ياخشى بولاتتى. ئۇ يەرگە كىرەتتىم ـ دە، كۆپچىلىككە قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇراتتىم، ھەتتا ئۇ بىر جۇپ «ياش» نى تەبرىكلەپ قەدەھ سوقۇشتۇراتتىم، ئاندىن سومكامدىن نەپىس، چاققان تاپانچىنى چىقىرىپ (شۇغىنىسى، تاپانچام يوق ئىدى، بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى) ئىرىمگە تەڭلەپ تۇرۇپ سىپايىلىك بىلەن: «سۆيۈملۈكۈم، قايسى ئۇسۇلنى ياخشى كۆرىسىز؟ ئوقنى كەينى ـ گىزدىن يېيىشنىمۇ ياكى ئالدىڭىزدىن يېيىشنىمۇ؟» دەپ سورايتتىم.

بۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تازا سىنچىلاپ قارايتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئالاقزادىلىك، قورقۇش چىقامدۇ ياكى ئەكسىچە قارىچۇقلىرى قېتىپ قالامدۇ، بۇنى ئوبدان كۆ ـ رۈۋالاتتىم. چۈنكى، مەيلى كەينىدىن ياكى ئالدىدىن ئېتىشىمنى ئۇ خالىمايتتى. شۇنداقتىمۇ، مەن مۇلايىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنى قارىغا ئالاتتىم.

بۇنداق چاغدا ھېلىقى دوستۇم قانداق قىلار؟ ئىرىمنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالارمۇ ياكى ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالارمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ كىمنى سۆيۈشكە باغلىق، ئۆزىنىمۇ ياكى ئۇنىمۇ.

كېيىن ئەھۋال قانداق بولار؟ ئۇنى ئېتىۋەتتىممۇ دەي، ئۆزۈمنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىم بىلەن پەرۋايىم پە ـ



www.uyghurkitap.com

لەك . ئەمما ، ھېلىقى دوستۇمنىڭ تېزلا پەسكويغا چۈشۈپ قېلىـ
شىغا ئىشىنىمەن . چۈنكى ئۇ ئانىنا خانىم ئەمەس ، ئېرىنىڭ قەبرىـ
سىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلايدىغان . بازاردىن ياڭيۇ ئەكېلىپ بېرىـ
دىغان يېڭى ئەردىن بىرنى يەنە تاپىدۇ ئۇ . بەلكىم مېنى فوبىكالغا
سۆرگۈن قىلار . ئاڭلىسام ، كىشىلەر ئۇ يەردىكى تاغلاردا ئالتۇن
كولايمىش . . . تازىمۇ دۆت نېمىلەركەن .

يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ ئۇھسىندىم ، ئانىـ
دىــن ھەرخىل سۇيۇقلۇقلارنى ئېلىپ تەجرىبەمنى باشلىۋەتتىم .
لېكىن ، ئىشقا پەقەت كۆڭلۈم تارتمايتتى . شۇ تاپتا ، قىلىۋاتقان
خىزمىتىمگە بولغان بىزارلىقىمغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى .
شۇنداقتىمۇ ، بۇگۈن ئورۇنلاشقا تېگىشلىك پىلانىمنى تۈگىتىشكە
ئۆزۈمنى مەجبۇرىي زورلىدىم . بۇنى قىلماق دەسلىپىدە تولىمۇ
تــەسكە توختىدى . بارا ــ بارا خۇددى ۋاقىتتىن ئۆزۈمنى يۇلۇپ
چىققاندەك ئۆگىنىپ قالدىم . خىزمەت خىزمەتكە ، ۋاقىت ۋاقىتقا
مەنسۇپ ، ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ . مەن ھەتتا ئۇ بىرنېمىنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتىم . يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشتىن
كېيىن مېنىڭ پۈتۈن ۋاقتىم ئازاب ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ ، شۇ
تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇنچە ئازاب ھېس قىلمايۋاتاتتىم ، بىر خىل بىـ
ھوشلۇق ھالەتتە ئىدىم ، بىراق بۇ پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك بىـ
ھـوشلۇق بولماستىن ، بەلكى قىسمەن خاراكتېرلىك بىھوشلۇق
ئىدى . چۈنكى مەن ھەممىنى كۆرۈپ ، چۈشىنىپ تۇراتتىم ،
ھــەمدە يۈرىكىمدىكى ئاغرىقنىمۇ سېزەلەيتتىم . لېكىن بۇ ئاغرىق
بەكمۇ قاتتىق بولمىغاچقا چىداۋاتاتتىم .

ئىلىم ــ پەن ئارىسىدىن ئۆز يولۇمنى ئىزلەپ يۈرگەن
چــاغلاردا ، پــەقەت بىر جۈپلا ئاق گۈل چۈشكەن ئەتىرگۈل رەڭـ

لىك توپلىيىم بار ئىدى. دېمىسەممۇ بىلىسىلەر، توپلەي دېگەننى
ياز كۈنلىلا كىيىدۇ، بىراق مەن زىلۋا كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىش
كۈنلىرىمۇ ئۇنى كىيەتتىم. بۇ ئېگىز پاشنىلىق توپلەينى كىيىپ،
قانچىلىك يوللارنى بېسىپ، ئاندىن چىقىش يولۇمنى تاپقانلىقىمنى
خۇدا بىلىدۇ، كېيىنچە مەن بۇ تەجرىبىخانىنى قۇرۇش ئۈچۈن
قانچىلىك ئازار يېگىنىمنى، قانچىلىك ياش تۆككىنىمنى ئۆزۈم بى-
لىمەن. مەن خۇددى قورساق كۆتۈرگەنگە ئوخشاش نام - ئا-
تاق، ئۇتۇق قازىنىش يولىدىكى ھەممە جەرياننى — ئۆز -
ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىش، ئۆز - ئۆزىنى ئىسپاتلاش ۋە ئېتىراپ قى-
لىنىش جەرياننى بىر - بىرلەپ بېسىپ ئۆتتۈم. ۋەھالەنكى، ئەڭ
ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەندە ئېرىمنى خەققە تارتقۇزۇپ قويۇپ
قاراپ ئولتۇردۇم. ھازىر كۆڭۈلدىكىدەك كەسىپكە ئىگە بولدۇم.
ئەمما، ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن كەسىپ
دېگەن مەڭگۈلۈك ئىكەن. دەسلىپىدە كەسىپىمنى زورۇقۇپ سۆ-
رىدىم، مانا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا
ئىلگىرىلىيەلەيمەن. يەنە بىر مەزگىل ئۆتسە، كەسپىم ئۆزلۈ-
كىدىن قولۇمدىن يېتىلەپ كېتىۋېرىدۇ ۋە مەن ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئىستىقبالىم پارلاق،
بىچارە بولۇۋېلىشىمنىڭ، ئۆزۈمنى كەم سۇندۇرۇشۇمنىڭ
ھاجىتى يوق. ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش بىلەن ئۆزىنى چوڭ تۇ-
تۇش ئوخشاشلا پەزىلەت بابىغا يات.

ئىشىك ئېچىلىپ تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچۇم گومونروف كى-
رىپ كەلدى. تۇرمۇشقا بولغان نارازىلىق ئۇنىڭ چىرايىدىن مانا
مەن، دەپ چىقىپ تۇراتتى. بىر بولسا ئۇ ئارتۇق ئىچىپ قويغان،
بىر بولسا ئۇيقۇسىغا قانمىغانىدى، بىر بولسا ھەر ئىككىلىسى بار

ئىدى .

— ئىلمىي ماقالىڭىز قېنى ؟ — سورىدىم مەن .

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

— ئەمىسە نېمىدەپ كەلدىڭىز ؟ قانداق ئۇنتۇپ قالغىنىڭىزنى دەپ بېرەلەمسىز ؟

گومونروف ئېسەنگىرەپ قالدى . ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم . ئۇ ماقالىنى يازمىغانىدى . ئۇنى قوغلاپ چىقارماقچى بولۇپراق توختاپ قالدىم . چۈنكى ئۇ تالانت ئىگىسى ئىدى ، بىرلا يېرى تۇرمۇشنى زىيادىرەك ياخشى كۆرەتتى .

ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا سەپسىلىشقا باشلىدىم . ئۇنىڭ ئەپتىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى .

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز ؟

— ئەمىسە ، قانداق قىلىمەن ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ .

— ئۆيگە بېرىپ ئەكەلمەمسىز ؟

ئۇ بىرپەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ قانداق ئامال تاپىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم . . .

. . . ئېرىمنى تارتىۋالغان ئايالنى ئېتىۋېتەيمىكى !؟ بىراق ، ئۇ چاغدا ئېرىم يەنە بىر دوستۇمنى ئېلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ . ھەرگىز توۋا قىلىپ ئالدىمغا كەلمەيدۇ . ئۇغۇ يەنە بىر دوستۇمنى ئېلىپ ئولتۇرار ، مەن سۇرگۈن بولۇپ ئادەمزاتسىز چۆلدە كېزىپ يۈرەرمەن . . . شۇڭا بۇ لايىھەمۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن .

ئەينەك پارچىسىغا بىر تامچە سۇيۇقلۇقنى تېمىتتىم ـ دە ، مىكروسكوپنىڭ ئاستىغا قويۇپ قارىدىم . كۆز ئالدىمدا باشقا بىر دۇنيا زاھىر بولدى . خۇددى مۇزىكانتقا نوتا ، دوختۇرغا ئادەم بە-

دىنى تونۇشلۇق بولغاندەك ، بۇ باشقا بىر دۇنيا ماڭا تولىمۇ تو-
نۇش ئىدى . ماڭا بۇ دۇنيا تولىمۇ مەنىلىك ، تولىمۇ قىزىقارلىق
بىلىنەتتى .

ئايال كاتىپ كىرىپ :

— ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ بولدى ، — دېدى .

ئۇنىڭ تۇخۇمدەك سىلىق ، چىرايلىق يۈزىگە قاراپ قالدىم ، بىرھازادىن كېيىن سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى ئاندىن ھېس قىلدىم .

— ئاۋۇ تەرەپتىكى زىياپەت ئاياغلاشتىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن سوغۇققىنا .

— نېمە زىياپەت ؟ — سەمىمىيلىك بىلەن سورىدى كاتىپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ .

— يېڭى يىلنى تەبرىكلەش زىياپىتىچۇ . . .

— قەيەردە ؟ — چۈشەنمەي سورىدى ئۇ .

— باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىچۇ ؟

كاتىپ ئايال ماڭا ھەيرانلىق بىلەن بىر قارىۋېتىپ :

— نىنولىيا ، بەدەن تېمپېراتۇرىڭىزنى ئۆلچىتىپ باقسىڭىز بوپتىكەن ، — دېگەن تەكلىپنى بەردى .

— نىنا ئالېكسېيېۋنا ، — دەپ تۈزەتتىم ئۇنىڭ ئۇزاتقان قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ .

لېكىن ، كۆڭلۈمگە ھەممە نېمە ئايان بولدى . مەن ئۆتنەك يېنىۋاتقان تەسەۋۋۇرۇمغا تايىنىپ بۇ زىياپەتنى كاللامدا تۈزۈپ چىققانىدىم . ئەمەلىيەتتە ، ئېرىم ياكى ھېلىقى دوستۇم بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغانىدى . ئۇلار بۇ يەرنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ ؟

كاتىپ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ھېسداشلىقىمنى قوبۇل قى-

لىك ، دېگەندەك بىر خىل ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى . ئەمما مەن ئىچىمدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان غەلىيانلارنى ئۇنىڭغا بىزەمۇ چاندۇرمىدىم .

مىكروسكوپنى يىپىپ قويۇپ ، تەجرىبە خاتىرىسىنى تارتمىغا سېلىپ قۇلۇپلىدىم . سائىتىمگە قارىدىم . جۈمە كۈنى تۈگەپ قىسقىلا قۇيرۇقى قاپتۇ . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، مېنى نەس باسقانلىقنىڭ ئىككىنچى كۈنىنى كەسپىمنىڭ بىھوش قىلىشى ئىچىدە ھەم كەلگۈسى ئىستىقبالىمنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆتكۈزۈپتىمەن .

## شەنبە

شەنبە تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى بىلەن باشلاندى .

بۇ تېلېفون ئاۋازلىرىنى خىزمەت ھەققىدىكى تېلېفون بىلەن شەخسىي تېلېفون دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈش مۇمكىن . شەخسىي تېلېفونلارمۇ يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ : مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن خەۋەردارلاردىن كەلگەن تېلېفون ھەم خەۋەردار بولمىغانلاردىن كەلگەن تېلېفون .

بەختسىزلىكىمدىن خەۋەردار بولغانلارمۇ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ :

1 . ئېرىمنى رەزىل ، دەپ ئەيىبلەيدىغانلار .

2 . ھېلىقى دوستۇمنى ، بۇزۇق دەپ تىللايدىغانلار . ئۇلار ئاۋۋال ئۇنى راسا تىللىۋەتكەندىن كېيىنلا ، مەندىن :« ئۇ ياشمىتى ؟ » دەپ سوراپ ، مېنىڭ ئانچە ياش ئەمەسلىكىمدىن بېشارەت بېرىشەتتى . مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشتا ، دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ئۇلار ھەيران قالاتتى ـ دە ، ئارقىدىنلا :« توۋا ، سې-

نىڭ كۆزۈڭ نەگە كەتكەن ؟ » دەپ سورايتتى . ئۇلارنىڭ ھەممە
ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىدىن تارتىپ بىلگۈسى كېلىپ ، بىلىپ تۇ-
رۇپ سوراپ ئاۋارە قىلاتتى .
مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىساممۇ ، ئۇلارنىڭ
ھېسداشلىقىنى قوبۇل قىلمىساممۇ بولاتتى . ئۇلارنىڭ ھېسداشلى-
قىنى قوبۇل قىلىپ كېلىمەدىن تاماق ئۆتمەيۋاتىدۇ ، ئۇخلىيالمايۋا-
تىمەن ، ھېچنېمىگە كاللام ئىشلىمەيۋاتىدۇ ، دەپ قاقشاپ بەرسەممۇ
بولاتتى ، بىراق ئۇنداق قىلسام روھىم تېخىمۇ چۈشۈپ كېتەتتى .
لېكىن مەن ھەر ئىككىلا لايىھىنى قوللانمىدىم ، بەلكى كۇتۇزوفنىڭ
برودىنو جېڭىدىن كېيىن قوللانغان تاكتىكىسىنى قوللاندىم .
ناپولېئون ئۇخلاپ قوپۇپلا داۋاملىق جەڭ قىلىشنى قارار
قىلغان چېغىدا ( ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ئالدىنقى كۈنى
ئاخشىمىلا بۇ قارارغا كېلىپ بولغان ) ، ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتى-
نىڭ تۇساتتىن غايىب بولغىنىنى سەزگەن ، ئەمما دۈشمەننىڭ قا-
ياققا كەتكىنىنى بىلەلمىگەن .
نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ناپولېئون مورىسىنى ئېتىپ
قويۇپ ، قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ موسكۋانى ئىگىلىگەن . شۇ زا-
ماندىكى قائىدە بويىچە ، ئۇ رۇسىيە تەرەپنىڭ ئۆزى بىلەن كۆ-
رۈشۈش ئۈچۈن ھەربىي ئەلچى ( ئۇ چاغدا بۇنداق ئاتىماسلىقىمۇ
مۇمكىن ) ئەۋەتىشنى تەمە قىلىپ تۇرغان . چۈنكى ، مەغلۇپ ئەل
غالىبلارغا ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش شۇ چاغنىڭ قائىدىسى ئى-
دى . ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمۇ
مۇمكىن ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەلچىمۇ كەلمىگەن ، ئۇلار-
نىڭ شەرىپىگە زىياپەتمۇ ئۆتكۈزۈلمىگەن ، ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە
موسكۋا لاۋۇلداپ يانغان . قورساقنا يەيدىغان بىر تال دان يوق ،

ئەمما هاراق گەملىرىنىڭ ھەممىسى ئىچىۋېتىلگەن . فرانسىيە ئەسكەرلىرى هاراققا چىلىشىپ كەتكەن . ناپولېئون كەڭ قورساق-لىق بىلەن چار پادىشاھىغا ئۇرۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىش توغرۇ-لۇق تەكلىپ بەرگەندە ، چار پادىشاھ يارىششنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلغان . چار پادىشاھنىڭ يا ئۇرۇش قىلماي ، يا ياراشماي تۇرۇۋېلىشى ناپولېئوننىڭ بېشىنى قاتۇرغان . موسكۋا لاۋۇلداپ كۆيىۋەرگەن ، فرانسىيە ئەسكەرلىرى ئۆلگۈدەك ئىچىۋەرگەن . دەل شۇ چاغدا ، قارا قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى باشلىنىپ كەتكەن . ئەسلىدە ئۇلار فرانسىيىگە قايتسا بولاتتى ، ئەمما ئۇلارنىڭ ۋەتىنى تولىمۇ يىراقتا قالغان . فرانسىيىلىكلەر بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى قانداق يىغىشتۇرغىنىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمسامۇ بولىدۇ . چۈنكى ، مەكتەپلەردە مۇئەللىملەر بۇنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ .

قىسقىسى ، مەن كۇتزوفنىڭ تاكتىكىسىنى قوللاندىم . ئەسكەرلىرىمنى جىمجىتقىنا يىغىشتۇرۇۋېلىپ ، مەندىن سىر ئال-ماقچى بولۇپ تېلېفون بەرگەنلەرنى ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە قىلمىدىم .

— ئېرىڭنىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىنى ، بىر پەسكەش خوت-تۇن ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋالغىنىنى ئۇققانسەن ؟ — شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدە ئولتۇرىدىغان ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر قىز ساۋاقدىشىم تېلېفوندا ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتتى .

— سەن ئۇققان يەردە ، مەن ئۇقماي قالامسەن ؟! — دېدىم مەنمۇ .

— ئۇ مېنى ئالداپتۇ ! — ۋارقىراپ كەتتى ئۇ ، كەينىدىنلا يىغلاشقا باشلىدى ، — ئۇنى بۇنداق قىلار دېمەپتىكەنمەن ! ئۇ

تۇرمۇشۇمنىڭ ئايرىلماس بىر بۆلىكى ئىدى . . .
جىمپلا كەتتىم . ئۇنىڭ ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلاۋاتقىنىنى تىڭشاپ تۇرۇپ ، تاشلىۋېتىلگەن مەن ئەمەس، ئەسلى ئۇ ئىكەن ــ دە ، دېگەن يەرگىمۇ كېلىپ قالدىم .
ــ ئۇ نېمە بولغاندۇ ، ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ يا ؟
ــ نېمىشقا ؟ ــ چۈشەنمەستىن سورىدىم .
ــ ئۇ خوتۇنىنىڭ قەيىرى سەندىن ئارتۇق ئىدى ؟
ئەلۋەتتە مەندىن ئارتۇق ــ دە ، لىللا گەپنى قىلغاندىغۇ ، ھەر جەھەتتىن مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىدىم ، ئەمما ئېرىم ئۇنى مەندىن ئارتۇق كۆرگەندىكىن ، ئەلۋەتتە ئۇ مەندىن ئارتۇق ــ دە . چۈنكى ئۇ ماڭا قارىغاندا ئېرىمگە جىق نەرسە ئاتا قىلالايدۇ ، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭدىنمۇ جىق نەرسە ئالالايدۇ . مەن ئېرىمگە ئۇ ئاتا قىلالىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ ھېچ-نېمە ئالالمايمەن ــ دە .
ــ رېمونت ئىشچىسى تاپالىدىڭمۇ ؟
ــ مۇشۇ چاغقىچە بىرەر ياغاچچىمۇ تاپالمىدىم ، دېگىنە ، ــ ساۋاقدىشىمنىڭ تەلەپپۇزى شۇ ھامان ئۆز-گەردى ، ــ غەلىتە ئىش . ھېچكىممۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۇنىمايدىكەن . ئۇلار ھارىقىغا يەتكۈدەك ئىككى رۇبلى تاپسىلا رازى بولۇپ ، جىقراق پۇل تېپىشنى خالىمايدىغان ئوخشايدۇ . ئۈچ ئاي ئىزدەپ تام ئىشكاپىمنىڭ ئىچىگە توغرا كالتەك قويۇپ بەر-گۈدەك بىرەر ئادەمنى تاپالمىدىم ، دېسەم ئىشەنمەمسەن ؟
ــ كالتەك قويۇپ نېمە قىلاتتىڭ ؟
ــ پەلتو ئاسامدىكەن ! پەلتو ئاسقۇدەك يېرىممۇ يوق . ئىككىمىز قاچان كۆرۈشىمىز ؟

— قاچان خالىساڭ.

— ئەمىسە، ھەپتە ئاخىرىدا كۆرۈشەيلى.

ئىككىمىز دائىم كۆرۈشۈشكە پۈتۈشەتتۇق، ئەمما بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ باقمايتتۇق. قارىغاندا مېنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇ-شۇم خۇددى ئاسارئەتىقىدەك كۆمۈلۈپ كېتىپ، يەرنىڭ ئۈستىدە باشقىچە ياشايدىغان ئوخشايمەن. قىز ساۋاقدىشىمنىڭ ئاۋازى ماڭا خۇددى يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى، شۇڭا ئۇ يەر ئۈستىدىكى ئادەم ئاڭلىماي قالىسۇن، دەپ ئاشۇنداق ۋارقىراپ سۆزلەۋاتامدىكىن.

— مەن ئىشىنىمەن! — ئۇ يەنە ۋارقىرىدى، — سەن غەيرەتلىك ئايال!

راست دېيسەن، مەن غەيرەتلىك. باشقىلار ئات قىلىپ مىنسىمۇ غىڭ قىلمايمەن.

تۇرۇپىكىنى قويۇپ تۇرۇشۇمغا يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفون بىر دوختۇردىن كەلگەنىدى، مېنىڭ كېسىلىمنى كۆرى-دىغان دوختۇر ئەمەس، ئادەتتىكى دوختۇردىن كەلگەنىدى. ئىككى ئائىلە ھەر يىلى دېڭىز بويىدىكى ساناتورىيىدە بىللە تۇراتت-تۇق. قىسقىغىنا يىگىرمە ئالتە كۈنلۈك دەم ئېلىشتا بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق. موسكۋاغا قايتىپ كېلىپلا مۇنا-سىۋىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالاتتى. بۇ مۇناسىۋەت خۇددى مەلۇم پە-سىلدە كېلىدىغان ئاياغنى باشقا پەسىلدە قازناققا تاشلاپ قويغانغا ئوخشايتتى. يىلدا بىر قېتىم دېڭىز بويىدا ئۇچراشقان چېغىمىزدا، ھەر ئىككىلا تەرەپ خۇددى ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك ھېس قىلاتتۇق، ھېسسىياتىمىز بۇرۇنقىدەكلا يېڭى، ئۆزگەرمەس ئىدى.

— تەپرەتلىنىڭ! — دېگەن تەكلىپنى بەردى ئۇ. بۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭدىن ئۇنىڭ ماڭا كەلگەن بەختسىزلىكتىن خەۋەر تاپقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— غەزەپ - نەپرەتنىڭ كۈچى ئادەمگە ياردەم قىلىدۇ.

— ئەمىسە، ماڭا نەپرەت قوزغايدىغان دورا يېزىپ بېرىڭ.

— دورىنى نېمە قىلىسىز؟

— مەن ھېچكىمگە نەپرەتلىنەلمەيدىكەنمەن، شۇڭا دورا ئىچىپ باقايمىكى دەيمەن. بولمىسا، دورىنى نېمە قىلاتتىم...

ئۇ بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن:

— بىز بىلەن بىللە تاماقلىنىشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىمغا گىياھ سالمىغانىدىم. خاتالاشمىسام، مەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ھېچنېمە يېمەپتىمەن.

— بولىدىلا، — رەت قىلدىم مەن، — بەرىبىر گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ.

— دوختۇرخانىدا ياتسىڭىز بولارمىكى.

— قانداق دوختۇرخانىدا؟ ساراڭلار دوختۇرخانىسىدىمۇ؟

— ئۇ يەردە روھىي بېسىم ھېس قىلىسىز. ئەڭ ياخشىسى، مۇھىتنى ئالماشتۇرۇڭ، باشقا جايغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ.

ۋولىنىسكىي ئانىنا كارنىنىناغا ئاشىق بولۇپ قالغاندا، كىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىدى. چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىش روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ياتقاندىن ياخشىراق ئىدى.

— قېنى، ئويلىنىپ باقاي، — دېدىم مەن.

— ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ پىكرىمنى

قۇۋۋەتلەپ ، — ئالدىراپ تۇرىمەن ، ئوپېراتسىيىگە كىرمەكچىدىم ، شۇ تاپتا كېسلىم كارىۋاتتا مېنى ساقلاپ ياتىدۇ .

كېسەلنى ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا چىقىرىپ قويۇپ تېلېفوندا تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ دوختۇرنىڭ . بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئۆمىدنى ئاشۇنداق دوختۇرلارغا باغلاپ يۈرۈۋېرىدىكەنمىز - دە .

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ ئىچىمدە « نەپرەتلىنىش » ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم .

باشقا كۆچىلەرگە ئوخشاش « نەپرەتلىنىش » نىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل مەنىۋى تۇۋرۇك ئوخشايدۇ . لېكىن مەن ئۇنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك سۆيۈپ باقمىغان ، توغرىراقىنى ئېيتقاندا ، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ مەلۇم مەزگىللىدىكىدەك . ئۇ چاغلاردا ئىككىمىز ئورمانلىقتا بىللە سەيلە قىلاتتۇق . ئالدىمىزدا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدىغان كۆل ، باش ئۈستىمىزدە قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى . ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ توختاپ مېنى سۆيەتتى ، لەۋلىرى مۈزدەك تېگەتتى . ئۇنىڭ ماڭا ئىچ - ئىچىدىن ئامراقلىقى تۇتۇپ كەتكەندە لەۋلىرى مۈزلاپ كېتەتتى .

كۆز ئالدىمغا ئۇ ئىككىسى بىللە بولغان چاغدىكى مەنزىرە كېلىۋالدى . ئۇ ئېرىمنىڭ سىلىشى ئۈچۈن چاچلىرىنى قويۇۋېتەتتى . ئۇ كۆچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ چېچىنى سىلايتتى . ئۇنىڭ مۇشۇنداق خۇمارى بار ئىدى . ئۇ مېنى ، ماشكانى ، ھەتتا ئىتىمىز فېدكانىمۇ ئاشۇنداق سىلىغانىدى .

راستتىنلا روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ داۋالانغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىمەنمۇ ؟ بۇرۇنلاردا ئۇ يەرنى « دەرد - ئەلەمخانا » دەپ ئاتايتتۇق . ئۇ يەرگە بارغانلار قىلىن

رەختتىن تىكىلگەن كېسەل كىيىمىنى كىيىپ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش كىيىنگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئەركىن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ دەردمەن ئىدى. مەنمۇ ئۇ يەرگە بارسام ئاشۇ دەردمەنلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم.

چۈشتە يەنە بىر دوستۇم تېلېفون بەردى. بۇ بىچارە چۈشكىچە ئاران چىدىغانىدى.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — سورىدى ئۇ.

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىم لاغىلداپ تىترىگەن، چىشلىرىم كىرىشىپ قالغان ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ دەرد تۆكۈش - تۆكمەسلىكىمنى بەك بىلگۈسى بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا تىياتىرخانىغا بىرىپ ئويۇن كۆرگەندىنمۇ بەكرەك قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. ئۇ چاغدا، ئۇ ھەم دراماتورگ، ھەم ئارتىس، ھەم رېژىسسور بولالايتتى، تىياتىرخانىغا بارسا، ئەكسىچە پاسسىپ ھالەتتىكى بىر تاماشىبىنلا بولالايتتى، خالاس.

— نېمىنى قانداقراق دەۋاتىسەن؟ — خۇپسەنلىك قىلىپ سورىدىم مەن.

— ئادەتتە . . . — ئۇ دوستۇم تۇرۇپ قالدى.

— ئىندىرا گەندى موسكۋاغا كەپتۇ. — دېدىم مەن، — ئۇ دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن.

— قايسى دادىسىغا؟

— ئۆزىنىڭ دادىسىغا بولامدۇ، نېھروغا.

— ھە . . . — دوستۇم ئويلىنىپ قالدى، — ئۇ نېمىشقا كەپتۇ؟

— دۆلەت ئىشى بىلەن كەپتۇ. ئۇ كېلىشتىن بىر سائەت بۇرۇن ھاۋا كېمىسى پونكىتتا يىغىنلىنىشىپتىكەن.

— قەيەردىكى پونكىتتا ؟
— ئالەم بوشلۇقىدىكى .
— سەن قەيەردىن ئۇقتۇڭ ؟
— گېزىتتىن . سەن گېزىت كۆرمىدىڭمۇ ؟
بۇ دوستۇمنىڭ قىزىقىۋاتقىنى دۇنيادىكى ۋە ئالەم بوشلۇقىدىكى ئىشلار بولماستىن ، مېنىڭ ئائىلەمدىكى ئىشلار ئىدى .
— ئۆزۈڭ قانداقراق دەۋاتىمەن ؟ — قايتا سورىدى ئۇ .
— زادى نېمىنى بىلگۈڭ بار ؟ — قەستەن بىلمەسكە سېلىپ سورىدىم .
— ھە . . . مۇنداق . . . ئادەتتە . . .
— ئادەتتىچۇ ، بىر ئادەم ئىككى كېمىنىڭ بېشىغا تەڭ دەسسەپ تۇرسا بىئەپ بولىدۇ ، يەنە كېلىپ ئۇ كېمىلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنداق كەڭ دېگىنە ، — دېدىم مەن .
— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ ، جۇدۇنۇڭ تۇتۇپ قالدىمۇ ، نېمە ؟ — سورىدى دوستۇم گۇمانىي ھالدا .
— ياقەي ، نەدىكىنى . . .
تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم . كۆز ئالدىمغا دوستۇمنىڭ ئوڭايسىزلىقتا چۈشۈپ قالغان ھالىتى ، ئاندىن بىردىنلا غەزەپلەنگەن قىياپىتى كەلدى . « بەتبەخت ئىتنىڭ بالىسى » ، كىمنىڭ ئەسىرىدىن ئوقۇغىنىم ئېسىمدە يوق ، ئىشقىلىپ يېقىندا بىر كىتابتىن مۇشۇنداق بىر سۆزنى ئوقۇغانىدىم . ھەممىمىز ئوخشاش بەتبەخت ئىتنىڭ بالىلىرى . ھەممە گۇناھ ئۆزىمىزدە ، شۇڭا ئىچ ئاغرىتىشقا ئەرزىمەيمىز . لېكىن بىز تەلەيسىز ، بۇ تەرىپىدىن ئالغاندا ، باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا موھتاج .
كەچكە يېقىن گومونروفتىن تېلېفون كەلدى . ئۇ مېنى

www.uyghurkitap.com

داڭلىق ناخشا چولپىنىنىڭ مۇزىكا كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلغانىدى. ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىلمىي ماقالىسىنى يازماي، ئۇ يەردە ئۇنىڭغا نېمە باركىن. ئادەتتە ھېچقانداق ئادەمنىڭ مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى خالىمايتتىم. لېكىن، ناۋادا بۈگۈن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسام، مېنى تۆت تام تۇتۇپ يەيدىغاندەك بىلىنىپ، يالغۇزچىلىقتا ئولتۇرۇپ، تېگى يوق خىياللارغا چۆمۈپ، يا ئۇ خىياللىرىمنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي ھەرەج تارتاتتىم. شۇڭا، تالا ـ تۈزگە چىقىپ ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلىپ قويغىنىمنىڭ زىيىنى يوق ئىدى.

ياندىكى ئۆيدىن ماشكا بىلەن كوسكانىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە قاقاقلاپ كۈلۈۋاتاتتى. پەقەت ئاشۇلاردەك ياش، ساغلام ھەم بارلىق ئەزالىرى نورمال ئادەملەرلا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئاشۇنداق قىزغىن ھەم خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ.

ئەر ناخشا چولپىنى سەھنىدە تولغىنىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ پۇتلىرى بىردەممۇ جىم تۇرمايتتى. بۇنداق ناخشا ئېيتىش ئۇسۇلىنى «پونېمى» مۇزىكا ئۆمىكىدىكى نېگىر ناخشىچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كىرگەنىدى. بىزنىڭ ناخشىچىمىزمۇ ئۇنىڭدىن قىلچە قېلىشمايتتى. بۇدۇر چاچلىرىنى قويۇۋەتكەن، باشتىن ـ ئايىغىغىچە ئاپئاق يىپەكتىن كىيىم كىيگەن، كالتە چاپىنى شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك يېيىلغان، خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك ھەممە يېرى تىترەيتتى.

مەن خۇددى مۇزلىتىپ قويۇلغان ئوكۇن بېلىقىنىڭكىدەك ئىپادىسىز كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتىم. مەن ئۇنى ياقتۇرىمەنمۇ دېيەلمەيتتىم. ياقتۇرمايمەنمۇ دېيەلمەيتتىم. قېتىپ

قالغان نېرۋىلىرىمغا تاشقى دۇنيادىكى ھېچنېمە تەسىر قىلمايتتى. ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا ئىدىم، ھەتتا تورۇستىكى ئاسما چىراغ بېشىمغا چۈشۈپ كەتسىمۇ ئورنۇمدىن قىمىرلىمايتتىم.

ناخشىچى ناخشىسىنى تۈگەتتى. ئالدىمدىكى رەتتە ئولتۇرغان قىزلار ئالقانلىرى قىزىرىپ كەتكۈچە چاۋاك چېلىپ، سەت چىرقىرىشىپ، خۇددى تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ قالغاندەك تىترەيتتى. بىر قىز دەستە گۈلنى كۆتۈرگىنىچە سەھنىگە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ بىر توپ قىز «پىشلاقچىلار» دىن ئىدى. «پىشلاقچىلار» ئەللىكىنچى يىللاردا لېمېشېۋ سەھنىدە داڭق قازانغان دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن. ئەينى زاماندا ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان قىزلار قەھرىتان سوغۇققا پەرۋا قىلماستىن، كۈنلەپ ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى. مۇزلاپ چىدىيالمىغان چاغدا گوركىي يولىدىكى پىشلاق ماگىزىنىغا كىرىپ ئىسسىنىپ چىقىشاتتى. «پىشلاقچىلار» نىڭ كۆپىنچىسى جەمئىيەتتە ئابرۇيى يوق ھاماقەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ياش ھەم خۇشال ـ خۇرام يۈرىدىغان غەم يېمەسلەردىن ئىدى.

تەبىئەتنىڭ كۆپىنچە «بولسىمۇ... ئەمما» دېگەن قانۇنىيەت بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدىم. ناۋادا بىر ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا سەت بولسىمۇ، ئەمما ئەقىللىق، ناۋادا ئۇ ئەقىللىق ھەم چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما ھاراقكەش. ئۇ ھەم ئەقىللىق، ھەم چىرايلىق، ھەم ھاراق ئىچمەيدىغان (ماڭا ئوخشاش) بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشتا بەختسىز. ھەرقانداق تەقدىرنىڭ خۇددى تىللانىڭكىگە ئوخشاش ئىككى يۈزى بولىدىكەن، بىر يۈزىدە مۇنداق رەسىم بولسا، ئۇ يۈزىدە ئۇنداق رەسىم بولىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى نومۇر ئورۇندىلىپ بولدى .

گومونروف بىلەن دەم ئېلىش ئۆيىگە كىردىم . گومونروف قېشىمدا ئىدى . ئۇ بەك چىرايلىق بولمىسىمۇ ، رەتلىك كىيىنىۋال-غانىدى . مۇنداقلا قارىسا بارونلارغا ئوخشاپ كېتەتتى . مەن ئۇ-نىڭ بېشىنىڭ چۇشۇپ كەتكىنىگە قاراپ ، ئىلمىي ماقالىنى يازال-مىغىنىنى يېپىش ئۇچۇن يالغان گەپ تاپالماي قىينىلىۋاتسا كې-رەك ، دېگەن يەرگە كەلدىم .

« ئۆزۈممۇ بىلمەستىن چوڭ ئەينەككە قاراپ سالدىم . ئەمما ، ئەينەكتىكى ئەپتىمدىن ئۆزۈمنى تونۇيالماي قالدىم . مەندە ماھى-يەتلىك بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى . بۇرۇنقى ئارزۇغا ، ئە-شەنچكە تولغان قىياپىتىم يوق ئىدى . ئۇ چاغلاردا مەن ھەممە ئا-دەمنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم ھەم مۇشۇنداق ئويلاشقا ئادەتلەنگەنىدىم . كىچىكىمدە ئۆيدىكىلەر ماڭا ئامراق ئىدى . چۈنكى مەن باللارنىڭ كەنجىسى ئىدىم . مەكتەپتە ئو-قۇۋاتقان چېغىمدا مۇئەللىمدىن تارتىپ ساۋاقداشلىرىمغىچە ماڭا ئامراق بولدى ، چۈنكى مەن ئەقىللىق ، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ئىدىم . سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپقا كىرىپ دائىم دېگۈدەك : « سىلەر ھەممىڭلار كاللىسى يوق ھورۇن ، پەقەت بېلىبىلگىنالا تو-ماندىكى يۇلتۇز » دەيتتى . ئۇنىڭ دەۋاتقىنى مەن ئىدىم . كېيىن ئونىۋېرسىتېتتا ، تەتقىقات ئورنىدا ، نور شەھىرىدە مەن كىشىلەر-نىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولدۇم . ۋوستىرىكوف بىر مەزگىل قىلچە ئۈمىد يوق ئەھۋال ئاستىدىمۇ تا ماڭا ئۆچ بولۇپ كەتكەنگە قەدەر ، سىزنى سۆيىمەن ، دەپ كۈچۈكلىنىپ يۈردى . بىراق ئۇ چاغلاردا مەن خۇددى ئاپام ئېيتقاندەك : « قېرى خوتۇن ھەممە ئادەمدىن خاپا بولۇپ يۈرۈيدىكەنۇ ، ئۇنىڭ خاپا بولغىنىنى ھېچ-

كىم بىلمەيدىكەن » دېگىنىدەك ، ئۇنىڭ ماڭا ئامراق بولۇپ قالغى-
نىنىمۇ ، كەينىدىن ئۆچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي يۈرۈۋېرىپتى-
مەن . مەن چىرايلىق ، ئەڭ ئەقىللىق ، ئەڭ ـ ئەڭ ئەقىللىق . بۇ
خىل ھېسسىيات ماڭا ئادەت بولۇپ كەتكەن . مانا ئەمدى . بۇ
خىل ئارزۇ ـ ئۈمىد ، ئىشەنچ چىرايىمدىن قىلچىمۇ ئىز قالدۇرماي
يوقىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى پەرىشانلىق ، گوموشلۇق
ئىگىلىگەنىدى .

— مېنى نېمشقا بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغاندۇ ،
دەپ ئويلاپ قىلىۋاتقانسىز ؟

— ياق ، ئۇنداق ئويلىمىدىم . بۇ بەك ئاددىيغۇ ، ئوشۇق
بىر بېلەت ، ئىش يوق بىر ئاخشام .

— ئۇنداقمۇ ئەمەس ، — رەسمىي تۈردە قارشى چىقتى
گومونوروف ، — مەن سىز بىلەن ناھايىتى مۇھىم بىر
ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەكچىدىم .

ئۇ ماڭا توي قىلىش تەكلىپىنى قويمىغىدى ؟

— نىنا ئالېكسېيېۋنا ، سىزدىن سوراپ باقاي . مەن يەنە
تەتقىقات ئورگانلىرىدا ئىشلەشكە ئەرزىمىدىمەن ، ئەرزىمەمدىمەن ؟

— ئەرزىگەچكە ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتقانسىز ؟ . . . —
چۆچۈپ كەتتىم .

گومونوروفنىڭ ئىلمىي ماقالىسىمۇ قىزىمنىڭ ھۇجرىسىدەك
مالىماتاڭ ئىدى . بىراق ، خۇددى ماشكانىڭ ئۆيىنىڭ ئەبجەق دې-
رىزىسىدىنمۇ ياز يامغۇرىنىڭ سالقىنى كىرگىنىگە ئوخشاش ، ئۇ-
نىڭ ئىلمىي ماقالىسىدىمۇ ئەسقاتىدىغان خىلى بىرنېمىلەر بار
ئىدى .

— ئىلمىي ماقالە يېزىشنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

تى ؟ ئۇنى ھەممە ئادەم يېزىۋاتىدىغۇ ؟ مەندە تالانت كەم ئوخشايدۇ . . .

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟

— ۋوستىرىكوف .

— ئۇ راستىنىلا شۇنداق دىدىمۇ ؟ — ئىنشەنگوم كەلمەي سورىدىم .

— ئۇدۇللا ئېيتمىدى ، ئەمما گېپىنىڭ ئۇرامىدىن شۇنداق مەنە چىقتى . . .

ھە ، ئۇنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇراي دەپتۇ — دە ! ۋوستىرىكوف ئاغىلىق ياكى ئاغىسىز رەۋىشتە رىقابەتچىدىن شۇنداق قورقاتتى . ئەمما مەن ئۇنى ئەڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىنمۇ بەكرەك ئادەتتىكى ھەم ئەڭ يارامسىز ئادەم دىيەلمەيتتىم . ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى باشقىلار ياساپ — جابدۇپ ، رەڭ بېرىپ خېلى ئىسكەتكە كىرگۈزۈپ قوياتتى ، لېكىن شۇنىڭدىمۇ ئۇ ماقالىدىن ئادەمگە ھېچقانداق مەنپەئەت يۇقمايتتى .

— ئۇنىڭ گېپىگە نېمىشقا ئىشىنىپ يۈرۈيسىز ؟ ئۆز تالانتىڭىزغا نىسبەتەن ئۆز كۆزقارىشىڭىز بولۇشى كېرەكقۇ . . . — مەن ئۇنى خاتا ئوي — پىكىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن تارتىپ چىقاردىم .

— مەندە ئۆز تالانتىمغا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ مۇقىم كۆزقاراش يوق ، — دىدى گومونروف كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سەممىيلىك بىلەن ، — مەن ئۆزۈمنى پەقەتلا چۈشەنمەيمەن . . .

تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئۆز — ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئالىلىقاچان سەزگەنىدىم .

— توغرا ئېيتىسىز ، — دىدىم مەن ، — ھەممە ئادەم

ئۇنۋان ئېلىش ئۇچۇن ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتىدۇ . لېكىن سىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى . مېنىڭ قارىشىمچە ، سىزنىڭ خاتالىقىڭىزمۇ ۋوستىرىكوفنىڭ نەتىجىسىدىن قىممەتلىك .

گومونروف خۇددى « پىشلاقچىلار » لېمپىشېۋقا تەلمۇرگەندەك ماڭا تەلمۇرۇپ قاراپ تۇراتتى . ئۇ ۋۇجۇدۇمدىن مېنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپلا قالماستىن ، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىمۇ بىلىۋالغانىدى . يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاچقا ، چىرايىدىن نارازىلىق كەتمەيتتى . ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانلىق باشقىلارنى ( مەسىلەن ، ئېرىنى ) يوقىتىپ قويغانغا ئوخشاشلا ئازابلىق . ۋەھالەنكى ، مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى تېپىۋېلىشىغا ، ئۆزىنى بىلىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدىم . ئۇنىڭ خىرە كۆزلىرى زالدىكى خروستال چىراغلاردەك چاقناپ كېتىۋىدى ، شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى .

— رەھمەت سىزگە ، — ئۇ قولۇمنى مەھكەم قىستى . ئۇنىڭ قولىدىن ئىسسىق بىر خۇشاللىق سېزىمى مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى .

ئىككىنچى پەردە ئېچىلدى .

ئەر ناخشىچى سەھنىگە چىقىپ ، موزارتنىڭ « پەرۋاز كۆيى » نى ئېيتىشقا باشلىدى .

« پەرۋاز كۆيى » پىئانىنو تەڭكەش قىلىنىدىغان چوڭ تېپتىكى ئەسەر ئىدى . ناخشىچى موزارتنىڭ ئەسىرىنى ھازىرقى زامانىنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسۇلىنى سەل ـ پەل ئارىلاشتۇرۇپ ئېيتىۋاتاتتى . بۇنداق قىلىش موزارتنىڭ ئەسىرىنى خۇنۇكلەشتۇرۇۋېتىشنىڭ ئورنىغا موزارتنىڭ ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ يارقىن يورۇتۇپ بەرگەنىدى . مەن موزارتنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ماددىي

جەھەتتىن ھېس قىلغىنىدەك بولدۇم.

ئۇنىڭ بەكلا ياش، تېخى قىرىق ياشقا كەلمەي تۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىدىم. خاتالاشمىسام، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىلەمچىلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغانىدى. موزارت تالانتلىق مۇزىكانت ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى.

ئۇنىڭ «روھنى ئەمىن تاپقۇزۇش» مۇزىكىسى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ئانچە ئۇزۇن ياشىيالمايدىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن بۇ ئەسەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ تېخى ياش — نۆۋەر بولۇپ، بۇ جاھاندىن ئۈمىد ئۈزىدىغان ياشقا يېتىپ بارمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇڭ — ھەسرىتىنى پىئانىنو ئارقىلىق تۆكەتتى. ئۇ چاغدا ئۇمۇ مېنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى ئازابلانغىنىمدەك ئازابلانغان بولغىيدى ياكى ئۇنىڭ ئازابى مېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە ئازابمىدىكى. . . بىراق، باشقىچە ئازاب دېگىنىمىز قانداق ئازاب ئۇ؟

خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق قوشماق ئاداش، بۇ ئازابمۇ ئوخشاش بولىدۇ، دېگەنلىك. شۇنداق ئىكەن، مەن يالغۇز ئەمەس ئىكەنمەن.

مېنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىم بار. ئۇ بولسىمۇ شەخسىي تۇرمۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن. بۇمۇ ئۆزىنى ئۆزى يۇتۇۋېتىدىغان چاپانىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن بولسا كېرەك. مەنمۇ يەككە — يېگانە، تەنھالىقتا چۆمگەن بالىلىقىمنى، خورلۇقتا تولغان مەنىسىز ياشلىقىمنى، ئەسكى قەبرىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ نەزىرىمۇ چۈشمەيدىغان قىرانلىق دەۋرىمنى يۇتۇۋەتكەنىدىم. . . ھالبۇكى، ھازىر، مۇشۇ مىنۇت، مۇشۇ سېكۇنتتا مېنىڭ تۇرمۇشۇم بىردىنلا يوكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئاجايىپ مەنىلەرگە تولغاندەك بىلى-

نىپ كەتتى . قۇربانلىق بولۇپ كېتىشكە رازىمەنكى ، جاللات بو-
لۇشنى خالىمايمەن . ئۆزىنى قۇربان قىلىش باشقىلارنى قۇربان
قىلىشتىن كۆپ ئەۋزەل . نېمىلا بولمىسۇن ، مېنىڭ هازىرقى سې-
زىمىم خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدى .

مۇزىكا كېچىلىكى ئاياغلاشقاندا ، سائەت ئون يېرىم بولۇپ
قالغان ، شەنبىنىڭ پەقەت بىر يېرىم سائەت ۋاقتىلا قالغانىدى .
ئاۋادا ، قېلىپ قالغان مۇشۇ بىر يېرىم سائەت ئىچىدە بىرەر ئىش
يۈز بەرمىسىلا ، مەن بۇ بىر كۈننى تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزگەن هې-
سابتا بولاتتىم .

بۇ ئازابلىق شەنبە كۈنىدىن مېنى نېمە ئازاد قىلدى ؟

1 . كۇتزوفنىڭ تاكتىكىسى .

2 . گـومونروف . خۇددى ئاپامنىڭ : « ئادەم ئۆلەر ئالدى-
دىمۇ ياخشى گەپ قىلىپ ئۆلۈشى كېرەك » دېگىنىدەك ، مەن ئۇ-
نىڭ ئۆز تەقدىرىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلدىم .

3 . موزارت . ئۇلۇغ زاتنىڭ دەرد ـ ئەلىمى مېنى رىغبەت-
لەندۈردى . شۇنداق چوڭ ئەربابلارمۇ دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلالمى-
غان يەردە ، مېنىڭ دەردىم نېمىگە ئەرزىيتتى ؟

ئۆيگە كەلگىنىمدە ماشكا ئۇخلاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ
چىرايى قوزىچاقلارنىڭكىدەك سەبىي ئىدى . چىرايلىق لەۋلىرى
هەم يۇمۇلغانىدى .

## يەكشەنبە

ساپادا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىمچە ئولتۇراتتىم ، تىكىلىپ
قاراپ ئولتۇرغان يېرىمدە كۆرگۈدەك هېچنېمە يوق ئىدى ، پەقەت
باشقا ياققا قاراشقا هورۇنلۇق قىلاتتىم ، خالاس . روهىي هالىتىمنى

« قوش بوغۇلۇش » نىڭ ئاستىدا دېپىشكە بولاتتى . بۇ خىل روھىي ھالەتتە ماڭا پەقەت ئىككىلا يول بار ئىدى . بۇ يولنىڭ بىرى ، مېنى بالكونغا ئېلىپ چىقاتتى . مەن ئۇنىڭدىن بوشلۇقتىن ئەركىن چۈشكەن جىسمغا ئوخشاش يەرگە چۈشەتتىم . يەنە بىرى ، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە تەرەپكە ئېلىپ باراتتى . يەنى ، قوش بوغۇلۇشتىن كەيپىياتىم يامان كەيپىياتقا ، يامان كەيپىياتتىن تىنچ كەيپىياتقا ، تىنچ كەيپىياتتىن ياخشى كەيپىياتقا ئۆزگىرەتتى .

بىرىنچى يولنى ئۆزۈممۇ ماڭالايتتىم . ئەمما ئىككىنچى يولنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ماڭالمايتتىم . بىرىنىڭ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ، قوش بوغۇلۇشتىن ئادەتتىكى بوغۇلۇشقا ، ئادەتتىكى بوغۇلۇشتىن ناچار كەيپىياتقا يېتەكلىشىگە موھتاج ئىدىم . ئاشۇنداق مېڭىۋېرىپ ، ھەر خىل ئازابلارنى يېڭىپ ، ئاخىر شاد-خۇراملىققا ئېرىشىدىغان يولغا چىقاتتىم .

بىراق ، كىم مېنى قۇتۇلدۇرالايدۇ ؟ ئېرىممۇ ؟ ئېرىمنى تارتىۋالغان دوستۇممۇ ؟ ياكى ماشىنا بىلەن كوسكامۇ ؟ ياكى بولمىسا يەنە بىر دوستۇممۇ ؟

تېلېفون جىرىڭلىدى . نەزىرىمنى ئۇنىڭغا ئاغدۇردۇم . ئەمما ، تېلېفوندىن بىرەر سادا چىقىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى . شۇ چاغدىلا دەرھال ئېسىمنى يىغدىم . تېلېفون ئەمەس ، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغانىدى . يۈگۈرگەندەك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم .

مەن بىلەن بىر بىنادا تۇرىدىغان ئايال ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى . مەن ئۇنى « بېللا تونا » دەپ ئاتايتتىم . بۇ ئىتالىيىچە « گۈزەل خانىم » دېگەن مەنىدە ئىدى .

بىللا تونا سودا ساھەسىدە ئىشلەيتتى. بەدەن ئېغىرلىقى بىر يۈز قىرىق كىلوگرام بولۇپ، بەئەينى شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن پاختا قورچاققىلا ئوخشايتتى. ئۇ سېمىزلىكىگە باقماي تېخى خېلى رومانتىك ئىدى. ئېرىم ئۇنى «خىيالپەرەس مەخلۇق» دەپ ئاتايتتى.

ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنداق شەكىللەنگەن: بەزى ئەتىگىنى مەن ئۇنىڭغا بىرەر تال تەرخەمەك ياكى كاللەك بەسەي، ئىشقىلىپ ئۆيۈمدە قانداق كۆكتات بولسا ئازراق بېرىپ قوياتتىم ياكى بولمىسا ناشتىلىققا تەكلىپ قىلاتتىم. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۇ ناشتىلىقىغا سوغۇق سەيدىن باشقا ئىسسىقراق تاماق يەپ باقمىغاچقا، خۇش بولغىنىدىن كىچىك بالىلاردەك بىر قىلىقلارنى قىلىپ كېتەتتى.

يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ قان بېسىمى بەك ئۆرلەپ كەتكەچكە، ئۆيدە دەم ئالغاچ كېسىلىنى براندى ھارىقى بىلەن داۋالاۋاتاتتى. يالغۇزچىلىقتا زېرىككەن چاغلىرىدا مېنى بىرەر رومكىدىن ئىچىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى.

مەنمۇ بەزىدە تۇرمۇشتىن رازى بولماي ئىچىم سىقىلىپ قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ قېشىغا كىرەتتىم. ئۇنىڭكىدە ئون مىنۇت ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ماڭا ئۆز تۇرمۇشۇم تولىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىلىنىپ قايتىپ چىقاتتىم. ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەئەينى ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان، ئاتلاپ ئۆتكەن تەقدىردىمۇ نېرىسىغا ماڭغىلى بولمايدىغان بىر چېگرا سىزىقىغا ئوخشايتتى. يەنە كېلىپ بۇ سىزىقنىڭ جايلاشقان ئورنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئىدى.

بىللا تونا مېنى ئۆيۈمدىن قولۇمدىن يېتىلىگىنىچە ئېلىپ

چىقىپ، خۇددى ئەسكى ـ تۇسكى تاشلاپ قويۇلغان قاپاققا ئوخشايدىغان قالايمىقان ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئاندىن رەڭلىك تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويدى. مەن ئايلانما ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىمچە، تونۇگۈن قويۇلۇپ بولغان نومۇرلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم.

ئۇستەلدە بىر بوتۇلكا براندى، يېرىملىشىپ قالغان بىلىق كونسېرۋاسى، يەنە قورۇق بىر رومكا تۇراتتى. بېللا تونا يەنە بىر رومكىنى ئاچىقىپ قولى بىلەنلا سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن تولدۇرۇپ هاراق قويدى.

ــ ئىچىڭ! ـــ دېدى ئۇ.

ــ نېرى ئاپىرىڭ! ـــ مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭغا سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلمايتتىم. بولمىسا ئۇ ئادەمنى خالىغىنىمنى قىلدۇرىمەن، دەپ ئاۋارە قىلاتتى.

تېلېۋىزوردا پۇشكىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان نومۇر قويۇلۇۋاتاتتى. ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، هۆججەت ـ ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى.

ــ ئۇنىڭ چىرايى نېمىدېگەن ياخشى، ـــ دېدى بېللا تونا.

مەنمۇ تەتقىقاتچىنىڭ چىرايىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم.

ئەمدى ئۇ لېرمونتوفنىڭ «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى. بۇ شېئىرنى مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئوقۇغانىدىم. مانا ئەمدى، يىگىرمە يىلدىن كېيىن قايتا ئاڭلاپ شۇنى ھېس قىلـ

دىمكى ، شائىر بۇ شېئىرنى چەكسىز غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ئازاب بىلەن يازغانىكەن . شۇڭا ئۇ ئادەمگە مۇشۇنداق قاتتىق تەسىر قىلىدىكەن .

بىللا تونا يۈزىنى چاڭگاللاپ يىغلاشقا باشلىدى .

ــ ۋاي ، يىغلىمىڭا ! ــ دېدىم مەن .

ئۇ گېپىمنى بەك ئاڭلايتتى ، شۇڭا يىغىدىن شاپپىدە توختىدى ـ دە ، بۇرنىنى تارتقىلى تۇردى .

ــ بىزنىڭ مىخائىل يۇرىچىمىز ئۇچۇن قەدەھ كۆتۈرەيلى ! ــ دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر ئاھاڭدا .

ــ ھارىقىڭىزنى نېرى ئاپىرىڭا !

مۇشۇنداق بىر چاغدا ئۇ بۇ رومكىنى رەت قىلىشىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلدۇرۇپ ، مۇرىسىنى لىككىدە ئېتىپ قويدى .

ــ مانا ماۋۇ كېچىككىنە قۇيغىنىمنى ، ئەمىسە . . . ــ دېدى ئۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ .

ــ ھازىرلا چىقىپ كېتىمەن ، بولمىسا !

بىللا تونا ئامالسىز بولدى قىلدى . ئۇ يالغۇز قېلىپ ئازابلىق ئەسلىمىلەر قاينىمىغا چۆكۈپ كېتىشتىن بەكمۇ قورقاتتى . ئۇنىڭمۇ بېشىدىن دەرد ـ ئەلەم ئۆتكەن ، پەقەت مەزمۇن جەھەتتىن مېنىڭكىگە ئوخشىمايتتى .

ئۇ تولىمۇ ئىسسىق بىر ياش يىگىتكە كۆيۈپ قاپتىكەن . بىراق بۇ يىگىت نېمە سەۋەبتىندۇ خەق بىلەن مۇشتلىشىپ تۈرمىگە كىرىپ قېلىپ بەش يىللىق كېسىلىپتۇ ( مۇشتلاشقانغا بەش يىللىق كېسىلگىنى غەلىتە ئىش ـ تە ) . ئۇنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاچىقىۋېلىش ئۈچۈن بىللا تونا جىق پالاقشىپتۇ ، پۇل خەجلەپتۇ .

www.uyghurkitap.com

ئاخىر تولىك قويۇپ بېرىلىپتۇ ۋە بىر كۈنى بىللا تونانى كۆرگىلى كېلىپ ياقۇت ئۈزۈكنى ئوغرىلىۋاپتۇ.

مەن دەل شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە، يەنى ئۇنىڭ ئەقىدىسى بەربات بولغان بىر چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭدىن سەرەڭگىمۇ، تۈزمۇ، ئەيتاۋۇر بىرەر نەرسە ئۆتنە سورىماقچىدىم، ئاۋۋال ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستىم. ئۇ هاراق ئىچمىگەن بولسىمۇ، هاراق ئىچكەندىن نېرى بىسەرەمجان چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئۆيدە تولىك ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. تولىمۇ سۇس زەڭگەر كۆزلىرى خۇددى ماي سالغان چايدەك پارقىرايتتى.

— توۋا، بۇنداق بولار دېمەپتىمەن... — دېدى بىللا تونا ئالاقزادىلىك ئىچىدە، — ئۇ ئۈزۈكۈمنى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىۋالدى، هېلى تېخى مۇشۇ يەردە ئىدى.

تولىك ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. بىللا تونانىڭ يات ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق كەلگەندەك قىلاتتى.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. بۇنداق ئەهۋالغا دۇچ كەلسەم قانداق قىلارىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم، چۈنكى مېنىڭ ئۇنداق قىممەت باهالىق ياقۇت ئۈزۈكۈممۇ، تولىكقا ئوخشاش پەزىلەتسىز تونۇشۇممۇ يوق ئىدى. بۇ ئۈزۈكنىڭ بىللا تونانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۈلكى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۇنىڭغا ئانچە تەسكە توختىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئىشنى چاقچاققا يۆلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولدۇم.

— ياش يىگىتلەرگە بىرئاز ئۈستەك بېرىسىز - دە،

ئەمدى ، ـــ دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ .

مەن ئۇ دېيىشتىن خىجىل بولۇۋاتقان ، ئەمما كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان گەپنى قىلغان ئوخشايمەن ، تولىمۇ كۆزلىرى يەنە پارقىراپ كەتتى . ئۇنىڭ روھى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى بولغاي ، بۇر كۈتىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، بېللا تونانىڭ كۆزقارىشىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى .

ـــ ھېچبولمىغانــدا مــاڭا بــىر ئېــغىز تــىنــىپ قــويسا بولامدۇ . . . ـــ دېدى بېللا تونا پەرىشانلىق بىلەن ، ـــ قونجۇم ئوغرى ، بوغچىما ئوغرى قىلغۇچە . . .

ـــ سورىسا بىرەمتىڭىز ؟ ـــ سورىدىم مەن ئىشەنمەستىن .

تولىك پەرىزىمنى قۇۋۋەتلىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . پەقەت شۇ چاغدىلا ، مەن ئۆزۈمنىڭ بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغانلىقىمنى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى توغرا ، دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم .

ـــ ئۇنداق قىلغىلى بولامدۇ . . . ـــ دېدى بېللا تونا كۆڭلى يېرىم ھالدا .

ئۇنى ئۆزۈ كىگە ئېچىنىۋاتىدۇ ، دېگەندىن كۆرە ، رومانىنىڭ غايىسىنىڭ يىمىرىلىپ كەتكىنىدىن ، ئەقىدىسىنىڭ بۇلغانغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىۋاتىدۇ ، دېگەن تۇيۇق ئىدى . ئۇ ئىككى قولىنى كېلەڭسىز بەدىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاشلىغىنىچە ، خۇددى قارانچۇقتەك تۇرغان جايىدا قېتىپ قالغانىدى .

مەن بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەستىن ئالدىغىنىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىم .

بەلكى ، ئۇلار ئۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئاچىقماي بولدى قىلى

ۋەتكەندۇ . شۇنىسى ئېنىقكى ، تولىك بېللا تونادىن ئايرىلىپ قالغانۇ ، لېكىن ئۇزۇككە ئىگە بولغان . ئەمما ، بېللا تونا ھەم ئۆرۈكىدىن ھەم تولىكتىن قۇرۇق قالغان ، ھەممىدىن يامىنى غايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان .

ئارىدىن يېرىم يىلچە ئۆتكەن بىر كەچقۇرۇنلۇقى بېللا تونا بىلەن پەلەمپەيدە دوقۇرۇشۇپ قالدىم . مەنغۇ تەجرىبىخانىدىن يانغان ، لېكىن ئۇنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم . مەن ئۇنىڭ يېقىندىن بېرىقى تۇرمۇشىدىن خەۋەرسىز ئىدىم . ئۇ بىر تاكسىدىن تەسلىكتە سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە ، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قىش ھاۋاسىدىن تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى . يېڭىلا قار ياغقانلىقى ئۈچۈن ھاۋادىن تاۋۇزنىڭ ھىدى تاراۋاتاتتى . قار تىخچە لەيلەپ چۈشۈۋاتاتتى . گۈگۈگا ئاسمان بوشلۇقىدا بۇلۇتلار ئاي ئاستىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى . بېللا تونا كۆككە باقتى . مەن تىخى ئۇنى ئاۋازىنىڭ بولۇشىچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قاقشاپ كېتەمدىكى ، دەپتىمەن . چۈنكى ، كېلەڭسىز ئېغىر بەدەن ، غايىسىز قۇرۇق روھ ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇسا ، براندى ھارىقى ئۇنىڭ قان ئايلىنىشىغا تەسىر قىلىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە بولغان بېسىمنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتكەندى . مانا ، ھازىرلا ، پۈتۈن جاھان ئۇنىڭ تووۇسىنى ئاڭلايدىغان بولدى ، مەن مۇشۇ مۇقەددەس مىنۇتلارنىڭ شاھىدى بولۇپ قالىدىغان بولدۇم ، دېگەن تەمەدە تۇرغان چېغىمدا ، توساتتىن ئۇ قاتتىق بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ ئىندا ئەيلىدى :

ــ ئاھ ، تۇرمۇش نېمىدېگەن گۈزەل . . .

بىشىدىكى تۈلكە تۇمىقى بىلەن ، شۇ تۈرقى بىلەن ئۇ غەلىتە بىر مەخلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى .



www.uyghurkitap.com

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى تۈگىدى. ئېكراندىكى رەڭلىك چاق-ماقلارغا قاراپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتۇق.

— ماۋۇ يېرىم رومكىنى بولسىمۇ ئىچىۋېتىڭا دورىلىق ئۈچۈن.... — ئۇ رومكىنى ئاغزىمغا تەڭلەپ تۇرۇۋالدى ھەم بىر قوشۇق بېلىق قىيامىنى شاققىدە ئاغزىمغا سېلىۋەتتى.

بېلىق قىيامى شۈنچىلىك تەمسىز ھەم سېسىق بولۇپ، تا-زىلىق ئۆيىگە ئېتىلىپ كىرگىنىمچە قۇسۇۋەتتىم.

— ياخشى ئەمەس ـ ھە! — دېدى بىللا تونامۇ، — پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن. بېلىقتىن بىۋاسىتە ئېلىنغان.

— ئۇ قانداق ئىش؟ — سورىدىم مەن چۈشەنمەستىن.

— ئوغرىلىغان، — ئاددىيلا چۈشەندۈردى ئۇ، ئاندىن سۆزلەپلا كەتتى، — مەن سىزگە ئامراق. سىز دېگەن ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايال. ئېرىڭىزگىمۇ مەن ئامراق... ئۇمۇ ئالىيجاناب، ۋاپادار ئادەم. قىزىڭىزمۇ شۇنداق گۈزەل. قىسقىسى، ئائىلىڭىز بەختلىك، كۆڭۈلدىكىدەك ئائىلە.

ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتـ-قىنىمنى كۆرۈپ، بىرىپلا ئالامەت جىق ئىقتىدارلىق قولۇپى بار ئىشىكنى قۇلۇپلىۋالدى. بىر ئامالالار بىلەن قۇلۇپنى ئېچىشقا باش-لىدىم. خۇددى پۈتۈن جاھاندىن ئايرىلىپ مۇشۇ يەرگە سولىنىپ قالىدىغاندەك بىر خىل قورقۇنچ ئىچىمگە كىرىۋالدى. بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەتمىسەم، بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم. بىللا تونا بىر چەتتە تاماشا كۆرگەندەك قاراپ تۇراتتى. مەن ئەمدى ئۇنىڭغا ئەقىللىق، چىرايلىق ئەمەس، ئۇ-نىڭ ئەكسىچە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتىم.

— سىزدىن ئادەمنىڭ خۇشى كېتىدىكەن، ئېرىڭىزدىنمۇ شۇنداق، خۇددى ئىسسىغان بىلىقىلا ئوخشايدۇ. ئاۋۇ قىزىڭىزچۇ، قائىدە - يوسۇن دېگەننى قىلچە ئۇقمايدۇ. سالام قىلىشنىمۇ بىلمەي كالىدەك ئۇسۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ...

بىللا تونۇنىڭ بىراندى ھارىقىمۇ، خۇشامىتىمۇ ھەتتا قىرىق تۆت ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇلۇپىمۇ مېنى تۇتۇپ قالالمىدى. قۇلۇپنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ كارىدورغا چىقىشىم بىلەن كۆڭلۈم ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى. مەن مۇستەقىل ھالدا (راستىنى ئېيتقاندا، بىللا تونۇنىڭ ياردىمى بىلەن) قوش سىقىلىشتىن بىراقلا بەختكە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولغا قەدەم قويدۇم. ئارىلىقتىكى بىكەتلەرنى تاشلاپ ئۆيۈمگە كىردىم. بۇ يەردە ئارتۇقچە مەنقۇلاتمۇ، ئوغرىلاپ كەلگەن بېلىق قىيامىسىمۇ، تولىقتا ئوخشاش ناكەسلەرمۇ، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكمۇ يوق. ئەمما مەن ئىشىكتىن كىرىپلا، ئىچىمدە: «ئۇھ، تۇرمۇش نېمىدېگەن گۈزەل» دەپ نىدا قىلدىم.

## دۈشەنبە

ئىتنىڭ بويىنىدىكى زەنجىرنىڭ شاراق - شۇرۇقىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۆيگە قارايدىغان ئىت كالاي ئېزىپ - تېزىپ قاۋاپ سالمايتتى. بۇ بىچارە ئىتنى ئىگىسى قاۋىغىلى قويمىغاچقا، كەچكىچە ئېغىر زەنجىرنى شاراقشىتىپ ئۇيانىدىن بۇيانغا مېڭىپلا يۈرەتتى.

مېنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قالدىمىكى ياكى ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتامدىمكى، دەپ قالماڭ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. يەكشەنبە كۈنى كەچتە، تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە تو-

نۇشۇپ قالغان بىر دوستۇم سەمەرقەنتتىن ، كۆڭلۈم بەك پارا-كەندە ، ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن ، دەپ تېلېفون قىپتۇ . بۇ تې-لېفون ئۇيلىمىغان يېرىمدىن كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئىچىمدە ، خۇدايىم بۇنى ئۇنىڭ دىلىغا سالغان چېغى ، دەپ ئويلىدىم . شۇ-نىڭ بىلەن ئۆيۈمدىن خۇددى يەردىن تەستە تارتىپ چىقىرىلغان تۇرۇپتەك سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم . بەش سائەتتىن كېيىن سەمەر-قەنتكە چۈشتۇم .

لىيە ( تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان دوستۇمنىڭ ئىسمى مۇشۇ ) ئالدىمغا چىقىپ تۇرۇپتىكەن ، ئۇنىڭ ئۇيان - بۇيانغا قاراپ يۈرگىنىنى يىراقتىنلا كۆرۈۋالدىم .

بۇرۇنقى ئىشلارنى قىسقىلا ئەسلەپ ئۆتەي : بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ بىلەن سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسى-يىسى قىلىدىغان تىبىز قۇتقۇزۇش دوختۇرخانىسىدا تونۇشۇپ قال-غان . ئىككىمىز دوختۇرخانىغا تەڭ كىرىپ ، كارىۋاتتىن تەڭ چۈشۈپ ، بىللە تاماق يەپ ، مۇڭدىشىپ دېگەندەك . . . تونۇشۇپ بىر-ەر سائەتتىن كېيىنلا بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى ، ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى خۇددى ئىككى تەندە بىر يۈرەك باردەك ئوخشاش ئىكەن . بۇ يۈرەكنىڭ يېرىمى مەندە ، يېرىمى تىياتىر مەكتىپىدە ئوقۇيدى-غان بۇ شەرقلىق قىزدا بولۇپ ، بىرلا يېرى ، ئۇ چۈشىدىمۇ دۇس ① نى چۈشەيدىكەن . ئەمما مەن ئۇ دۇس توغرۇلۇق ھېچ-نېمە بىلمەيتتىم . قىسقىغىنا يەتتە كۈن ئىچىدە بىر - بىرىمىزنى شۇنچىلىك چوڭقۇر چۈشەنگىنىمىزدىن ئۆزىمىزمۇ ھەيران قالدۇق .

بايا ئويغىنىپ كەتتىم ، دەپ گەپ باشلىغانىدىم . شۇ-

---

① دۇس ( 1859 — 1924 ) ئىتالىيىلىك ئاتاقلىق ئارتىس . ياۋروپا ۋە رۇسىيىلەردە ئويۇن قويغان .

نىلىڭ بىلەن مەن يەرلىكلەرنىڭ تونىنى يىپپىچاقلىغىنىچە
هويلىغا چىقتىم.
ئىشىكتىن چىقىپلا يەرگە دەسسەشىنىڭ ئۆزىلا كىشىنى نە-
قەدەر يايرىتىۋېتىدۇ دېسىڭىزچۇ. موسكۋادا ئۆيدىن پەقەت بال-
كونغىلا چىققىلى، توققۇز قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
ئاندىن ئەتراپقا قارىغىلى بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا نېمە ئىشلىقىنى
ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بىرى تۈيدۇرماي كېلىپ دۈمبەمە-
دىن ئىتتىرىۋېتىدىغاندەكلا تۈيۇلۇپ قورقۇپ كېتىمەن. بىرى،
قىسقىغىنا ئېلىشىشتىن قورقسام، يەنە بىرى، ھاۋادا موللاق ئېتىش-
تىن قورقىمەن. يەرگە چۈشۈشىنىڭغۇ دېمەيلا قوياي. بىر تونۇش
روھىي كېسەللىكلىرى دوختۇرى ماڭا، بۇنى يەر شارىنىڭ تار-
تىش كۈچى دەپ ئاتايمىز، بۇ نورمال ئەھۋال ئەمما ئادەملەرنىڭ
يەردىن ئوتتۇز مېتىر ئېگىزلىكتىكى توققۇز قەۋەتلىك بىنانىڭ
ئۈستىدە ياشىشىنىڭ ئۆزى نورمال ئەمەس، دېگەنىدى.
ئېگىز قورۇق تام باغ هويلىنى كوچىدىن ئايرىپ تۇراتتى.
ئېگىز تامغا يانداش سېلىنغان ئىت كاتىكىنىڭ ئۈستى تە-
رىپىدىكى تامدا بىر چىشى مۈشۈك بۇ دۇنيانى كۆزىتىۋاتقاندەك،
ئەتىراپقا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ چەكسىز كەتكەن زۇم-
رەت ئاسمانغا قارىدى. مەنمۇ ئۇنى دوراپ كۆككە باقتىم. ئەمەلى-
يەتتە ئۇنداق بولمىسىمۇ، ماڭا بۇ يەرنىڭ ئاسمىنى موسكۋانىڭكى-
دىن ئېگىز بىلىندى. مۈشۈك ئاسماندىن كۆزىنى دەرەخ شاخلى-
رىغا يۆتكىدى. دەرەخ شاخلىرى گەرچە تېخى يالىڭاچ بولسىمۇ،
كىشىگە هازىرلا بىخ يېرىپ، چېچەكلەپ ھەر خىل، ھەر ياڭزا
گۈللەر ئېچىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مۈشۈك دەرەخ
شاخلىرىغا قاراپ زېرىككەندىن كېيىن ئۆزبېكچە تون كىيىۋالغان

ماگا سەپسېلىشقا باشلىدى.

ئىت كالاي كۆزىنى مىتمۇ قىلماستىن چىشى مۈشۈككە قاراپ تۇراتتى. تۇساتتىن، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئۆچمەنلىكنى چىقىرىدىغان نەرسىنى تاپقاندەك، مۈشۈككە قاراپ خۇددى ساداقتىن چىققان ئوقيادەك ئېتىلدى. ئەپسۇس، زەنجىر تامنىڭ ئېگىزلىكىدىن يىگىرمە سانتىمېتىر قىسقا ئىدى. مۈشۈ يىگىرمە سانتىمېتىر ئۇنىڭ غالىب كېلىش ــ كەلمەسلىكىنى بەلگىلىگەنلىك-تىن، ئۇ قايتىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇ شىددەت بىلەن ئېتىلغان چاغدا، تۆمۈر زەنجىر ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتكىلى تاس قالغانىدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇ مۈشۈكلەرنىمۇ، ئادەملەرنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى بولغاي، يۈرىكىگە تولغان ئۆچمەنلىك ۋە نارا-زىلىق بىلەن ئۆز ئورنىغا چېكىندى. مۈشۈك ئورنىدىن ئېرىنچەك-لىك بىلەن تۇرۇپ، ئىتقا يامان كۆز بىلەن قاراپ قويىدى ــ دە، تامنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ تام تۈۋىدە يۈز بەرگەن ئىشنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماستىن، ئەتراپىنى يەنىمۇ ئىنى-چىكىلىك بىلەن كۆزەتمەكچىدى، ئەمما شاراق ــ شۇرۇق ئاۋازلار بىلەن بايىقى دۈشمەنلەرچە قىلىق نېرۋىسىغا تەگدى بولغاي، بۇ يەردە جىمجىت ئولتۇرۇپ جاھاننى كۆزەتكىلى بولمايدىغان ئوخ-شايدۇ، دېگەندەك قىلىپ كېتىپ قالدى.

لىيەنىڭ ئەمدىلا يېشىغا توشقان قىزى ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاپقارا، ئۇزۇن كىرپىكلىرى خۇددى ياساپ قويى-غاندەك قايرىلىپ تۇراتتى.

ــ ئاۋۇ! ــ ئۇ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن كالاي تۇرغان تەرەپنى كۆرسەتتى.

چىشى مۈشۈكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئىت كالاي

www.uyghurkitap.com

ئاچچىقنى قانداق چىقىرىشنى بىلمەي ئۇياندىن ـ بۇيانغا سىگىپ يۈرەتتى.

لىيە دۇسىنىڭ پاسونىدىكى كۆڭلەكنى كىيىپ يۈگۈرۈپ چىقتى. بۇ كۆڭلەكنى ئۇنىڭغا دۇس بەرمىگەن، بەلكى ئۇنىڭ سۈرىتىگە قاراپ ئۆزى تىكتۈرۈۋالغانىدى.

— ئۇنۇڭنى ئۆچۈر! — ئۇ ئىتتىقا ۋارقىرىدى، ئاندىن قىزىنى خۇددى بىرى هازىرلا ئېلىپ قېچىپ كېتىدىغاندەك قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— مېنىڭ بۇ ئامراق قوزام ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدى دەڭلا. پېنتسىللىننى مىقدارىدىن ئارتۇق ئۇرۇۋېتىپ يامان خاراكتېرلىك ئۇچەي ياللۇغى بولۇپ كەتتى.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق...

دىئانىنا ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ماڭا مەغرۇرانە قاراپ تۇراتتى.

— ئانىلىرىمىز بىزنى چوڭ قىلغۇچە كۆرمىگەننى كۆرۈپتىكەن، جۇمۇ.

— راست دەيسىز.

— شۇڭا، هاياتىمىزغا ئۆزىمىزلا ئىگە دېسەك قاملاشمايدىكەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— قارىماسىز، مەن بۇ قىز ئۈچۈن نېمىلەر بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئەتىدىن ـ كەچكىچە مۇشۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن. دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئاپامنىڭ شەخسىي مۈلكى، قىزىم مېنىڭ شەخسىي مۈلكۈم ئىكەن. ناۋادا، مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولسام، باشقىلارنىڭ شەخسىي مۈلكىنى تارتىۋالغان بولىدىكەنمەن. ئاتا ـ ئانىمىز هاياتلا بولىدىكەن، بىز

چوقۇم ياششىمىز كېرەك ئىكەن.
قوشۇمامنى تۇرگىنىمچە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ گەپلىرى مەن ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ چىرايىمدىنلا ئىچىمدىكىنى ئېنىق بىلۋالايتتى.
— ياۋ، قىزىم، ھاما ئاچاڭغا گۈللەرنى كۆرسىتەيلى.
گۈلزارلىققا كىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىمچە، ئاجىز ئۈنگەن بىر تۈپ قارلەيلىسىگە قارىدىم. بۇ يەككە - يېگانە ئۈنۈپ قالغان گۈلگە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. بۇ يەردە، سەمەرقەنتتە قارلەيلىسى ئوتتۇرا رايونلارغا قارىغاندا چوڭراق، رەڭگىمۇ ئاق ئەمەس، سۇس سېرىق ئېچىلاتتى. بىز بۇ گۈلگە مەپتۇنلارچە قاراپ كېتىپتىمىز، خۇددى ھازىرلا پورەكلەپ ئېچىلىدىغاندەك.
ئىت ھويلىدا قاتتىق قاۋاشتىن ھېچ توختىمايتتى.
— بۇ ئىت ساراڭدەكلا، — دېدى لىيە، — بىراق، ساشا ئۇنىڭغا بەك ئامراق. راست گەپنى قىلسام، ماڭىمۇ ئۇنىڭچە ئامراق ئەمەس.
ناشتىلىق قىلىشقا ئۆيگە قايتىپ كىردۇق.
ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۆۋىلەپ ئۇسۇلغان پولو، ئەتراپىدا خام سەيلەر تۇراتتى. تاغدەك چوقچىيىپ تۇرغان پولونىڭ چوققىسىغا بېھى، گۆش، يەنە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چىرايلىق نەرسىلەر بېسىلغانىدى.
لىيە تەخسەمگە پولونى قوشۇقلاپ سېلىشقا باشلىدى، قوي گۆشىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. لىگەندىكى ھەربىر تال گۈرۈچ دانىمۇ دانە ھالدا پارقىراپ تۇراتتى.
— ھوي، پارقىراپ قاراپلا ئولتۇرىسىزغۇ؟
ۋىلكىغا قولۇمنى ئۇزاتتىم.

— قولىڭىز بىلەن ، مانا مۇنداق . . . — لىيە بارماقلىرىنى جۇپلەپ ماڭا ئاش ئېلىشنى ئۆگەتتى .

ئۇنى دوراپ ئېلىپ بېقىۋىدىم ، خىيلى ئەپلىشىپ قالدى .

لىيە يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى .

— قانداق ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— بەك ياخشى ، توۋا . . . — ئۆزۈمنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىمنى بىرنېمە دەپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم .

ئۇزۇن مۇددەتلىك توقۇنۇشلاردىن كېيىن جىسمىم قايتىدىن ئۆز ئەسلىگە كەلگەندەك قىلاتتى . مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندەك ، كېيىن يەنە ئەپلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . بۇ تولىمۇ غەلىتە ، تولىمۇ غەلىتە ، خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك خۇشاللىق ھېسسىيات ئىدى . « ئۆلۈپ جەننەتكە كىرىپ قالدىممۇ نېمە . . . » دېگەن ئويمۇ كاللامدىن كەچتى .

لىيەنىڭ ئاپىسى كىرىپ دېئاننانى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . يوغان ئۇستەلدە ئىككىمىزلا قالدۇق . لىيە گەپنى دۇسىنىڭ كۆڭلىكىدىن باشلاپ ، ئىتالىيە سەپىرىگە چۈشۈپ كەتتى .

ئۇ بۇ كاپىتالىستىك دۆلەتكە بېرىش پۇرسىتىگە ئاران ئېرىشكەنىكەن . بىزگە مەلۇم ، مىلانغا بېرىش ئۈچۈن تاشكەنتتىن ئايروپىلان بىلەن ئۇچىدىغان گەپ .

لىيە ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن تاشكەنتكە بىر كۈن ئاۋۋال بېرىشنى قارار قىپتۇ . تاشكەنتكە بېرىپ بىر مېھمانخانىنىڭ ئىككى كىشىلىك ياتىقىغا ئورۇنلىشىپتۇ .

ئۇنىڭ ياتاقدىشى ئوكرائىنالىق ئاننا ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ ، ساياھەت ئۆمىكى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىكەن . ئۇ

قىز ھېچكىمگە گەپ قىلماي ، ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىكەن . يەنى ، تامغا قاراپ يېتىپ يىغلىغىنى يىغلىغانىكەن .

لىيە ئۆزىنىڭ چىپىلغاق مىجەزىنى بىلگەچكە ، بۇ قېتىم جىنىم چىقسۇن كەتسمۇ خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايچۇ ، دېگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە يۈرۈۋېرىپتۇ . ئەمما ئۇ قىز توختىماي يىغلاۋېرىپتۇ . لىيە ئاخىر چىدىماي سوراپتۇ :

— نېمىگە بۇنچە يىغلايسىز ؟

ئانا يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىنلا ، ئۆزىنىڭ رۇستەم ئىسىملىك بىر قۇرۇلۇش ئىشچىسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قورسىقىدا قالغانلىقىنى ، بۇ ئىش تېخى مەلۇم بولماستىنلا رۇستەمنىڭ يۇرتىغا كەتكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنىڭ تاشكەنت ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ، ئەمما ئۆزىنىڭ يالغۇز ئۇ يەرگە بېرىشتىن قورقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ .

لىيە سائىتىگە قاراپ يېرىم كېچە بىر بولغانلىقىنى سېزىپتۇ . ئايروپىلان سەھەر سائەت ئالتىدە ئۇچىدىغان بولغاچقا ، يەنە بەش سائەت ۋاقىت بار ئىكەن . تاشكەنتتىن ئۇ يېزىغا ئىككى سائەتتە بارغىلى بولىدىكەن . لىيە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارغا ئۇچراپ تۇرىدىغان شور پېشانىلىكىدىن قاقشىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئانانى تېزدىن بىر نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزى بىللە بىللە مېڭىشقا ئۈندەپتۇ . ئۇ ئانانى ئېلىپ رۇستەمنىڭ قېشىغا بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن . ئۇلار ئەسكەر يۆتكەيدىغان ، ئۈستى بىرېزېنت بىلەن يېپىلغان ماشىنىدىن بىرنى توسۇپ ، ئەسكى يولدا ئۇياق ـ بۇياققا چايقىلىپ مىڭ تەستە رۇستەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېزىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ . ئۇلارنىڭ ئالدىغا رۇستەمنىڭ لاللىدەك چىرايلىق ئون ئۈچ ياشلىق سىڭلىسى چىقىپتۇ . ئۇ ، ئاكام ئۆيدە يوق ، قوشنا مەھەللىدە تويى بولۇۋاتىدۇ . شۇ تاپتا بارساڭلار، توينىڭ ئۈستىگە بارىسىلەر ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . ئاننا باشتا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ . ئاندىن ئېسىگە كېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ . ئۇ يىغىدىن باشقىنى بىلمەمدىكىنتاڭ ، ئىشقىلىپ ، ھە دېسىلا كۆزىگە زورلايدىكەن .

ئۇلار قوشنا مەھەللىگە بېرىپتۇ . لىيە سورۇنغا كىرىپ تۆردە ئولتۇرغان رۇستەمنى ھويلىغا چاقىرىپ چىقىپتۇ ۋە خالايىقنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . رۇستەم قورققىنىدىن ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ قاپتۇ . لىيە ئۇنى تارتىپ روھى چىقىپ كەتكەندەك تۇرغان ئاننانىڭ قېشىغا ئاپىرىپتۇ ــ دە ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە پەقەت ئون مىنۇت ۋاقىت بېرىپتۇ . چۈنكى ئۇ ئىتالىيىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلانىغا ئۈلگۈرمىسە بولمايدۇ ــ دە ، بىراق ، يېرىم سائەت ئۆتۈپتۇ . رۇستەم بىلەن ئاننانىڭ سۆھبىتى ھېچ پىشاي دېمەپتۇ . ئاننا رۇستەمگە ، مېنى توي سورۇنىغا باشلاپ كىرىپ كېلىنچەكنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزىسەن ، ھېچبولمىغاندا كېلىن بولغۇچى بىلەن تەڭ كېلىنچەك بولۇپ ئولتۇرىمەن ، چۈنكى سىلەر مۇسۇلمانلارغا نەچچە خوتۇن راۋا بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ . رۇستەم ئۇنىڭغا ، ھازىر دەۋر ئوخشىمايدۇ ، ئۇنداق قالاق دەۋر كەلمەسكە كەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن كېلىنچەكنىڭ تۇغقانلىرى بۇنى توغرا چۈشەنمەيدۇ ، دەپ خېلى چۈشەندۇرۇپتۇ .

يەنە يېرىم سائەت ئۆتۈپتۇ . لىيە ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقان ئۆيگە كىرىپ :

— مەن كەتتىم، ئەمىسە، — دەپتۇ.

ئانىنانىڭ كۆزىدە يەنە ياش بىلەن قورقۇنچ پەيدا بوپتۇ. لىيە ئۇنىڭ بۇ لەنىتى كۆزلىرىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ئەمدى دۇسىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ بولغىنىنى سېزىپتۇ. ئۇ تۇرۇپلا يەنە، دۇس دېگەن بىر غايە، ئانىنا بولسا قان بىلەن گۆشتىن يارالغان تىرىك ئادەم، يەنە كېلىپ ئۇ بىر ئەمەس، ئىككى جان، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ ـ دە:

— ئىككىڭلار زادى قانداق پۇتلۇشتۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئانىنانىڭ ئىشىدا نادانلىق قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن، — دەپتۇ رۇستەم.

— خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز، تۈزەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

رۇستەم ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ باش لىڭشىتىپتۇ ھەمدە مۇنداق ئىككى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: بۇنىڭدا بىرى، ئۆمۈر بويى ۋىجدان ئازابى تارتىپ ئۆتۈش؛ يەنە بىرى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغىپ كېلىۋاتقان، يېرىم پىكاپ سېتىۋالغۇدەك پۇلنى ئانىناغا بېرىش ئىكەن. ئانىنا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ۋىجدان ئازابى تارتىپ ئۆتۈشنى رۇستەمگە لايىق تېپىپتۇ. چۈنكى، ئانىنا ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قويسا، ئۆزىنى پۇلغا سېتىلغاندەك ھېس قىلىدىكەن. ئەكسىچە رۇستەم ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ئازادە ياشاۋېرىدىكەن. بىراق، لىيە ئانىنانىڭ پىكرىگە قوشۇلماي پۇل ئېلىشتا چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. ئانىنا گېپىدىن يانغىلى ئۇنىماپتۇ. رۇستەممۇ ئانىنانىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

بۇ چاغدا، لىيە سائىتىگە قارىۋېتىپ ئاندىن رۇستەمگە،

www.uyghurkitap.com

بەش مىنۇت ئەمەس ، تۆت مىنۇتتا پۇلنى ئېلىپ چىقماپدىكەن-
سەن ، خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلغاننى ئازدەپ ، قىلغان -
ئەتكىنىڭنى سىڭلىڭغا ئېيتىمەن ، دەپ قورقاق ساپتۇ . بۇ گەپ
ئۇنىڭ ئاكىلىق غۇرۇرىغا تەگكەن بولسا كېرەك ، ئۇ چىرايى سا-
ماندەك سارغايغان هالدا كىرىپ كېتىپ ، تۆت مىنۇت ئەمەس ،
ئۈچ يېرىم مىنۇتتىلا بىر خالتىدا لىق پۇلنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ .
ئاننا تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ . چۈنكى ، پۇل
( يەنە كېلىپ بىر خالتا پۇل ) ئۇنىڭ تۇنجى سۆيگۈسىنىڭ
شېرىن چۈشىنى بۇلىغان - دە .
— قاقۋاش ، — دەپتۇ لىيە تەمكىنلىك بىلەن ، — بالىنى
نېمە بىلەن باقاتتىڭ ؟
ئاننانىڭ يىغىسى بىرپەس توختاپتۇ . ئۇ لىيەگە قارىغىنىچە
ياشتىن چاپلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى نەچچە قېقىپ
قويۇپتۇ . نېمە ئۈچۈندۇر ، ئۇ مۇھەببەتنىلا ئويلاپ ، بالىنى ئويلى-
مىغان ، قورسىقىدا بوش مىدىرلاۋاتقان بوۋاق خۇددى ئۆزىگە
مۇناسىۋەتسىزدەك ھېس قىلغانىكەن .
لىيە ئاننانى ئېلىپ تاشكەنتكە قايتىپ كەپتۇ . بۇ ئىش
مۇشۇنداق ئاياغلىشىپتۇ . ئۇنىڭ نېرىسىغا لىيە ئارىلاشماپتۇ . بول-
مىسا ، ئۇ ئاننانى ئېلىپ ئۇنىڭ يۇرتىغا بېرىشىغا ، ئۇنىڭ كونىلىق
ئىدىيىسى ئېغىر ئاتا - ئانىسىغا بىر مۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلىپ ،
قىزىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىگە توغرا كېلىدىكەن .
ئىككىسى خوشلىشىدىغان چاغدا لىيە ئۇنىڭغا ، ئارغۇن باللار بەك
چىرايلىق ھەم ئەقىللىق بولىدۇ . ناۋادا بۇ بالىنى ئارتۇقچە دەپ
قارىساڭ ، ماڭا بېرىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ ، دەپتۇ . ئاننا بۇنىڭغا ماقۇل
بوپتۇ . ئۇ ئەمدى يىغلاشتىن توختىغان ، كەيپىياتىمۇ خېلى كۆ-

تۇرۇلۇپ قالغانىكەن. دېمىسىمۇ ئەقىل ـ ئىدراك ئاخىر قالايمىقان ئوي ـ خىياللارنىڭ ئورنىنى باسماي قالمايدىغۇ.

لىيە ئايرودرومغا بارغاندا سائەت سەككىز يېرىمدىن ئاشقانىكەن. ئىتالىيىنىڭ ئايروپىلانى بىر لىيەنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ-دە. شۇنداق قىلىپ، ئىتالىيىمۇ، دوستىنىڭ يۇرتىمۇ لىيە ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزاق، تولىمۇ يىراق بىر يەرگە ئايلىنىپتۇ.

ئەمما، كىچىككىنە لوتچىنكوف يېزىسىدا، ئاق چاچلىق، قارا كۆزلۈك بىر بوۋاق دۇنياغا كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى دىنىس قويۇشۇپتۇ. دىنىس ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، ئەقىل جەھەتتىن ئۇنىڭغا ھازىر بىر نېمە دېمەك قىيىن. ئۇ ئانىنا ئۈچۈن ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالمىغان بولسا كېرەك. ئاخىر ئۇ ئۆز بەختىدىن سۆيۈنۈپ يىغلاپتۇ.

— خۇدا ئانىنامۇ، ئىتالىيىنىمۇ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدىم مەن لىيەنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئاڭلىشىمچە، ئىتالىيىلىكلەر بەك بەختسىز ئىكەن. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇلار مېترو ياسىيالمايدىكەن، چۈنكى قەيەرنى كولىسا شۇ يەردىن ئاسارئەتىقە چىقىپ قالىدىكەن.

— يېقىندا بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتىم. نېمىنى دېسىڭىز، مەندىن بۇرۇن نۇرغۇن ئىنسانلار ياشاپتىكەن، ياشىغاندىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ ياشاپتىكەن.

— بۇرۇن سىزدىن بۇرۇن ئادەم ياشىمىغان، دەپ ئويلامتىڭىز؟

— ياقەي . . . مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقىلار قولىغا ئېلىپ، ئاندىن كېيىنكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كۈچ ئۇلاش كالتىكى ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. بىراق مەن مەندىنمۇ كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىنىكلەرگە نېمە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن ؟

— قىزىڭىزنىچۇ ؟

لىيە ئۇھ تارتىپ قويدى . ئۇنىڭ يەرنىڭ ئۈستىگىلا سېلىنغان ئۆيى ، ئېرى ، گۈلباغچىسى ، « پولو » سى بولغان بىلەن جەمئىيەتتە نام ـ ئاتىقى يوق ئىدى . دۇسنى قايتا تىرىلدۈرگىلى بولسىلا ، ئۇ ھەممە نېمىسىدىن ، ھەتتا ئامراق ئىتى كالايدىن كېچىشكىمۇ رازى ئىدى .

ھالبۇكى ، دۇس نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆتكەن زامانغا تەۋە شەخس ئىدى . رېئاللىق ئۇنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى . ئۇ رېئاللىقتا يۈزلەنگەن بىر چاغدا ، ئۆمەكتىكى ئۆزى بىلەن بىللە رولغا چىقىدىغان بىر ئەر ئارتىس بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ ، يامان ئاتىقى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى . مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ ئوساللىشىپ كەتكەنىدى .

بۇ قېتىمقى ئورۇشنىڭ جەريانى مۇنداق بوپتۇ :

ئىلگىرى ئۆمەكتىكى روللارنىڭ ھەممىسىنى پرىيما يالغۇز ئۆزى ئالىدىكەن . بىراق ، لىيە كەلگەندىن كېيىن روللارنىڭ يېرىمى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىلىپتۇ . بۇ گەرچە پۈتۈنلەي ئەقىلغا مۇۋاپىق ، ئادىل تەقسىمات بولسىمۇ ، ئەمما پرىيمانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇپتۇ . ئۇ ئاچچىقىدا لىيەنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ بوپتۇ . شۇغىنىسى ، ئادەم ئۆلتۈرسە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ ـ دە . شۇڭا ئۇ سەھنە ھاياتىدىن كېچىپ تۈرمىدە يېتىشنى خالىماپتۇ ، رەقىبى بىلەن تەڭ ئۆلتۈرۈپ ، تەڭ قوپۇشنى تېخىمۇ خالىماپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانۇنغا خىلاپ كەلمەيدىغانراق بىر ئامال — ئۇنى ئۆمەكتىن سىقىپ چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بوپتۇ .

پىرىيمانىڭ ئېرى دائىم لىيە بىلەن بىللە رول ئالىدىكەن. ئۇ كۆپىنچە ئىشقۋاز ئەرلەرنىڭ رولىغا چىقىدىكەن. بىر قېتىم سەھنە ئەسىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن لىيە ئۇنىڭغا قايناق ھېسسىياتى بىلەن قەلب ئىزھارىنى تۆكۈۋاتقاندا، ئەر پېرسوناژ ئۇنىڭغا ئېگىشىپ تۇرۇپ، ناھايىتى خاتىرجەملىك، بەكمۇ سالماقلىق بىلەن ئۇنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپ بىلەن تىللاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ ئاھانەتلىك سۆز پەقەت بىرنەچچە ئېغىزلا بولسىمۇ، لىيە ئۆزىنى خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، قىلىدىغان گېپىنىمۇ، ئېلىۋاتقان رولىنىمۇ ئۇنتۇپ قېتىپلا قاپتۇ.

— ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىسىڭىز بولمامتى! — دېدىم مەن غەزەپلىنىپ.

— ئەرز قىلىمەنمۇ؟ مەن نېمىگە ئايلىنىپ قالىمەن؟ تۆھمەت قىلغۇچىمۇ؟

لىيە ئۇنىڭغا ئۆزى تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ. بىر قېتىم ئىككىسى سەھنىدىن تەڭ چۈشۈپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لىيە ئۇ ئەرنى كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالاپتۇ. بۇ سەھنىدىكى يالغان كاچات ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى راست كاچات بولغاچقا، ئۇ ئەرنىڭ يۈزىدە لىيەنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى قېلىپ قاپتۇ. بىراق ئۇ ئەرنىڭ بوينىدا زەنجىر بولمىغاچقا، لىيەگە بويىي يېتىدۇ ــ دە. لىيەمۇ ئۇنى قول قايتۇرار، دەپ ئويلىمىغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ لىيەدە بۇرۇندىنلا ئانچە يامان تەسىر قالدۇرمىغاچقا، ئۇنى ئۇنچىۋالا ئەسكىلىك قىلار، دەپ ھوشيار تۇرمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەر ئۇنى كاللىسى چايقىلىپ كەتكۈچە ئۇرۇپتۇ. لىيە دوختۇرخانىغا كىرىپ قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

لىيه كۆڭلىدە ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەلسە ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ بىر قاراپلا ، ئۇلارنى بىر ئىزا تارتقۇزۇۋېتەيچۇ ، دەپ ئويلاپتۇ . ئەمما ئۇلار كەلمەستىن ئويۇننى قويۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ . بۇ چاغدا ، لىيەنىڭ ئېرى ساشا بۇ ئىشقا ئارىلىشىپتۇ . بىراق ئۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماپتۇ . ئۇدۇل تىياتىرخانىغا ئويۇن كۆرگىلى بېرىپتۇ . پرىيما ئېرى بىلەن بىللە « ئۈچ قىلىچۋاز » دىكى ئەر ـ ئايال باش قەھرىمانىنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقانىكەن . ساشا باشقا تاماشىبىنلاردەك ئۆز ئورنىدا ئولتۇرماستىن ، سەھنىگە يېقىن بىر يەردە ئۆرە تۇرۇپتۇ . ئۇ ئەر باش قەھرىمانغا شۇنچىلىك تىكىلىپ قاراپتۇكى ، ئۇ بىچارە ، خۇددى بىرى ئۇنىمۇ پەس ئاۋازدا سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلەۋاتقاندەك ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئالاقزادىلىككە چۈشۈپتۇ . ئويۇننى ئۇ قويۇۋاتامدۇ ، يا ئويۇن ئۇنى قويۇۋاتامدۇ ، ئىشقىلىپ ، ھېچنېمىنى بىلگۈچىلىكى يوق ، ئويۇننى ئاخىرىغا مىڭ تەستە ئاچىقىپتۇ . ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز سادىدا تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرۇپ تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ . دەل شۇ چاغدا ، ساشا سەھنىگە چىقىپ ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىكتىن تىنچلىنىشنى ئىلتىماس قىپتۇ . قىزغىن كەيپىياتىغا سوغۇق سۇ چېچىلغان ئامما تىنچلانغاندىن كېيىن ، ئۇ دانىمۇدانە قىلىپ :

ــــ سىلەر چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاۋاتقان بۇ ئارتىس ئۈچ كۈن ئاۋۋال بىر ئايالنى ئۇرۇپ مېڭىسىنى تەڭ قىلىپ قويدى . ئۇ ئايال ھازىر دوختۇرخانىدا ! ــــ دەپتۇ .

تاماشىبىنلار بىرپەس جىمىپ كېتىپتۇ . ئارقىدىنلا ئىسقىرتىش ، ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپتۇ . سەمەرقەنت خەلقىمۇ سىتسىلىيە

ئارىلىقلاردەك سادداً ، ئەمما قىزىققان كەلگەچكە ، بىردەمدىلا زالنىڭ ئىچىدە ئىتالىيىچە ھەجۋىي تىياتىر باشلىنىپ كېتىپتۇ .

پرىيىمانىڭ ئىبرى خېلى ۋاقىتلار غىچە سەھنىگە چىقالماپتۇ . چۈنكى ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ بىر نەرسىلەرنى ئىتىپ بېشىنى يېرىۋېتىشىدىن قورقىدۇ – دە .

بۇ سەتچىلىك خۇددى ئوت ئاپىتىدەك پۈتۈن شەھەرگە يامراپتۇ . ئاددىي پۇقرادىن تارتىپ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگىچە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ . ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندىلا ، پرىيىما ئاندىن ئىبرى بىلەن بىر دەستە گۈل ، مېۋە – چېۋە كۆتۈرۈپ ، پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالمىغان قىياپەت بىلەن دوختۇرخانىغا لىيەنى يوقلاپ كەپتۇ . پرىيىما پوتلا ماگقىسىنى ئېقىتىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ . ئىبرى ئۇنىڭدەك ئاسانلا ياش تۆكمىگىنى بىلەن دەردىنى ئىچىدە بىلىپ ئولتۇرۇپتۇ . كىم بىلىدۇ ، ئۇمۇ ئەرلەرنىڭ تولىمۇ ئەتىۋارلىق ، تولىمۇ ئاز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ بولدىمۇ تېخى . لىيە ئۆزىنىڭ ئۆزىنى دەپ خەقنى يىغلىتىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ . ئەمدى پرىيىما بىلەن ئىبرىنىڭ بۇ ئۆمەكتە ( توغرىراقىنى ئېيتقاندا بۇ شەھەردە ) قىلىشى ياكى سەرگەردان ئەمما ناخشىچىدەك كۆدە – كۆرپىسىنى يۆدۈپ ، گۆدەك ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ ھەريان سەرسان بولۇپ يۈرۈش – يۈرمەسلىكى لىيەگە باغلىق بولۇپ قالغانىكەن .

لىيە دوختۇرخانىدىن چىقىپلا بۇ ھالقىلىق مەسىلىنى بار مەسلىھەت بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ، موسكۋاغا تېلېفون بېرىپ مېنى چاقىرتقانىكەن . مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى ، كۆزىنىڭ ئاستىدىكى ئىككى پارچە كۆكنىڭ تېخى تارقىمىغانلىقىنى كۆردۈم . روھىي جەھەتتىكى ۋە جىسمانىي جەھەت-

تنكى ئازاب ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەنىدى .

— قانداق قىلاي ؟ — ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى لىيە .

— باشقا ئامال يوق . يەنىلا كەڭ قورساق بولۇڭ . بۇ ئۇلارغا قاتتىق قول بولغىنىڭىزدىن بەكرەك جىڭغا توختايدۇ .

— ئۇلارغا ھېچنېمە تەسىر قىلمايدۇ ، رەزىل ، ئىپلاس ئادەملەرنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى بىلەمسىز ؟ ئۇلار دەل ئاشۇنداق نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان رەزىل ، ئىپلاس ئادەملەردىن ، ئۇلاردا ۋىجدان يوق .

— ئۇلاردا بولمىغىنى بىلەن سىزدىغۇ باردۇ ؟

— بىراق ئۇلارنى مەن ۋە باشقىلار ئەپۇ قىلىدىغان بولساق ، ئۇلار خۇددى كېسەل ۋىرۇسىدەك كۆپىيىدۇ ، خالاس .

ماڭا خۇددى ئۆچ ئېلىشقا نىيەت باغلىغان بىر يىلان بېشىنى كۆتۈرۈپ كېلىمدىن ئالغاندەك ، مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئېزىدىنىڭ كۈچى بىلەن كۈچەپ تۆۋەن بېسىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئىنتىقام ئېلىش ھەرگىز قىلىدىغان ئىش ئەمەس ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش تېخىمۇ شۇنداق ، چۈنكى بۇمۇ ئىنتىقام جۈملىسىدىن ، ئۆلمەنمۇ دېمەسلىك ، ئۆلتۈرمەنمۇ دېمەسلىك كېرەك . ئۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈپ يۈرمىسىمۇ ، ئۇلار بەرىبىر ئۆلگەنگە ھېساب ، ئۇلارنى روھىدىن ئايرىلغان تىرىك مۇردا دېسە بولىدۇ .

— ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ ، — دېدىم مەن بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ ، — ئىنتىقام ئېلىش كۆپىنچە ئىشلارنى يامىنىغا تارتىدۇ .

— بىراق سىز مۇنداق بىر جۈملە ئەقلىيە سۆزنى ئاڭلىغانمىدىڭىز : « مېنىڭ ئۆچ ئېلىشتىكى ئۇچىنچى ھەم ئاخىرقى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

گۆھىرىمدىن ئايرىمىغىن . ئۇ بولسىمۇ ، ۋىجدان ئازابىغا قويۇش . مەن ئۇنى خۇداغا قويدۇم . »

— بوپتۇ ، ئۇنى خۇداغا قويۇڭ ، ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ .

كالاي كاڭشىپ قاۋاپ كەتتى . ئۇ بۇ قېتىم چىشى مۇ- شۈككە خىرىس قىلىپ ئەمەس ، بەلكى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ ئۆيگە يات ئادەملەرنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن قاۋىغانىدى . ھويلىغا لىيە ماڭا يول باشلىغۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان ئىگور كىرگەنىدى . ئۇ پولشالىق بىلەن ئۆزبېكتىن بولغان ئارغۇن ئىدى .

— قەيەرلەرنى زىيارەت قىلىمىز ؟

— چوڭ مەدرىس ، گور ئەمىر ، بىبى خانىم ۋە ئۇلۇغبېك رەسەتخانىسىنى .

— ئەمىسە تاكسى كىرا قىلساق بولغۇدەك ، بولمىسا ئۇن- چىۋالا يەرنى بىر كۈندە ئايلىنىپ بولالمايمىز ، — دېدى لىيە .

— زۆرۈرىيىتى يوق ، — ئىگور قوشۇلمىدى ، — بەك تەپسىلىي كۆرۈپ كەتمەي ۋاقتىنى چىڭ تۇتساقلا بولىدۇ .

— ھېچ يەرگە بارمىسام بولامدۇ ؟ — دەپ ئۆتۈندۈم مەن .

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ ؟ . . . — لىيە چۇرقىراپ كەتتى ، — ئەمىسە نېمىشقا كەلگەنىدىڭىز ؟

— سىزنى كۆرگىلىچۇ .

ئىگور كەتتى . ئىككىسىنىڭ ھويلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ گەپ تالىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم . پەمىچە ، لىيە ئۇنىڭغا پۇل تەڭلىسە ئۇ ئالغىلى ئۇنىمايۋاتاتتى . ئۇ ئاخىر پۇلنى ئالماي كېتىپ قالدى . لىيە قايتىپ كىردى .

www.uyghurkitap.com

— ئاتايىن كېلىپ ھېچ يەرنى كۆرمەمسىزا !
— كۆرسەم كۆرمىسەم ئوخشاش ، — راستىمنى ئېيتىشىم تۇرمۇشىنىڭ تېخى يېقىندىلا ماڭا باسقان ئازاب تام-غىسى يۇرىكىمگە بەك پاتقانىدى .
— قانداقراق ؟ — تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى لىيە . چۈنكى بۇنىڭ ئالدىدا ئىككىمىز پەقەت ئۇنىڭ ئىشى توغ-رۇلۇقلا سۆزلەشكەن ، — ياخشى كېتىۋاتقانسىز ؟ تۇرمۇشىڭىز-نىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .
— نېمە ئۈچۈن ؟
— سىز دېگەن جۈپتى يوق چىرايلىق ، ھەممە ئادەمنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەقىللىق . باشقىلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يېپ ئېشىپ قالىدۇ .
— بەلكى بىرلىرى بۇنداق قارىمسا كېرەك . . .
— ئۇ ئادەم ساراڭ ياكى ئۇچىغا چىققان ئەخمەق ، — دېدى لىيە تولۇق ئىشەنچ بىلەن .
ئۇندىمىدىم . ئۆزۈمگە مەلۇم ، مەن جۈپتى يوق چىرايلىق-مۇ ، ئەقىل ـ ئىدراكتا ھەممە ئادەمنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەقىل-لىقمۇ ئەمەس ، ئەكسىچە يەككە ـ يېگانە قالغان ، قېرىش يولىغا قەدەم قويغان ئايال ئىدىم . شۇنداقتىمۇ ، لىيەنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى بەرگەن يۈكسەك باھاسى ماڭا تولىمۇ زۆرۈر ئىدى .
ھېلىلا تېخى يورۇقتەك قىلغان ، لەپپىدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ . دېرىزە سىرتىغا ئانچە كۆپ قارىمىغان ئوخشايمەن ، بىر قارىغىنىمدا يوپيورۇقچىلىق ئىدى ، يەنە بىر قارىسام كېچە بوپتۇ . نېمىلا بولسا بولسۇن ، ئىشقىلىپ بۇ بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى . بۇ بىر كۈندە مەن نېمىلەرنى ئۇچراتتىم ؟

يەرنىڭ ئۈستىگىلا سېلىنغان ئۆي ، باھار ، قارلەيلىسى . بالىلاردىن : دېئانىنا بىلەن دېنىس ؛ ئۆي ھايۋانلىرىدىن : ئىت بىلەن مۈشۈك . يەنە پولو بىلەن دۇسمۇ بار . بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى خرۇستالدەك ساپ ، تىنچ قۇدۇق سۈيىگە ئايلىنىپ ، قوچۇلۇپ كەتكەن مېگەمنى يۇيۇپ چايقىغاندەك بولدى . ئېلىشىپ كەتكەن كاللام ئاستا - ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى . . .

ۋەھالەنكى ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە « پولو » مۇ ، ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشىمۇ ئەمەس ، بەلكى تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان ھەقىقىي دوستۇم لىيە ئىدى . ئەتە ئەتىگەن موسكۋاغا قاراپ ئۇچۇشۇمنىڭ ئۆزى يەنە بەش يىل كۆرۈشەلمەسلىكىمىزدىن دېرەك بېرەتتى . بىراق ، لىيە مەن ئۈچۈن ئەبەدىيلىككە ئىگە دوست ئىدى . ئۇ ماڭا بالدۇرمۇ ، كېيىنمۇ ئەمەس ، دەل ئۇنىڭغا موھتاج چېغىمدا تېلېفون بېرەتتى . مەنمۇ بىر سائەتمۇ ھايال بولماستىن ئۇنىڭ قېشىدا ھازىر بولاتتىم .

يەر شارىدا ئاشۇنداق بىر دېلىكەش دوستىڭىز تۇرغان يەردە ( گەرچە ئۇ زېمىنىنىڭ ئۇ چېتىدە بولسىمۇ ) ، دېرىزىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئېتىشقا قانداقمۇ كۆزىڭىز قىيىدۇ ؟ ناۋادا ، پەيلى شەيتانغا پايلىماي ئۆزىڭىزنى ئېتىپ سالدىڭىزمۇ دەيلى ، پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ئارا يولدا نىيىتىڭىزدىن دەرھال يېنىڭ - دە ، بىرەر تال دەرەخ شېخى ياكى بىرەر بالكوننىڭ شادىسىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ ئۆزىڭىزنى تاشلىغان يەرگە خۇددى تەتۈر قويۇلغان كىنو لېنتىسىدەك يامىشىپ چىقىۋېلىڭ .

ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىز ھويلىغا ، ھويلىدىن كوچىغا چىقتۇق . كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى بۈككىدە دەرەخ بىلەن قاپلانغان ، ئاسماندا ئورغاق شەكىللىك ئاي نۇر چېچىپ تۇراتتى .

www.uyghurkitap.com

ئالدى تەرەپتىن بىزگە ئوخشاش كەچلىك سەيلىگە چىققان، ئۇزۇن تون كىيىۋالغان ئىككى ياش يىگىت كېلىۋاتاتتى.

خۇددى تۈلكىگىلا ئوخشايدىغان قىزىل يۇڭلۇق بىر ئىت ئاستا يېنىمىزغا سۈۋۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى قولىقى تۇۋدىنلا كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇندىقىلا قارىسا سۇ ئۈزۈش بۆكى كىيىۋالغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

ئوغرىلارنىڭ تىۋىشنى ئوبدانراق ئاڭلىسۇن، دەپ قۇلقىنى كېسىۋەتتىمىكىنە، دەپ ئويلىدىم مەن. ئورۇقلۇقىدىن ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىنىمۇ سانىغىلى بولاتتى. يانچۇقۇمدىن بىر پارچە گۆش ئېلىپ ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردىم. ئۇ گۆشنى ئالمان ـ تالمان يالماپ يۇتۇۋېتىپلا، يەنە كەينىمدىن سوكۇلداپ ماڭدى.

تۇساتتىن، پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ، كۆز سۆيگە چۈشۈپ كەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

ــ نېمە؟ مۇزلاۋاتامسىز؟ ــ ھەيران بولۇپ سورىدى لىيە.

چىشلىرىم كاسىلداپ تونغا مەھكەم يۆگەندىم. ھېلىقى ئىت يۇمىلاق بېشىنى سەل تۆۋەن سالغىنىچە بىر چەتتە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

تىترىشىم سوغۇقتىن ئەمەس، بەلكى مەندىكى رەھىمدىللىك بىلەن مۇلايىملىقنىڭ قايتىدىن ۋۇجۇدۇمغا قايتىپ كەلگىنىدىن ئىدى. خۇددى تاشلىنىپ قالغان ماكانىغا ئىگىسى قايتىپ كەلگەندەك، مېنىڭ روھىمۇ تاشلىنىپ قالغان ۋۇجۇدۇمغا قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى.

## سەيشەنبە

ــ دادامدىن تېلېفون كەلدى، ــ دېدى ماشكا قاپىقىنى

تۇرۇپ تۇرۇپ .

ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭ ھەممىنى ئۇققانلىقىنى بىلىۋالدىم . لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان - تاپمىغىنىمنى بىلمىگەچكە ، مېنىڭ ئازابلىنىشىمدىن قورقۇپ ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمىدى .

بىچارە قىزىم يالغان سۆزلەشنىمۇ بىلمەيتتى . بىلمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ سەبىي چىرايىغا قاراپلا بىلىۋالاتتىم . بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ سومكامنى ئاچتىم - دە ، ئىچىدىن پاختىلىق تون ، گۈللۈك دوپپا ، پولو ئېتىدىغان قازان بىلەن بىر نەرسە يۇيىدىغان ساپال داس قاتارلىق لىيەنىڭ سوۋغاتلىرىنى چىقاردىم . بۇ نەرسىلەر موسكۋادا ئىشلەنمەيتتى .

— ئۇ تېلېفوننى ساڭا بېرىپتىمۇ ، ماشا ؟

— ئوخشاش ئەمەسمۇ ؟ — دېدى قىزىم .

— ئەلۋەتتە ، ئەمەس . سەن سەن ، مەن مەن .

— دەۋېرىسىز ، مەن دېگەنلىك سىز دېگەنلىك ، سىز دېگەنلىك مەن دېگەنلىك .

زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پۇتۇم تېلىپ كەتكەچكە ، پولغىلا موككىدە ئولتۇرۇۋالدىم .

— ئاپا ، سىزگە دەيدىغان بەك ، بەك مۇھىم گېپىم بار ئىدى . كوسكا بىلەن ئىككىمىز دەم ئېلىش كۈنىنى ئۇلارنىڭ داچىسىدا ئۆتكۈزۈپ كەلمەكچىدۇق .

— بارغۇڭ بولسا بېرىۋەر .

ماشكا بۇ ئىشنىڭ بۇنچىۋالا ئاسانغا توختىشىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇ مېنى بارغىلى قويماسمىكى ، دەپ ئەنسىرىگەنىدى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئىچىدىن تاقاق ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن

يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىشىككە ئۇرۇلغان، ئويلىمىغان يەردىن ئىشىك ئېچىلىپ كېتىپ ئۆزىنى توختىتالماي گۈپپىدە چۈشكەن ئادەمگە ئوخشايتتى. ماشكا يىقىلغان يېرىدىن قوپۇپ، كىيى-مىگە يۇققان چاڭ - توزاننى قېقىۋەتمەكچى بولغاندەك:

— كوسكانىڭ ئاپىسى سىزنى يوقلىغاچ، بۇ ئىشقا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى دەپ قويماقچىدى، — دېدى.

— نېمىگە مەسئۇل بولماقچىكەن، — ھوشيارلىقىم سەل ئاشتى.

— ماڭا مەسئۇل بولامدۇ، ئىشقىلىپ...

— نېمىشقا ئەمدى؟

سوئالىمنىڭ تولىمۇ نادانلارچە سورالغان سوئال ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان ھېس قىلدىم. راست، ئۆزئارا مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىغۇ!

ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردىم. تالادا شامال ئۇشقىيتتى، قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرتۇۋاتاتتى. كۆزۈمگە تۆمۈر ۋادەككە ئېلىنغان لۇيىيە كونسۇلخانىسى كۆرۈندى.

ئەتراپ قىش قوينىدىكى موسكۋا، ئوتتۇرىدا ئۆزگىچە يې-مەك - ئىچمەك ۋە ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە لۇيىيەگە تەۋە زېمىن.

— داداڭ نېمە دېدى؟

— ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، دېدى.

پەمىچە، ئۇ قىزىنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى تىلەپ: «سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، ھەممە ئىشقا توغرا قارىشىڭ كېرەك» دې-گەن. ناۋادا، ماشكا توغرا چۈشەنگىلى ئۇنىمسا، ئۇ يەنە: «ئۇ چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىدۇ» دەپ ئۆزىنى بەزلەپ يۈرۈۋەر-گەن بولاتتى.

— ماشكا . . .

— نېمه ئىش ، ئاپا ؟

— تـوي قـىلـساڭ ، مـېنى يـېنـىڭـغا ئـەكىتىپ بىللە تۇرۇشنى خالامسەن ؟

— شۇنىمۇ سوراپ ئولتۇرامسىز ؟

— مەن ھەرگىز سىلەرنى بىزار قىلمايمەن . شۇنداق مۇلا-يىم موماي بولىمەن .

ماشكا گېپىمگە جاۋاب قايتۇرماستىن كەينىمدە جىمجىت قاراپ تۇراتتى . سەلدىن كېيىن ئۇ :

— ئاق ئۆتۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— خالىساڭ ، مېنىڭكىنى كىي .

— سىزچۇ ؟

— كىيىدىغان چاغدا سەندىن سوراپ كىيىمەمدىمەن .

ماشكا ئويلىنىپ قالدى . كەينىمگە قارىمىساممۇ ، جىددىي ئويلىنىشتىن ئۇنىڭ بـالـىلارنـىڭـكىدەك پېشانـىسـىدە نەچـچە تـال قورۇق پەيدا بولغانىدى .

— يـاق ، — دېدى ئۇ ، — يەنىلا كىيىدىغان چاغدا مەن سىزدىن سوراپ كىيەي . بەك زوْرۇر بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا .

قىزنىڭ قىشىمغا كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى .

شۇ دەقىقىدە ماڭا بوشلۇق تارىيىپ ، ئەتراپىنى كونسۇلخا-نىنىڭكىدەك تۆمۈر ۋەدەك قاپلىغاندەك ، ۋادەكنىڭ ئىچى قىزنىڭ ئىككىمىزگىلا تەۋە زېمىندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

## چارشەنبە

ئىچىگە ئىرىتىملەر قاچىلانغان قىزدۇرغۇچ ئەينەك قاچىلار

رېستورانلاردىكى هاراق بوتۇلكىلىرىدەك چىرايلىق پارقىراپ تۇراتتى . تەجرىبىخانام نەزىرىمدە ئەمدى دوكتور فائۇستىنىڭ تۇرالغۇسى بولماي قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ كىرەكسىز ماللار ساقلىنىدىغان ئامبار ئەمەس ، بەلكى زامانىۋىلاشقان پەن - تەتقىقات ئورنىدىكى مەشغۇلاتلىرى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ ، ياخشى بىر تەجرىبىخانا ئىدى . مەنمۇ بىئولوگىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەتتىكى تەتقىقاتچى خادىم ئىدىم . مەن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ، يەنى بەخت ھورمونى — كۆپىنچە ھاللاردا ئاقسىلدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى ، شۇڭا سېمىز ئادەملەر ئورۇق ئادەملەرگە قارىغاندا مۇلايىم كېلىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا چۈشىنىپ يەتكەنىدىم . مەن يەنە ، پەن - تەتقىقات ساھەسىدە ئۆزۈمنىڭ ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسالمايدىغانلىقىمنى ، دېمەكچى بولغىنىم ، سۈنئىي بەخت ئىشلەپچىقىرالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم . چۈنكى ، سۈنئىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ئىشلەپچىقارغىلى بولمىغانىدەك ، بەختنىمۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا ياسىغىلى بولمايتتى .

مەن دېگەن بىرىنچى دەرىجىلىك پەن - تەتقىقات خادىمى . بىرىنچى دەرىجىلىك پەن - تەتقىقات خادىمى دېگەن « ژىگول » ماركىلىق پىكاپتەك كۆپ ، شۇنداقتىمۇ بۇ ھەرگىزمۇ ئىززەت - نەپسىمگە تەگمەيدۇ . بىرلا يېرى ، فرانسىيە خەلقى ئالدىدا بىرئاز خىجالەت بولۇپ قالىمەن . تۇۋا دېسەم بولىدۇ ، پىۋتكۇل نور شەھىرىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكىنىمگە .

كەينى تەرىپىمدىكى ئىشىك ئېچىلىپ ، بىرى ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ كىرىپ كەلدى . بۇرۇلۇپ قارىسام ، كىرگەن كىشى ئېرىمنى تارتىۋالغان ھېلىقى دوستۇم ئىكەن . ئۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ كىيىنىۋاپتۇكى ، ھەممە يېرىدىن ئىسسىقلىق چىقىپ تۇ-

روپتو . بەلكى ئۇمۇ مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تازا باش قا-
تۇرغاندۇ . . . تووا ، ئۇنىڭ بۇنداق ياسىنىشلىرى ماڭا تەسىرمۇ
قىلىپ قويمىدى . قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغان ئاشۇ جۇمە كۈنىدىكى
ھەر خىل قىيىن مەسىلىلەر ھازىر مەندىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتكە-
نىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى تۇرمۇشۇمغا تەۋە ئىدى . مەن
ئۈچۈن ماشىكانىڭ بالىلىق دەۋرىدىن باشقا ھەممە نەرسە ئۆلگەن
ياكى بولمىسا ئاسارئەتىقىدەك كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى . ھازىر مەن
باشقا بىر مەدەنىي جەمئىيەتكە كۆچكەنىدىم . ناۋادا ئاشۇ ئازابقا
تولغان بىر ھەپتىنىڭ تاۋلىنىشىدىن ئۆتمىگەن بولسام ، مېنىڭ بۇ-
گۈنكى تۇرمۇشۇمۇ بولمىغان بولاتتى . بۇ پاسىلدىن چوڭقۇر
ئازاب بەدىلىگە كەلگەن بىلەت ئېلىپ ئۆتمىسە بولمايتتى . چۈن-
كى ، ئازاب قەلبىڭىز ۋە روھىڭىزنى ھەرىكەت قىلىشقا ، ئىجاد قى-
لىشقا ئۈندەيتتى . بەكلا دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئىشلەتكىنىمنى
كەچۈرۈڭ . ناۋادا ، ئازاب سىزنى پارچە- پارچە قىلىۋېتەلىگۈدەك
چەككە يەتمىسىلا ، سىز تېخىمۇ غەيرەتلىك بولۇپ كېتىسىز .
شۇڭا ، ئازاب قورقۇنچلۇق ئەمەس ، قورقۇنچلۇقى گۈلدۈرىمۇ ،
يامغۇرىمۇ يوق تۇرمۇش .

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن سەل كېچىكىپرەك چۈشىنىپ
قاپتىمەن . يەنە كېلىپ ، ھازىرچە ئۇنى خۇلاسىلەپ ، ئۇ-
نىڭدىن يەكۈن چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمەيمەن .

قىزدۇرغۇچ ئەينەك قاچىلاردىكى ئېرىتمىنى باشقا بىر ئىس-
تاكانغا تۆكۈپ ، كۆكتېپىل ھارىقى تەڭشىدىم ، ئاندىن ئۇنى ئەۋ-
رەزگە تۆكۈۋەتتىم . مەن شۇنىڭ بىلەن بىللە يىگىرمە يىللىق
تۇرمۇشۇمنىمۇ تۆكۈۋەتتىم . لېكىن ، قىلچە ئۆكۈنۈش ھېس قىل-
مىدىم ، بىزەمۇ تارتىشىپ ئولتۇرمىدىم . بىرلا يېرى ، فرانسيه

خەلقى ئالدىدا سەل خىجىل بولۇپ قالدىم ، چۈنكى مەن پۈتۈن نور شەھىرىنى زىلزىلىگە سالغانىدىم . . .

— ھەرقانداق ئىشتا ئۇنداق ـ مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىشقا بولىدۇ ، — دېدى دوستۇم ئاخىر ئېغىز ئېچىپ ، — بىراق بۇ ئىشنى سەن مېنىڭ ئاغزىمدىن ئاڭلاپ باققىن .

— ھازىر بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق . . .

پەلتويۇمنى ئېلىپلا سىرتقا قاراپ ماڭدىم . دوستۇم شاپپىدە بىر چەتكە ئۆتۈپ ماڭا يول بوشاتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمە ئويغا كېلىپ قالغىنى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى . . . بەلكىم ئۇ ئېرىنى تارتىۋالغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا زەردە قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالغاندۇ ، بىراق ھازىر بۇلارغا پەرۋايىم پەلەك .

كارىدوردا گومونروف بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم .

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ . يېقىندىن بېرى ئىشقا كەلمىگىنىمگە ئۇ دىققەت قىلغانىدى .

— ياق ، قايتىپ كەلمىدىم ، مەن يوق ، — دېدىم مەن .

مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرگەنىدىم . بۇرۇنقى ئۆزۈمنى كۆمۈۋېتىپ ، يېڭى مەن بىلەن يېڭىچە تۇرمۇشۇمنى تېخى باشلىمىغانلىقىم ئۈچۈن ، ھازىرچە مەن يوققا ھېساب ئىدىم .

پەن ـ تەتقىقات ئورنىدىن قايتىپ چىقتىم . خىزمەت بىناسىمىز تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىدى . تۆت تەرەپكە سوزۇلغان تۆت كوچىنىڭ قايسىسىنى تاللاپ ماڭسام بولىۋېرەتتى . مانا ئەمدى مەن خۇددى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىكىدەك ئەركىن ئىدىم . مېنىڭ خىزمىتىممۇ ، ئېرىممۇ ھەتتا ئۆتۈكۈممۇ — ئۇنى ماشكاغا بېرىۋەتكەنىدىم — يوق ئىدى .

يەر ـ جاھاننى ئاپئاق ماموققا پۈركەپ لەپىلدەپ يېغىۋاتـ

www.uyghurkitap.com

قان قار كىشكە باھار مەڭگۈ كەلمەيدىغاندەك سەزگۈ بېرەتتى . ۋەھالەنكى ، باھار چوقۇم يېتىپ كېلەتتى ، مەن تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنى كۆرۈپ كەلگەنىدىم . ئۇنى سەل كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى ، خالاس .

شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى ، تۇمانلار تارقاپ يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ كېتىدىغان ، ماڭا ئۇخشاش ۋاقىتلىق سۇسلىشىپ قالغان يۇلتۇزمۇ چولپاندەك پارلايدىغان .

( خەنزۇچە « بىر ئايالنىڭ ئېيتقانلىرى » ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان . )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياكوف باشنكوف

## تورگېنېف ( رۇسىيە )

ئازات ئالماس تەرجىمىسى

### 1

بۇ ۋەقە پېتېربۇرگنىڭ قەھرىتان سوغۇق پەسلىدە ، يەنى تەنتەنە بايرىمىنىڭ بىرىنچى كۈنى يۈز بەرگەن . مېنىڭ بۇرۇن ياتاقلىق مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى ، بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ياش چاغلىرىدا « تارتىنچاق » دەيدىغان لەقىمى بار ئىدى . ئەمما ، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ، ھېچنېمىدىن تارتىنمايدىغان ، تۇرگۇن بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى ، شۇ كۈنى تاماققا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئىچىدە مېنىڭدىن باشقا يەنە كونستانتىن ئالېكساندروۋىچ ئاشانوف ۋە شۇ چاغنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر داڭلىق ئەربابمۇ بار ئىدى . بۇ داڭلىق ئەرباب بىزنى خېلى ئۇزۇن ساقلىتىپ قويىدى ، ئاخىر بىرەيلەندىن « مەن بارالمايدىغان بولدۇم » دېگەن مەزمۇندا ئىككىلىك خەت ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا پاكار بوي ، سارغۇچ چاچ بىر ئەپەندى مېھمان بولدى . بۇ ئەپەندى شەكسىز ھالدا چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ ، پېتېربۇرگتا بۇنداق ئادەملەر ماڭدامدا بىر تېپىلىپ تۇراتتى .

بىر چۈشلۈك تاماقنى يەپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇردۇق ، سا-

ھېبخانىمۇ ھاراققا ئۇنچىلىك پىخسىقلىق قىلىپ كەتمىدى ، بىر چاغدا ھاراقنى ئىچىۋېرىپ خېلى قىزىپ قالدۇق . ئاخىر كۆڭلىمىزدىكى ھەممە گەپنى دېيىشىپ ھال ـ مۇڭ قىلىشتۇق . بىر چاغدا ، تۇيۇقسىز ساھىبخانىنىڭ چىرايىدىكى قورۇنۇش ، ئېھتىيات قىلىش ئالامەتلىرى يوقالدى ، كۆزلىرى تەكەببۇرلۇق بىلەن چاقناپ بىر خىل قوپال ، سوغۇق كۆلۈمسىرەشتىن ئاغزى قىيسىيىپ ، چىرايى غەلىتە پۇرۇشۇپ كەتتى ؛ سارغۇچ چاچ ئەپەندى ئەخمەقلەرچە چىرقىراپ ، ئىغىزىغا ئالغۇسىز دەرىجىدە سەت كۆلۈۋەتتى ؛ شۇغىنىسى ئاشانوفقا بەكلا ھەيران بولدۇم . ئۇ بۇرۇندىنلا تولىمۇ ئەدەپلىك ئادەم ئىدى ، شۇ ئەسنادا ، ئاشانوف توساتتىن ئوڭ قولى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ قويىدى ۋە مۇغەمبەرلىك قىلىپ ، سۆلەتۋاز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ماختاپ ئۇچۇرغىلى تۇردى ، قايسى بىر تاغىسىنى ھەدەپ ئاغزىدىن چۇشۇرمەي داڭقى چىققان ئەرباب ، دەپ ماختىدى . . . شۇ تاپتا مەن ئۇنى تونۇيالمايلا قالدىم . ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى . . . راستىمنى ئېيتسام، بىزنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمىدى . ئاشانوفنىڭ تەكەببۇرلىقىغا رەسمىي ئاچچىقىم كەلدى .

— ماڭا قاراڭ ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ، — ئۆزىڭىزچە بىزنى ياراتمىغان بولسىڭىز ، سۆلەتۋاز تاغىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ . لېكىن ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەمدۇ ، كۆرۈشمەمدۇ ، تېخى ؟

ئاشانوف گېپىمگە لام ـ جىم دېمەي پېشانىسىنى سىلاپ تۇراتتى .

— بۇ قانداق ئادەملەردۇ ـ ھە ! — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ ، — ئۇلار ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى بىلەن ئۇچراشماقتا يوق ، ھەتتا بىرەر ئېسىلزادە ئاياللارنىمۇ تونۇمايدىكەن ، — ئاشا-

نوف يانچۇقىدىن ئالدىراپ ھەميانىنى چىقىرىپ پاقىدە ئۇرۇپ قويدى، — بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلزادە خېنىملاردىن كەلگەن خەتلەر بار، سىز پۈتۈن دۇنيانى كېزىپمۇ ئۇنداق خېنىملاردىن يەنە بىرىنى تاپالمايسىز.

ساھىبخانا بىلەن سارغۇچ چاچ ئەپەندى ئاشانوفنىڭ كېيىنكى گەپلىرىگە ئانچە ئېرەڭسىپ كەتمەي، قانداقتۇر بىر ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، لېكىن مەن ئاشانوفنىڭ گەپلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم.

— كاتتا ئەربابنىڭ جىيەن بايۋەچچىسى، قاراپ تۇرۇپ پو ئېتىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — مەن شۇنداق دېگەچ، ئاشانوفقا يېقىن سۈرۈلدۈم، — سىزدە بىرەر پارچە خەتمۇ يوق.

— سىز شۇنداق ئويلامسىز؟ — ئاشانوف تەكەببۇرلۇق بىلەن ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ سۆزۈمگە قارشى چىقتى، — قاراڭ، بۇ نېمە؟ — ئۇ ھەميانىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئون نەچچە پارچە خەتنى ماڭا كۆرسەتتى.

«نېمانداق تونۇش پۈچېركا بۇ! . . . » دېگەن ئوي كۆڭلۈمگە لەپپىدە كەچتى.

مەن خىجىل بولغىنىمدىن ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتىم . . . غورۇرۇم قاتتىق ئازابلاندى . . . بۇنداق پەسكەش قىلىقنى كىمنىڭكىمۇ تەن ئالغۇسى كەلسۇن؟ . . ئەمدى باشقا ئامال يوق ئىدى: مەن دەسلەپتىلا پوكاندەك قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلگەنىدىم. ئۇنداقتا مەن غەيرىتىمگە ئېلىپ قىلغان ئىشىمنى تەن ئېلىشىم كېرەك — دە . . .

بۇ ئىش بۇنداق بولغانىدى: قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەن ئاشانوف ئېھتىياتسىزلىقتىن خەتلەرنى شامپان تۆكۈلۈپ كەتكەن

جوزىغا چۈشۈرۈپ قويدى . مەنمۇ كەيپ بولۇپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدىم ، شۇنداقتىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، خەتلەرنىڭ بىر پارچىسىنى تېزلا كۆرۈپ چىقتىم . . .

كـۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى . . . ئاھ ! ئاشانوفقا خەت يازغىنى دەل مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز ئىدى ، ئېنىقكى ، ئەمدى ئۇنىڭ ئاشانوفقا كۆيۈپ قالغانلىقىدا گەپ يوق ، خەت فرانسۇزچە يېزىلغان بولۇپ ، ھەربىر قۇرلىرىدىن بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن ساداقەتمەنلىك چىقىپ تۇراتتى . . .

خـەت فـرانـسـۇزچـە « Mon cher ami Constantin ! » دەپ①باشلانغانىدى . . . ئاخىرى « ئىلگىرىكىدەك ئېھتىياتچان بولسىڭىزلا ، مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەس » دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشقانىدى .

مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ خۇددى بىرى مېنى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك كالالام گاراڭ بولۇپ قالدى ، جايىمدا مىدىر ــ سىدىر قىلماي ، بىرھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم . ئاخىر ئېسىمگە كېلىپ ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇردۇم ـ دە ، سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم . . .

چارەك ۋاقىت ئۆتۈپ ، ئۆزۈمنى ياتىقىمدا كۆردۇم .

مەن پېتېربۇرگتىن موسكۋاغا كۆچۈپ كېلىپ دەسلەپ زلونتىسكىي ئائىلىسى بىلەن تونۇشتۇم . بۇ ئائىلىدە ئاتا ــ ئانا ، ئىككى قىز ۋە بىر ئوغۇل بار ئىدى . بالىلارنىڭ ئاتىسى چېچى ئاقارغان بولسىمۇ ، ئەمما كۈچ ــ ماغدۇرىدىن تېخى كەتمىگەن ئادەم ئىدى ، ئۇ ئىلگىرى ھەربىي سەپتە خىزمەت قىلغان ، ھازىرمۇ ناھايىتى مۇھىم خىزمەت ئورنىغا ئىگە ئىدى ، ھەر كۈنى ئىدارىسىگە

① ( فرانسۇزچە : كونستانتىن ، قەدىرلىك دوستۇم ! )

بىرىپ ئىشلەيتتى ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇخلاپ ، كەچتە كۇلۇبقا قارتا ئوينىغىلى باراتتى . . . ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆيىدە بولمايتتى ، ناھايىتى كەم سۆز ئىدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايتتى ، نېمىشقىدۇ پەرىشان ، غەمكىن كۆرۈنەتتى ، يەنە كېلىپ مىجەزى توڭ بولۇپ ، ھەمىشە كىشىلەرگە قاپىقىنى تۈرۈپ قارايتتى . ساياھەت خاتىرىلىرى ۋە جۇغراپىيە كىتابلىرىدىن باشقا ھېچقانداق كىتابنى ئوقۇمايتتى ، ئاغرىپ قالغان چاغلىرى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ رەسىملەرگە رەڭ بېرەتتى ياكى كۆل رەڭ قېرى شاتۇتى پوپكا بىلەن ئوينىشىپ ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىراتتى . ئۇنىڭ خوتۇنى قاپقارا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، بۇرنى ئۇچلۇق ، ئۆپكە كېسىلى بار ، تېنى ئاجىز ئايال ئىدى ، كۈن بويى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتىن ئايرىلماي كاناپ تەگلىككە كەشتە تىكەتتى . كۆزىتىشىمچە ، ئۇ ئىلگىرى يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويغاندەك ئېرىدىن قورقاتتى . چوڭ قىزى ۋارۋارا ئون سەككىزگە كىرگەن ، ئۇستىخىنى پاكىز ، تازا توشقان ، مەڭزى قىزىل ، سېرىق چاچ قىز ئىدى ، ئۇ دائىم دېگۈدەك دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ يولدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قارايتتى . ئوغلى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپتە ئوقۇيتتى ، يەكشەنبە كۈنلىرىلا ئۆيىگە كېلەتتى ، ئۇنىڭمۇ ئۇششاق - چۈششەك گەپلەر بىلەن خۇشى يوق ئىدى . ھەتتا كىچىك قىزى سوفىيەمۇ ( مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز ) كەم سۆز ئىدى . زىلوتىنسكىي ئائىلىسىدە دائىم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى ؛ بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت پوپكىنىڭ زىل ئاۋازىلا بۇزۇپ قوياتتى ؛ لېكىن مېھمانلار ئۇنىڭ ئاۋازىغا تېزلا كۆنۈپ قالاتتى - دە ، مەڭگۈلۈك داۋام قىلىۋاتقان بۇ جىمجىتلىقتىن بەكلا ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى . شۇڭا

زلوتنىسكىي ئائىلىسىگە مېھمانلارمۇ ئۈنچىلىك كۆپ كەلمەيتتى . ھەتتا ئۆي جاھازلىرى ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تېمىغا چاپلانغان تېگى قىزىل سېرىق گۈللۈك قەغەز ، ئاشخانىدىكى بىرمۇنچە چۇۋۇق ئورۇندۇق ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتىكى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ، قىز بالا ۋە كۈچۈكنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن قوي يۇڭى تەگلىكلەر ، مۇڭگۈز شەكىللىك چىراغلار ، تامغا ئېسىلغان تۇتۇق ماي بوياق رەسىملەر . . . كىشىنى ئىختىيارسىز غەمگە سېلىپ قوياتتى . چۈنكى ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىر سوغۇق ، جانسىز تەسىرات بېرىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ ـ دە . مەن پېتېربۇرگقا كېلىپلا زلوتنىسكىي ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ قويۇش نىيىتىگە كەلگەنىدىم ؛ چۈنكى ئۇلار ئاپامنىڭ شىرەم تۇغقانلىرى ئىدى . مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر سائەتتىنى مىڭ تەستە ئۆتكۈزۈپ ، ئەمدى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە كەلمەسمەن ، دەپ ئويلىغانىدىم ؛ لېكىن ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات بارىدىغان بولۇپ قالدىم . سوفىيە مېنىڭ دىققىتىمنى تارتىپ قالدى ، دەسلەپتە ئۇنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىدىم ، كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم .

سوفىيە ئوتتۇرا بوي ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ، سەل ئورۇق ، چىرايى تاتىراڭغۇ ، چاچلىرى قويۇق ، قارامۇققىنا كەلگەن ، قوڭۇر كۆزلىرى دائىم خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان قىز ئىدى . قاش ـ كۆزى جايىدا ، سالاپەتلىك قىياپىتىدىن ، بولۇپمۇ چىك يۇمۇلغان لەۋلىرىدىن ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جاھىل قىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . . « سوفىيە چوڭ ھەدىسى كاتېرىنىغا بەك ئوخشايدۇ ، — دېگەنىدى زلوتنىسكىي خانىم ئىككىمىز يالغۇز

ـۇز قالغان بىر كۈنى بالىلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىپ، — مەن ئېرىمنىڭ ئالدىدا كاتېرىنىكانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا پېتىنالمايمەن. سىز ئۇنى تونۇمايسىز، ئۇ ھازىر كاۋكازدا، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى. سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، ئۇ ئون ئۈچ ياش چېغىدىلا ھازىرقى ئېرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، شۇ چاغدا بىزگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ياتلىق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىز ئامال بار ئۇنى توسۇدۇق، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى! ئاخىر يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاچچىقلاشلىرىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي، ئۆزى چوقۇنغان يىگىتى بىلەن توي قىلىۋالدى. سونېچكادىن ① مۇنداق قورقۇنچلۇق ئىش چىقمايدۇ، دېيىش تەس. خۇدا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ بۇرۇنقى جاھىللىقىدىن ياندۇرغاي، ئىلاھىم! ئەمما ئۇنىڭ بەكلا غېمىنى يەيمەن، بىلسىڭىز، ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىدىن باشلاپلا گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇۋالغان ئەمەسمۇ!...»

زلوتنىسكىي ئەپەندى ئۆيگە كىرگەندە خوتۇنى زۇۋان چىقارماي جىم ئولتۇرۇۋالغانىدى.

راستىنى ئېيتسام، سوفىيەنىڭ ئىرادىلىك قىز ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم يوق... ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ شۇنچىلىك سوغۇق نەپەس، جىڭ تېشىدەك ئېغىر، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى يوق قىز بولسىمۇ، ئەمما كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكىلى بولمايتتى، يەنى ئوچۇق ـ يورۇق، سەممىي، گەپ ـ سۆزدە ئادىل، قەلبى ساپ ئىدى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك

① سوفىيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ھېسسىياتىم بىلەن ھۆرمەت قىلاتتىم ... ئۇمۇ مېنى ياقتۇرۇپ قالغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم . مانا ئەمدى ئارزۇ - ئارمانلىرىم يوققا چىقتى ، ئۇنىڭ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلدىم . بۇ ئىش مېنى قاتتىق ئازابقا سېلىپ قويدى .

بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن بەكلا ھەيران قالدىم : ئاشانوف ئەپەندى زلوتنىسكىينىڭ ئۆيىگە دائىم دېگۈدەك بېرىپ تۇرمايتتى ، تېخى مەن ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپرەك باراتتىم . يەنە كېلىپ ، ئۇنىڭ سونېچكانىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغۇدەك بىرەر ياخشى تەسىرات قالدۇرغىنىمۇ يوق . ئۇ تېرىسى قارامتۇل كەلگەن چىرايلىق ئەر بولۇپ ، چىرايى غەمكىن ، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئۇستا ، كۆزلىرى سەل پولتىيىپ چىققان ، پېشانىسى كەڭ ، تەكشى قىرقىلىپ چىرايلىق ياسالغان بۇرۇتى ئاستىدىن قېلىن ، قىزىل كالپۇكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى . مۇئامىلىدە تولىمۇ كەمتەر ، ئەمما ئىنتايىن سۈرلۈك بولۇپ ، گەپ قىلغاندا ياكى بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغاندا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى ، گەپ قىلمىغان چاغدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ چوڭ سۈپەت ئولتۇراتتى . قىسقىسى ، ئۇ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان ئادەم ئىدى . ئاشانوف ناھايىتى ئاز كۈلەتتى ، كۈلگەندىمۇ ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن كۈلەتتى . بەدىنى ئىنتايىن كېلەڭسىز بولغاچقا ، ھەرگىز تانسا ئوينىمايتتى .

« نېمىدېگەن غەلىتە ئىش بۇ ! ــ مەن ساپادا يېتىپ خىيال قىلدىم ، ــ نېمىشقا ئىلگىرى بۇنى قىلچە سەزمىگەن بولغىيتتىم - ھە ؟ . . . ». « سىز ئىلگىرىكىدەك ئېھتىياتچان بولسىڭىزلا . . . » تۇرۇپلا سوفىيەنىڭ خېتىدىكى بۇ سۆزلەر ئېسىمگە كېلىپ قالدى .

« ئاھ ، ــــ مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم ، ــــ ئەسلى بۇ مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە ! ھىم ، بۇ شەيتان قىزنىڭ قۇۋلۇقىنى قارىمامدىغان ! مەن ئەخمەق تېخى ئۇنى ئاق كۆڭۈل ، سەممىي دەپ يۈرۈپتىمەن . . . خەپ ، ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام . . . »

ئېسىمدە خاتا قالمىغان بولسا ، شۇ كۈنى خىيال قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، قاتتىق يىغلاپ كەتتىم ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقتىم .

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە زلوتنىسكىينىڭ ئۆيىگە باردىم . بوۋاي سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن ، خوتۇنىمۇ دائىم ئولتۇرىدىغان جايىدا كۆرۈنمەيتتى ؛ ئۇ تۇنۇگۈن قوتۇرماچ ①يېگەندىن كېيىن ئاغرىپ قالغاچقا ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . ۋارۋارا دېرىزىگە يۆلەنگىنىچە كوچىغا قاراپ تۇراتتى . سوفىيە قوللىرىنى كۆكسى ئۈستىدە ئالماپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى . پوپكا ئىنچىگە ئاۋازدا توختىماي سايراۋاتاتتى .

ــــ ھە ! ياخشىمۇسىز ! ــــ مەن ئۆيگە كىرىشىمگىلا ۋارۋارا خۇشياقمىغاندەك ئاھاڭدا گەپ قىلدى ، ئارقىدىنلا ئاۋازىنى پەسەيتىپ قوشۇپ قويدى ، ــــ ئاۋۇ تەرەپتىن بىر دېھقان كەلدى ، بېشىغا پەتنۇس قويۇۋاپتۇ . . . ــــ ئۇ دېرىزىدىن يولدا كېتىۋاتقانلارنى كۆرسە ، خۇددى ئۆزىگە دوكلات قىلىۋاتقاندەك سۆزلەپ كېتەتتى .

ــــ ياخشىمۇسىز ، ــــ دېدىم مەن ، ــــ ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز ، سوفىيە نىكولايېۋنا . تاتىيانا ۋاسىلىيېۋنا بارمۇ ؟

---

① تەنتەنە بايرىمى كۈنىدىكى ئاساسلىق يېمەكلىك .

— ئۇ ئۇخلاپ قالدى ، — دېدى سوفىيە .

— بىز قوتۇرماچ يېدۇق ، — دېدى ۋارۋارا كەينىگە قاراپمۇ قويماي ، — سىز نېمىشقا كەلمىدىڭىز ؟ . . ھېلىقى كۆ- چۈرگۈچى نەگە كەتتى ؟

— ۋاقىت چىقىرالمىدىم ، — دېدىم مەن . بۇ چاغدا شا- تۇتـى ئىنچىكە ئاۋازدا « سالام ! » دەپ سايراپ كەتتى ، — بۇ- گۈن پوپكايىڭلار قاتتىق سايراپ كېتىۋاتىدىغۇ !

— ئۇ دائىم شۇنداق قالايمىقان سايراۋېرىدۇ ، — دېدى سوفىيە .

بىز لام ـ جىم دېمىدۇق .

— ئۇ دەرۋازىدىن كىردى ، — دېدى ۋارۋارا ۋە دەرھال دېرىزە تەكچىسىگە چىقىپ پورتوچكىنى ئېچىۋەتتى .

— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — سورىدى سوفىيە .

— بىر قەلەندەر ، — ۋارۋارا ئېگىلىپ دېرىزە تەكچىسىدىن بەش كوپېكلىق بىر دانە توگېۋرنى ئېلىپ ، كوچىغا تاشلىۋەتتى ـ دە ، پـورتـوچـكىنى گۈپـپىدە يېـپىپ ، پولغا تەستە سەكرەپ چۈشۈۋالدى .

تۈنۈگۈن كەچتە مەن بەكلا خۇشال بولدۇم ، — دېدىم مەن ساپاغا ئولتۇرۇپ ، — بىر دوستۇم مېـنى مېھمان قىلدى ، كونستانتىن ئالېكساندروۋىچ ئاشانوفمۇ سورۇنىمىزغا داخىل بول- دى . . — مەن سوفىيەگە لەپپىدە قاراپ قويدۇم ، ئەمما ئۇ مىتمۇ قىلىپ قويمىدى ، — راستىمنى ئېيتسام ، بىز ئىچىپ تازا پەيزى قىلدۇق . تۆتەيلەن سەككىز بوتۇلكا ھاراق ئىچىۋېتىپتۇق دەڭا !

— ھە ، مۇنداق دەڭ ! — دېدى سوفىيە خاتىرجەملىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ .

— ھەئە ، — دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ گېپىمگە بىپەرۋا پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن سەل ئاچچىقىم كەلدى ، — سوفىيە ، سىز بىلەمسىز كىن ؟ كونىلار « كەپىلىكتىن راست گەپ چىقىدۇ » دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان ، بۇ قىل سىغماس ھەقىقەت .

— نېمىشقا ؟

— كونستانتىن ئالېكساندروۋىچ ئاشانوف بىزنى كولدۇرلۇپ بىر قىلىۋەتتى . كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭا ! ئۇ توساتتىن ، قاراڭ مانا مۇنداق : پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، مەن ئاجايىپ قالتىس يىگىت ، مېنىڭ تاغام داڭلىق ئەرباب ! . . . دەپ كەتتى .

— ھا ، ھا ، — ۋارۋارا قىسقىلا كۈلۈپ قويىدى . . .

« پوپكا ، پوپكا ، پوپكا ! » شاتۇتى ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن جاۋاب قايتۇردى .

سوفىيە ئالدىمغا كېلىپ چىرايىمغا تىكىلىپ قارىدى .

— خوش ، سىز نېمە دېدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ، — ئېسىڭىزدە يوقمۇ ؟

مەن شاپىدە قىزىرىپ كەتتىم .

— ئېسىمدە يوق ! . . . بىلىسىز ، مەنمۇ ئۇنچىلىك يامان ئادەملەردىن ئەمەس ، — ئۆزۈمچە بىرئاز توختىۋېلىپ ، گېپىمنى يەنە داۋام قىلدىم ، — ھاراق ئىچىش ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىش ، ئادەم ھاراققا ئىنتىز تەگكۈزدىمۇ ، بولدى ، ئىچ - باغرىنى تۆكۈۋېتىدۇ دەڭا ، ھەتتا ئۆز كىلەردىن سىر تۇتىدىغان ئىشلىرىنىڭمۇ بىرىنى قويماي دېۋېتىدۇ . كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ .

— ئۇنداقتا ، سىز سىرلىرىڭىزنى ئاشكارىلى-

ۋەتكەن ئوخشىماسىز ؟

— مەن ئۆزۈم توغرىسىدا سۆزلەۋاتقىنىم يوق .

سوفىيە كەينىگە بۇرۇلۇپلا ، ئۆي ئىچىدە يەنە ئۇياقتىن ــ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم ، تۇرۇپلا قورسىقىم كۆپتى . كۆڭلۈمدە : « قاراڭ ، ئۇ چومباقنىڭ مۇشتتەك تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى ، ۋۇ باغرى تاش ! توختاپ تۇر . . . » دېگەنلەرنى ئويلىدىم .

— سوفىيە نىكولايېۋنا . . .

سوفىيە قەدىمىنى توختاتتى .

— نېمە ئىش ؟

— بىرەر يەردە چېلىپ بەرمەمسىز ؟ يەنە تېخى سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا .

سوفىيە لام ــ جىم دېمەي مېھمانخانىغا ماڭدى ، مەنمۇ ئارقىسىدىن ماڭدىم . ئۇ پىئانىنونىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى .

— ھە ، قايسى ناخشىغا چېلىپ بېرەي ؟ — سورىدى سوفىيە .

— ئىختىيارىڭىز ، قايسى ناخشىغا چالسىڭىز مەيلى . . . ھە راست ، چوپېننىڭ لىرىكىلىق پيېسسىگە چېلىپ بېرىڭا .

سوفىيە ئاستا چېلىشقا باشلىدى ، ئۇ ئانچە ياخشى چالالمىسىمۇ ، ئەمما خېلى ھېسسىياتلىق چالدى . ھەدىسى پولشانىڭ تانسا مۇزىكىسى بىلەن ۋالس مۇزىكىسىنىلا چېلىشنى بىلەتتى ، ئادەتتىكى چاغلاردا چالمايتتى ، بەزىدە خۇشياقمىغاندەك پىئانىنونىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇراتتى ــ دە ، رومالى مۇرىلىرىدىن سىيرىلىپ جەينەكلىرىگە كېلىپ قالغان ھالدا پولشانىڭ تانسا مۇزىكىسىنى جاراڭلىق ئاۋازدا چېلىپ كېتەتتى ، بىر ناخشا تۈگىمەي

تۇرۇپ ، يەنە بىر ناخشىغا چالاتتى ، ئاندىن ئېغىر خورسىنىپ قو-
ياتتى ـ دە ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كې-
لەتتى . ئىشقىلىپ ، ۋارۋارا غەلىتە بىر ئايال ئىدى .

مەن سوفىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم .

ـــ سوفىيە نىكولايېۋنا ، ـــ مەن ئۇنىڭغا يان تەرەپتىن زەن سېلىپ قاراپ گەپ باشلىدىم ، ـــ بىر گەپ بار ، ئىچىمنى ئاچچىق قىلىپ تۇرىدۇ ، دەيمۇ ؟

ـــ نىمە گەپتۇ ئۇ ئۇنچىلىك ؟

ـــ مۇنداق گەپ . . . مەن سىزنى هازىرغىچە خاتا تونۇپ كەپتىمەن ، پۈتۈنلەي خاتا تونۇپ كەپتىمەن .

ـــ بۇ نىمە دېگىنىڭىز ؟ ـــ دېدى سوفىيە پىئانىنونىڭ توپچىلىرى ئۈستىدە شوخ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بار-ماقلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي .

ـــ مەن سىزنى ئاق كۆڭۈل دەپ ئويلاپتىمەن ؛ سىزنى سەممىي ، هىيلە ـ مىكرىسى يوق ، هېسسىياتىنى يوشۇرۇپ كى-شىنى ئەخمەق قىلمايدۇ ، دەپ قاپتىمەن . . .

سوفىيە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ نوتىغا قارىدى .

ـــ گەپلىرىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم .

ـــ گەپنىڭ پوسكاللىسى ، ـــ دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ـــ سىزنىڭ مۇشۇ يېشىڭىزدا ئويۇننى تازا قاملاشتۇرۇپ ئويناپ چىقالايدىغانلىقىڭىزنى هەرگىز خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن . . .

سوفىيەنىڭ پىئانىنو توپچىلىرى ئۈستى-دىكى بارماقلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى .

ـــ سىز نىمشقا بۇ گەپلەرنى دەيسىز ؟ ـــ دېدى سوفىيە

ماگا قاراپمۇ قويماي ، — مەن ئۇيۇن ئويناپتىمەنمۇ ؟
— ھەئە ، سىز ( ئۇ كۇلۇپ قويدى . . . ئۆتۈم يىپىرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم . . . ) مەلۇم بىر ئادەمگە كارىڭىز بولمىغاندەك قىيايپەتكە كىرىۋالدىڭىز ، لېكىن ئاخىر سىز . . . سىز ئۇنىڭغا خەت يازدىڭىز ، — دېدىم پەس ئاۋازدا .
شۇ زامان سوفىيەنىڭ چىرايى شامدەك تاتىرىپ كەتتى ، ھەتتا ماگا قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى . ئاخىر چوپپىنىنىڭ لىرىكىلىق پيىسىنى چېلىپ تۈگەتتى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ پىئانىنونىڭ قاپقىغىنى ياپتى .
— نەگە بارىسىز ؟ — مەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم ، — ماگا جاۋاب بەرمەمسىز ؟
— سىزگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن ؟ سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمىدىم . . . سىزگە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتكىنىم يوق ، — دېدى سوفىيە ۋە نوتىنى ئالدى . . .
غۇژژىدە جۇدۇنۇم ئۆرلىدى .
— ياق ، مېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتىسىز ، — دېدىم مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، — سىز ئاگلاشنى خالامسىز ، مەن خېتىڭىزگە يازغان بىر جۈملە سۆزنى ئەسلىتىپ قوياي : سىز ئىلگىرىكىدەك ئېھتىياتچان بولىسىڭىزلا . . .
سوفىيە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى ۋە :
— سىزنىڭ مۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى زادى ئويلىماپتىكەنمەن ، — دېدى .
— مەنمۇ ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن ، — دېدىم مەن دەرھاللا ، — سوفىيە نىكولايېۋنا ، سىزنىڭ كۆزىڭىز چۈشكەن ئادەم . . .

سوفىيە شارتتىدە مەن تەرەپكە بۇرۇلدى، مەن ئىختىيار-سىز كەينىمگە داجىدىم: ئۇنىڭ كۆزلىرى . . . ئادەتتە خۇمارلى-شىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى چەكچەيگىنىچە ماڭا تىكىلدى، غەزەپ-تىن بۆلەكچىلا چاقناپ كەتتى.

— ھە، ئىش مۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ، — بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن. سىز ئۇ ئادەمگە قانداق قارايسىز، مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا نېمىلەرنى دەيـ-سىز، بۇنىڭ بىلەن قىلچە كارىم يوق. يەنە كېلىپ، سىز نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقاردىڭىز؟ . . . بۇنداق گەپلەرنى دېيىشكە سىزنىڭ نېمە ھەددىڭىز؟ مۇبادا مەن بىرەر ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلسەم . . .

سوفىيە گېپىنى توختىتىپ چىقىپ كەتتى.

مەن زالدا يالغۇز قالدىم، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا قېلىپ بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم، ئاخىر قولۇم بىلەن يۈزۈمنى ئېتـ-ىۋالدىم. قىلغان ئىشىمنىڭ پەسكەش ۋە رەزىللىكىنى بىلىپ، نومۇس ۋە پۇشايماندىن دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى، خۇددى كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. ئىچىمدە: «ئاھ، پەرۋەردىگار مەن مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ قويىدۇممۇ!» دەپ نىدا قىلدىم.

— ئانتون نىكىتىچ، — مەن ئايال خىزمەتكارنىڭ دەھـ-لىزدە تۇرۇپ دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم، — چاپسان بولۇڭ، سوفىيە نىكولايېۋناغا بىر ئىستاكان سۇ ئەكىرىپ بېرىڭ.

— نېمە بولدى؟

— خانقىز يىغلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. . .

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى، دەرھال مېھمانخانىغا

كىرىپ شىلەپەمنى ئالدىم .

— سوفىيەگە نېمىلەرنى دېگەن بولغىيتتىڭىز ، — دېدى ۋارۋارا ماكا قاراپ ، ئاندىن سەل توختىۋېلىپ پەس ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھېلىقى كۆچۈرگۈچى يولدىن يەنە ئۆتۈپ كەتتى .

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم .

— سىز نەگە بارىسىز ؟ توختاپ تۇرۇڭ ، ئاپام ھازىرلا چىقىدۇ .

— ياق ، مەن كېتەي ، — دېدىم مەن ، — يەنە كېيىن كېلەرمەن .

شۇ چاغدا مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم . . ھەقىقەتەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم ، سوفىيە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك تاتارغان ، قاپاقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى ، ئۇ ماڭا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى .

— قارا ، سونىيە[1] ، — دېدى ۋارۋارا ، — بىر كۆچۈرگۈچى دائىم ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ كېتەلمەيدۇ .

— بىر ئايغاقچىدۇ ، ھەرقاچان . . . — دېدى سوفىيە سوغۇق ، مەسخىرىلىك ئاھاڭدا .

بۇ گەپ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . مەن مېھمانخانا ئۆيدىن چىقتىم ، راستىمنى ئېيتسام ، ئۆيۈمگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن .

مەن چېۋىن يەۋالغاندەك بەكمۇ بىئارام بولدۇم ، ئىچ —

[1] سوفىيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى .

www.uyghurkitap.com

ئىچىمدىن قاتتىق ئازابلاندىم . بۇنى سۆزلەپ بېرىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ ، پۈتۈن بىر كۈن ۋە بىر كېچە بۇنداق شەپقەتسىز زەربىگە ئىككى قېتىم ئۇچرىدىم . سوفىيەنىڭ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلدىم . ئەمدى ئۇ مېنى مەڭگۈ ياراتمايدۇ . مەن شۇنچىلىك ئۈمىدسىزلەندىم ، قاتتىق ئىزا تارتتىم ، شۇڭا مەن ئۆزۈمگە ئاچچىقلانسام بەرىبىر . مەن ساپادا تامغا قاراپ ياتتىم ، ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئاچچىق ئازابى مېنى تازا قىيناۋاتقاندا ، تويۇقسىز بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدىم . دەرھال بېشىمنى كۆتۈرسەم ، مېنىڭ ئەڭ قەدىناس دوستۇم ياكوف باشنىكوف يېنىمدا تۇراتتى .

شۇ كۈنى ئۆيۈمگە كىملا كەلسە ، ھەممىسىگە قەستەن ئاچچىقلاپ كەتكەنىدىم . ئەمما ، باشنىكوفقا زادىلا ئاچچىقلانمىدىم . شۇنچىلىك قاتتىق ھەسرەت چېكىپ ئازابلىنىۋاتقان بولسام ، بىراق ئۇنى كۆرۈپلا ئىچىمدە بەك خۇشال بولدۇم . ئۇنىڭغا ئاستا بېشىمنى لىڭشىتتىم . ئۇ كونا ئادىتى بويىچە ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئىككى قېتىم مېڭىپ ، گېلىنى قىرىپ قويدى ـ دە ، ئۇزۇن پۇت ـ قوللىرىنى تۈز قىلىپ ، لام ـ جىم دېمەي ئالدىمدا بىر پەس تۇردى ، ئاندىن يەنە گەپمۇ قىلماي بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى .

مەن ياكوف باشنىكوف بىلەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا تونۇشاتتىم . ئۇ گېرمان ۋېنېر كېيىلېر ئاچقان ياتاقلىق مەكتەپتە تەربىيە ئالغان ، مەنمۇ شۇ مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇغانىدىم . ئۇنىڭ دادىسى نامرات ، ھەربىي سەپتىن قايتقان مايور بولۇپ ، ئىنتايىن سەممىي ، لېكىن نېرۋىسى تازا نورمال ئەمەس بىر ئادەم ئىدى ، ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلىنى بۇ مەكتەپكە يېتىپ ئوقۇشقا بەرگەن

ۋە بىر يىللىق ئوقۇش راسخوتىنى تۆلىۋېتىپ، موسكۋادىن شۇ كەتكىنىچە ئىز - دېرەكسىز يوقالغانىدى... تەخمىنەن سەككىز يىلدىن كېيىن ئۇ توغرىسىدا راست خەۋەرنى ئاڭلىدىم: رەھمەتلىك ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ نېمىشقا سىبىرىيىگە ماڭغاندۇ... بۇنى بىر خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. باشنىكوفنىڭ باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق، ئانىسى ئاللىبۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئاخىر ۋېنتېبر كېيلېر يېتىم قالغان باشنىكوفنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ بىر شىرەم تۇغقىنى بار ئىدى، لېكىن ئۇ تۇغقىنى قولى بەكلا قىسقا بولغاچقا، بىچارە جىيەنىنى يوقلاپ كېلىشكە پېتىنالمىدى، جىيەنىنىڭ ئۆزىگە ئىنتىرىلىپ قويۇشىدىن قورقتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قورقۇپ يۈرۈشىنىڭ قىلچە ئاساسى يوق ئىدى: ئاق كۆڭۈل گېرمان باشنىكوفنى يەنىلا ئۆز يېنىدا تۇرغۇزدى، باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش ۋە يېمەك - ئىچمەكتىن بەھرىمەن قىلدى (ئەمما ئۇ يەكشەنبە كۈنىلا تاماقتىن كېيىن پېچىنە - پىرەنىك، مېۋە - چېۋە يېيەلەيتتى)، يەنە ئاپىسىنىڭ كونا كىيىملىرىنى ئوڭشاپ - تۈزەپ باشنىكوفقا كىيگۈزدى (گېرمانىنىڭ ئاپىسى بالتىق دېڭىزى رايونىدىن بولۇپ، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ھەرىكىتى چاققان، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان ئايال ئىدى). مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى، يەنە كېلىپ باشنىكوفنىڭ ياتاقلىق مەكتەپتىكى ئورنى بەكلا تۆۋەن بولغاچقا، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغانچە مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنى كۆزىگە ئىلماي بەزىدە «مومايىنىڭ ئۆيلۈك كۆڭلىكى» دەپ چاقىرسا، بەزىدە «ئاياللار شىلەپىسىنىڭ جىيەنى» دەپ چاقىراتتى (ئۇنىڭ ھاممىسى دائىم غەلىتە شەكىللىك شىلەپە كىيىپ

www.uyghurkitap.com

يۇرەتتى ، شىلەپىنىڭ ئۈستىدە سىرىق لىنتا بار ئىدى ) . يەنە بە-زىدە « ئىرماكنىڭ[1] بالىسى » دەپمۇ چاقىراتتى ( چوڭىكى ئىرماكمۇ ئېرتىش دەرياسىدا چۆكۈپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى ) مەيلى ئۇنى نېمە لەقەم بىلەن چاقىرسىمۇ ، مەيلى ئۇ قانچە نامرات ، كى-يىملىرى قانچە كۈلكىلىك بولسىمۇ ، كۆپچىلىك يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئاق كۆڭۈل ، ئالىيجاناب بالا يوق . ئۇ دەرسلەرنىمۇ شۇنداق ياخشى ئوقۇيتتى .

مەن باشنىكوفنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىمدا ئۇ ئون ئالتە ياش ، مەن ئون ئۈچ ياشتا ئىدىم . مەن ناھايىتى باي ئائىلىدە ئەركە چوڭ بولغان بالا بولغاچقا ، ياتاقلىق مەكتەپكە كىرىپلا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بالىلىرى بىلەن دوست بولدۇم ، باشقا ساۋاقداشلار ئالدىدا گىدىيىپ يۈردۈم . باشنىكوفنى بولسا كۆ-زۈمگە ئىلىپمۇ قويمىدىم . ئېگىز بوي ، كالتە پەم بۇ يىگىت ئۇ-چىسىغا ئىسكەتسىز چاپان ۋە كالتە ئىشتان ، قوپال يىپتىن توقۇل-غان ئۇزۇن پايپاق كىيىپ يۈرەتتى ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقى قۇلدىن كېلىپ چىققان كۈتكۈچىگە ياكى مىشچانلارنىڭ ئوغلىغىلا ئوخ-شايتتى . باشنىكوف ھېچكىمگە خۇشامەت قىلمىغىنى بىلەن ، ئەمما كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى ؛ بىرەرى ئۇنى كۆزگە ئىلمىسا ، ئۆزىنى خەقلەر ئالدىدا تۆۋەن كۆرمەيتتى ، ئاچچىقلاپمۇ كەتمەيتتى . ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى مەن كالتەك توپ ئويۇنىنى ئويناپ چارچىدىم بولغاي ، بىرئاز دەم ئېلىش مەقسىتىدە مەكتەپ باغچىسىغا كىرىۋېتىپ ، ئېگىز ئۆسكەن سۆسۈن سىرەن دەرىخى-نىڭ ئاستىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان

---

① ئىرماك — ئىۋان VI زامانىسىدا سىبىرىيىنى بويسۇندۇرغان ئادەم . 1584 — يىلى ئۇ ئېرتىش دەرياسىغا چۆمۈلۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن .

باشنىكوفنى كۆرۈپ قالدىم . يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا كىتاب مۇقاۋىسى ۋە تۇپلىمىدىكى « Schiller ,S Werke » ① دەپ يېزىلغان شىللېرنىڭ ئىسمىغا كۆزۈم چۈشتى ـ دە، دەرھال قەدىمىمنى توختاتتىم .

— سىز نېمىسچە بىلەمسىز ؟ — دەپ سورىدىم مەن باشنىكوفتىن .

شۇ كۈنى ئاۋازىمنىڭ تولىمۇ تەكەببۇر چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسام، تاكى ھازىرغىچە خىجىل بولىمەن . . . باشنىكوف ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانچە يوغان بولمىغان ، ئەمما ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ :

— ھەئە، بىلىمەن، سىزچۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇنىمۇ سورامدىكەن ، ئەلۋەتتە بىلىمەن ! — دەپ جاۋاب بەردىم . تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىدىن غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى ـ دە، يولۇمغا ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا، قانداقتۇر بىر نەرسە مېنى توختىتىپ قويدى .

— سىز شىللېرنىڭ نېمىسىنى ئوقۇۋاتىسىز ؟ — مەن يەنە بىر خىل تەكەببۇرانە ئاھاڭدا ئۇنىڭدىن سورىدىم .

— ھازىر ئوقۇۋاتقىنىمنى دەمسىز ؟ ھە ، « Resignation » ② نى ئوقۇۋاتىمەن، بۇ تولىمۇ پاساھەتلىك يېزىلغان شېئىر دەڭا ! دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ باقامسىز يا ؟ كېلىڭ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ .

مەن سەل ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئاخىر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ

---

① « شىللېرنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما » شىللېر ( 1759 — 1805 ) گېرمانىيە شائىرى ۋە دراماتورگى .

② نېمىسچە سۆز بولۇپ، « تەقدىرگە بويسۇنۇش » دېگەن مەنىدە .

ئولتۇردۇم . باشنىكوف شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ نېمىسچە سەۋىيىسى مېنىڭدىن كۆپ ياخشى ئىدى، تېخى ئۇ شېئىرنىڭ بىرقانچە مىسرالىرىنىڭ مەنىسىنى ماڭا چۈشەندۈ- رۈپمۇ قويدى ؛ لېكىن مەن ئۆزۈمنى بىلىمسىز ئىكەنمەن ، دەپ قارىمىدىم ياكى ئۇ مېنىڭدىن ئەقىللىق ئىكەن دەپ خىجىل بولۇپمۇ كەتمىدىم . شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئىككىمىز مەكتەپ باغچىسىدىكى سۆسۈن سىرىن دەرىخىنىڭ قويۇق سايىسى ئاستىدا بىللە شېئىر ئوقۇغان چاغلىرىمىزدا ، مەن باشنىكوفنى چىن يۈرىكىمدىن ياق- تۇرۇپ قالدىم ، ئۇنىڭ بىلەن خۇددى بىر تۇغقاندەك يېقىنلىشىپ كەتتىم ، ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان دەرى- جىگە يەتتىم .

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە ، لې- كىن كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە چىرايى سەل ئۆزگىرىپ كەت- تى . ئۇ ئورۇق ، ئېگىز ، بوي - تۇرقى تولىمۇ ئىسكەتسىز ئىدى ، مۈرىلىرى تار ، بېلى سەل دۈمچەك بولۇپ ، كېسەل ئازابىدىن ئا- جىزلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى ، ئەمما تېنى ساغلام ئەمەس دې- گىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ تاۋۇزدەك بېشى بىلىنەر - بىلىنمەس يا- پىلاق ئىدى . زىغىر رەڭ ، يۇمشاق ، شالاڭ چاچلىرى ئىنچىكە بويىنىنىڭ ئىككى تەرىپىنى يېپىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايى سەت ئىدى ، كومشار ھەم ئۇزۇن بۇرنى كۆرۈمسىز دورداي كالپۇكلىرى ئۈستىدە ھېلى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ساڭگىلاپ تۇراتتى ، كىشىگە ھەييار چىرايى ، كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى . لېكىن ، كەڭ كەلگەن چېكىسى ئۆزگىچە تولىمۇ ياراشقانىدى . ئۇ كۆلگەندە كۆل رەڭ كىچىك كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇلايىملىق ، سەمىمىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ مۇلايىم ، ئىنتايىن يېقىم-

لىق ئاڭلىنىدىغان بىر خىل بوغۇق ئاۋازى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئادەتتە ئۇ ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى، تۇرقىدىن گەپ قىلىشنى ئانچە خالىمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى؛ ئەمما، خۇشال بولغان چاغلىرى سۇ خۇددى بۇلاقتىن توختىماي ئېتىلىپ چىققاندەك، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى. شۇغىنىسى، غەلىتە يېرى شۇكى... ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ مۇلايىملىشىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان كۆزلىرى تېخىمۇ مۇڭلىنىپ كېتەتتى. يۈزىگە ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈرەتتى. ئاغزىدىن «ئاق كۆڭۈل»، «ھەقىقەت»، «ھايات»، «ئىلىم ـ پەن» ۋە «مۇھەببەت» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر چۈشمەيتتى. مەيلى ئۇ قانچىلىك قىزغىن سۆزلىسىمۇ، بۇ سۆزلىرىدە قىلچە ساختىلىق يوق ئىدى. سۆزلىرى ناھايىتى تەبىئىي بولۇپ، كۆزلىگەن مەقسىتىنى ھېچ كۈچىمەيلا بايان قىلاتتى، ئۇنىڭ پاك روھى ھەر دائىم «گۈزەللىك ئىلاھىي تەكچىسى» ئالدىغا باراتتى، ئۇ يەردە بىر ئاۋاز چاقىرسىلا، باشقا بىر روھ بىلەن ئۇچرىشاتتى... باشنىكوف رومانتىك ئىدى، مەن تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى رومانتىكلار ئارىسىدىكى بىرى ھېسابلىناتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، رومانتىكلاردىن ئاللىقاچان ئەسەر قالمىدى، مەيلى نېمىلا بولسۇن، بۈگۈنكى ياشلار ئارىسىدىن باشنىكوفتەك ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى ياشلار ئۇلارغا ھەرگىز يەتمەيدۇ!

مەن باشنىكوف بىلەن ئۈچ يىلنى بىللە ئۆتكۈزدۈم. بىز خۇددى چوڭلار ئېيتقاندەك ئېجىل ـ ئىناق بولۇپ كەتكەندۇق. ئۇ ماڭا ئىشىنەتتى، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مۇھەببىتىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەنمۇ ئىنتايىن غەمخورلۇق ۋە ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى زەن سېلىپ

ئاڭلىغانىدىم . ئـۇنىڭ كۆيۈپ قالغان تۇنجى ئـاسمىنى ۋىنتېر كېيلېرنىڭ قىز جىيەنى بولۇپ ، ئـۇ سېرىق چـاچ ، يـۇزى ئالـ مىدەك سـۈزۈك ، چىرايىدىن گـۆدەكـلىكى بىلىنىپ تۇرىـدىـ غـان ، كىشىنىڭ هـەۋىـسىنى كەلـتۈرگۈدەك كۆپكۆك كۆزلىرىـ دىـن نازاكەتلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى . توـ لىمۇ هېسسىياتچان بۇ قىز ماگسون[1] ، ۋۇلاند ، [2]شىللېر قاـ تارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۆزىنىڭ نازۇك ، مۇزىكىدەك چىقىدىغان ئاۋازى بىلەن بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىنتايىن تەسىرلىك هالدا دېكلاماتسىيە قىلاتتى . باشنىكوفنىڭ مۇهەببىتى پۈتۈنلەي مەنىۋى جەهەتتىكى مۇهەببەت ئىدى . يەقەت يـەكـشەنبە كۈنىلا ئۆزىنىڭ مەشۇقىنى كۆرەلەيتتى ( يەكشەنبە كۈنى دائىم بۇ قىز ۋىنتېر كېيلېرنىڭ باللىرى بىلەن « لاتـارىـيە بېلـەتى تـارتـىش »، ئويـۇنـىنى ئويـنـىغـىلى كېلـەتـتى ) . ئـەمـما ، باشـنـىكوفـقا تۈزۈك گەپ قىلمايتـتى . بىـر قېـتىم ئـۇ باشنىكوفقا : « mien lieber , lieber Herr Jacob! »[3] دېـ دى . شۇ پـۈتـۈن بىر كېـچە باشـنـىكوف خۇشـالـلىقـىدىـن ئۇخـلىيالمىدى . شۇ چاغدا ، بۇ قىزنىڭ ئۇنىڭ بارلىق ساۋاقداشـ لىـرىغا « mein lieber » [4]دەيدىغانلىقىنى بىچارە باشنىكوف خىياـ

① مـاگسون ( 1761 ــــ 1831 ) گېرمانىيە شائىرى ، ئۇ كۆپلىگەن مىسـ كىن شېئىرلارنى يازغان .

② ۋۇلاند ( 1787 ــــ 1862 ) گېرمانىيىنىڭ مەشهۇر رومانتىك شائىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى رۇسىيىنىڭ داڭلىق شائىرى ژۇكوۋسكىي رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان .

③ نېمىسچە : قەدىرلىكىم ، قەدىرلىك باشنىكوف ئەپەندى ! دېگەن مەـ نىدە .

④ نېمىسچە : قەدىرلىكىم دېگەن مەنىدە .



www.uyghurkitap.com

لىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، شۇ كۈنلەردە فولىد-
لىكا ( ئۇ ئۇنىڭ ئىسمى ) خانقىزنىڭ كىنفتوس ئەپەندى بىلەن
تـوي قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدۇق ، بۇ ئىشتىن باشىنكوف-
نىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى . كىنفتوس ئەپەندى سودىسى تازا
ئېقىۋاتقان گۆش دۇكىنىنىڭ خوجايىنى بولۇپ ، ياخشى تەربىيە
كۆرگەن ، ئىنتايىن كېلىشكەن ئادەم ئىدى . لېكىن ، فولىدلىكا
ئاتا ـ ئانىسىغا بويسۇنۇپ ئەمەس ، بەلكى كىنفتوس ئەپەندىنى
ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانىدى .
شـۇ كـۈنلەردە باشىنكوفنىڭ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلدى ، بولۇپمۇ
ياش ئەر ـ خوتۇنلار تۇنجى قېتىم تۇغقان يوقلاپ كەلگەندە ، ئۇ
ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتـتى . فولىدلىكا خانقىز ( ئەمدى
فولىدلىكا خانىم بولۇپ قالدى ) يەنە ئۇنى سۆيۈملۈك باشىنكوف
ئەپەندى ، دەپ ئاتاپ ، ئۈستۋېشى پارقىراپ تۇرغان ئېرىگە تو-
نۇشتۇردى : ئۇنىڭ كۆزلىرى ، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى ، پېشا-
نىسى ، چىشى ، مېھمانلىق كىيىمىدىكى تۇگمە جىلىتكىسىنىڭ
يانچۇقىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان سائەت زەنجىرى ۋە پۇتىدىكى يو-
غان خۇرۇم ئۆتۈكلىرى يالت ـ يۇلت قىلىپ كۆزنى قاماشتۇرات-
تى . باشىنكوف كىنفتوس ئەپەندىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئۇ-
نىڭغا چەكسىز بەخت تىلىدى ( مەن ئىشىنىمەنكى ، بۇ سەممىي
تىلەك ئىدى ) . بۇ ئىش مېنىڭ ئالدىمدا بولدى . ھازىرمۇ ئې-
سىمدە ، شۇ چاغدا مەن ئىنتايىن ھەيران قالغان ، ئەمما ھېسداش-
لىق نەزىرىم بىلەن باشىنكوفقا تىكىلىپ قارىغانىدىم . مېنىڭچە ، ئۇ
ھەقىقىي قەھرىمان ! . . . كېيىن ئىككىيلەن كىشى كۆڭلىنى
غەمكىن قىلىدىغان بىرمۇنچە پاراڭلارنى قىلىشتۇق . مەن ئۇنىڭغا :
« سەنئەتتىن تەسەللى تاپـقىن ! » دېـدىـم . ئۇ جاۋاب بېرىپ :

« توغرا ، يەنە شېئىردىنمۇ تەسەللى تېپىش كېرەك » دېدى . مەن « دوستلۇقتىنمۇ » دەپ قوشۇپ قويدۇم ، ئۇ « توغرا ، دوستلۇقتىنمۇ » دەپ تەكرارلىدى . ئاھ ، ئىلگىرى ئۆتكەن شۇ بەختلىك كۈنلەر ! . .

باشنىكوف بىلەن خەيرلەشكىنىم ھەققەتەن بىر ئازابلىق ئىش بولدى . مەن مەكتەپتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ، ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ، يەنە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان قىزىق ـ قىزىق خەتلەرنى يېزىپ ، ئاخىر تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندى . ئۇنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى يەنىلا ۋېنتېر كېيلېر كۆتۈردى . ئەمدى باشنىكوف تاۋار ئەستەرلىك چاپان ۋە ئىشتان كىيمەيدىغان بولدى ، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر خىل دەرسلەرنى ئۆتۈپ ، تاپقان پۇلىغا بىرنەچچە قۇر ئاددىي كىيىملەرنى سېتىۋالغانىدى . مەن ياتاقلىق مەكتەپتىن ئايرىلغۇچە ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ياش كىچىك بولسامۇ ، باشنىكوف ماڭا بىر خىل مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېڭىدىن تونۇشقان بىرقانچە ستۇدېنتلىرىغا ھەسەت قىلغانىدىم . ئۇ ماڭا جىق ياخشى تەسىر كۆرسەتكەن . ئەپسۇس ، ئەمدى ئۇنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ . مەن بىر مىسال سۆزلەپ ئۆتەي ، كىچىك چاغلىرىمدا مېنىڭ يالغان سۆزلەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى . . لېكىن باشنىكوفنىڭ ئالدىدا بىرەر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلمىدىم . ئۇنىڭ بىلەن سىرتلارغا چىقىپ سەيلە قىلىشنى ياكى ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشنى ، ئۇنىڭ تۆۋەن ، ئەمما ھېسسىياتلىق ئاۋازدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىنى ئاڭلاشنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم . راستىمنى ئېيتسام ، بۇنداق

چاغلاردا مەن خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىندىن ئاستا ـ ئاستا ئايرىلىپ، چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرغان، سىرلىق، گۈزەل، مەلۇم بىر ماكانغا لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم . . . مەلۇم بىر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە سۆسۈن سىرىن دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغىنىم تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . ئىككىمىز بۇ جاينى ياخشى كۆرەتتۇق . ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالغانىدى؛ بىز ئاستا ئورنىمىزدىن تۇردۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ كىيىملىرىمىزنى كىيدۇق ـ دە، «چۈش كۆرگىلى» تۇيدۇرماي سىرتقا چىقىپ كەتتۇق. قورو ئىچى شۈنچىلىك ئىللىق، ئەمما تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سوققان سالقىن شامال ئىككىمىزنىڭ دولىسىنى سەل قورۇپ قويىدى. بىز ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق، پاراڭلىرىمىز شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك بولدى، بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەي سۆزلىشىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما گەپ تالىشىپ قىزىرىشىپ قالمىدۇق. ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار بىزگە كۆز قىسىشقاندەك شوخ جىمىرلاپ تۇراتتى. باشىنكوف بېشىنى كۆتۈرۈپ قوللىرىمنى چىڭ تۇتتى ـ دە، ئاستا خىتاب قىلدى:

باش ئۈستىمىزدە
ئاسمان گۈمبىزىدە چاراقلاپ تۇرغان مەڭگۈلۈك يۇلتۇزلار
ئۇنىڭ ئۈستىدە باردۇر ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى . . .

مەن ئەيمەنگىنىمدىن تىترەپ كەتتىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، مەن دەرھال بېشىمنى ئۇ-

نىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدىم . . كۆڭلۈم پەۋەس . . .

ئىنسان بالىسىنىڭ ئىچ ـ ئىچىنى شادلاندۇرىدىغان بۇنداق خۇشاللىق ئەمدى قاياققا كەتتى ؟ ھەي ! ئۇ جايدا مېنىڭ ياشلىق باھارىم قالغان ئەمەسمىدى !

ئارىدىن ئالاھەزەل سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى ، مەن پېتېربۇرگتا باشنىكوف بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . بىر كۈنى ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئىدارىسىگە كىرگەنىدىم ، شۇ يەردە خەقلەرنىڭ باشنىكوفقا مەلۇم بىر ئورۇندىن ئاددىي خىزمەت تېپىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم . شۇ كۈنى زادى ئىسمىدىن چىقمايدۇ . مەن ئۆيدە ئولتۇراتتىم ، توساتتىن دەھلىزدە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ . . . شۇنچىلىك ھەيران قالدىم ھەم خۇشال بولۇپ كەتتىم ، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇردۇم ، يۈرىكىم دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى ، ئۇ پەلتوسىنى سېلىپ ، شارپىسىنى ئالغۇچە ، بوينىدىن قۇچاقلاپ ئالدىم ! كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ئۇنچىدەك ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى . ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپ كەتتىم . يەتتە يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا سەل قېرىلىق يېتىپ قالغانىدى . چېكىلىرىنى يىڭنە ئىزىدەك ئىنچىكە قورۇقلار باسقان ، ئىككى قوۋزى سەل ئولتۇرۇشۇپ ، چېچى بەكلا شالاڭلىشىپ كەتكەن . ئەمما ، ساقىلى بۇرۇنقىدەك ئۆز پېتى ، چىرايى بۇرۇنقىدەكلا خۇشخۇي ئىدى ؛ ئۇنىڭ كۈلكىسى . . . ئاشۇ مۇلايىم ، مەنىلىك ، ئۆزگىچە كۈلكىسىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى . . .

ئاھ ! شۇ كۈنى يەنە نېمە گەپلەرنى دېيىشمىگەن بولغىيدۇق ؟ . . . بىز بىر ـ بىرىمىزگە ياخشى كۆرىدىغان تالاي شېئىرلارنى ئوقۇپ بەردۇق ـ ھە ! مەن دەسلەپ ئۇنىڭغا ، مېنىڭ



www.uyghurkitap.com

يېنىمغا كۆچۈپ كەل ، بىللە تۇرايلى ، دېۋىدىم ، ئۇ ئۇنىمىدى ، بىراق ئۇ ھەركۈنى مېنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى ، دېگەندەك باشنىكوف ۋەدىسىدە تۇردى .

باشنىكوف روھىي جەھەتتىنمۇ ئۆزگەرمىگەن ، يەنە شۇ مەن ئىلگىرى تونۇشقان رومانتىك ئىدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ شەپقەتسىز مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان ، بۇ جاھاننىڭ ئاچچىق دەرد ــ ئەلەملىرىنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ ، قەلبىدە پورەكلەپ ئېچىلغان مۇھەببەتنىڭ نازۇك گۈلى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتمىغانىدى . ئۇ ئەزەلدىنلا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھېچكىمگە چاندۇرمايتتى . قارىسام ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا خاتىرجەم ، يەنە كېلىپ چىرايىدىن بىر خۇشلۇق تېپىپ تۇراتتى .

باشنىكوف پېتېربۇرگتا خۇددى قاقاس چۆل ــ جەزىرىدە تۇرۇۋاتقاندەك بىرمۇ ئادەم بىلەن ئارىلاشمىغانىكەن . مەن ئۇنى زلوتنىسكىي ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدۇم . شۇنىڭدىن كېيىن ، باشنىكوف ئۇلارنىڭ ئۆيىگە دائىم بېرىپ تۇرىدىغان بولدى . ئۇ ئۆزىنى ئۇنچىلىك چوڭ تۇتمايتتى ، خەقلەردىن ئانچە تارتىنىپمۇ كەتمەيتتى ، شۇغىنىسى زلوتنىسكىيلارنىڭ ئۆيىگە كەلسە تولىمۇ ئاز سۆزلەيتتى ، لېكىن كۆپچىلىك ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى . ھەتتا چىرايىدىن كەسكىنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ناتىيانا ۋاسىلېۋنانىڭ ئېرىمۇ ئۇنىڭغا سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى . بۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر بېسىق ئىككى قىزى باشنىكوف بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتتى .

ئۇ زلوتنىسكىينىڭكىگە بارىدىغان چاغلىرىدا بەزىدە يېڭىدىن چىققان شېئىرلار توپلىمىنى ئېلىۋالاتتى . ئۆيگە كىرگەندە خۇددى قۇشقاچتەك بوينىنى بىر تەرەپكە سەل قىيسايتىپ ، شېئىر

ئوقۇسام بولامدۇ ؟ دېگەندەك ھەممىگە بىر قاراپ چىقاتتى . ئاخىر ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كېلىپ ئولتۇراتتى ـ دە ( ئۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى ) ، كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلايتتى . دەسلەپ پەس ئاۋازدا ئوقۇيتتى ، كېيىن ئاۋازى بارا ـ بارا كۈچەيىپ كېتەتتى . بەزىدە تېخى شېئىرنىڭ ئايرىم مىسرالىرىنى قىسقىغىنا بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن تەنقىد قىلىپ ياكى ماختاپمۇ ئۆلگۈرەتتى . راستىنى ئېيتسام ، ۋارۋارانىڭ بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ ، ئەدەبىياتقا ئانچە قىزىقمىسىمۇ ، ئەمما ئۇ سىڭلىسىغا قارىغاندا بەكرەك باشنىكوفنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دېكلاماتسىيە ئاڭلاشنى خالايتتى ، بەزىدە باشنىكوفنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ ، قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كېتەتتى . . . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەمەس ، بەلكى يۈزىگە تىكىلگىنىچە كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالاتتى ، بىرھازاغىچە دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك لام ـ جىم دېمەيتتى ، گاھىدا تۇرۇپلا ئېغىر خورسىنىپ قوياتتى . . . كەچتە ، بولۇپمۇ يەكشەنبە ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى كەچتە بىز « چەك تارتىش » ئويۇنىنى ئوينايتتۇق . بۇنداق چاغلاردا يەنە ئىككى خانقىزمۇ ئويۇنىمىزغا داخىل بولاتتى . بۇلار زلوتنىسكىينىڭ شىرىم تۇغقانلىرى بولۇپ ، دوغىلاققىنا كەلگەن ئىنتايىن كۈلگۈنچەك ئاچا ـ سىڭىللار ئىدى . ئۇلاردىن باشقا يەنە ھەربىي مەكتەپنىڭ بىرقانچە ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ( ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاق كۆڭۈل ، ئېغىر بېسىق ئۆسمۈرلەر ئىدى ) بىزنىڭ ئويۇنىمىزغا قاتنىشاتتى . باشنىكوف دائىم تاتىيانا ۋاسىلىيېۋنانىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋېلىپ ، « چەك » چىققان ئادەمنى قانداق جازالاش توغرىسىدا ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرەتتى .

سوفىيە ھە دېسىلا قۇچاقلىشىش ۋە سۆيۈشۈشنى جازالاش

چارىسى قىلىشنى ياقتۇرمايتتى . ۋارۋارا ھەر قېتىم بىرەر نەرسىنى تېپىش ۋە پەرەز قىلىش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەندە بەكلا قىينىلىپ كېتەتتى . بۇنداق چاغدا ئىككى خانقىز ساراڭلاردەك كۈلۈپ توختىمايتتى . . . تووۋا ، ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسى نەدىن كېلىدىغاندۇ ؟ . . . بەزىدە ئىككىسىنىڭ قىلىقىدىن بەكلا ئاچچىقىم كېلىپ كېتەتتى ، لېكىن باشنىكوف بېشىنى چايقاپ كۈلۈپلا قوياتتى . زلوتنىسكىي بوۋاي بىزنىڭ ئويۇنىمىزغا قاتناشماي ، كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىشىكىدىن ھومىيىپ قاراپ قوياتتى . بىر كۈنى بىزنىڭ خىيالىمىزغا كەلمىگەن ئىش يۈز بەردى : بوۋاي يېنىمىزغا كېلىپ كىمگە چەك چىقسا ، شۇ كىشى مەن بىلەن ۋالىس ئوينايدۇ ، دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى . بىز دەرھال ماقۇل بولدۇق . بىر چاغدا چەك تاتيانا ۋاسلىيېۋناغا چىقىپ قېلىۋىدى . ئۇ ھۆپپىدە قىزىرىپ خۇددى ئون بەش ياشلىق قىز بالىدەك ھەم ئوڭايسىزلىنىپ ، ھەم ئىزا تارتىپ كەتتى ، لېكىن ئېرى دەرھال سوفىيەنى پىئانىنو چېلىشقا بۇيرۇدى ـ دە ، ئۆزى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر پەدە ۋالىس ئوينىدى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ؛ زلوتنىسكىي ۋالىسقا ئاستا پىرقىرىغان چاغدا ، ئۇنىڭ تۇتۇق ، ئۆكسۈلى قالمىغان چىرايى ( بۇنى ئاز دەپ كۈلكە بىلىنمەيدىغان سوغۇق كۆزلىرىچۇ تېخى ) بىردەم كۆز ئالدىمدا لەپپىدە كۆرۈنسە ، بىردەم غىپپىدە غايىب بولاتتى . ئۇ قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ ۋالىسقا پىرقىرىۋىدى ، خوتۇنى دەرھال ئۇششاق قەدەم ئېلىپ ، خۇددى قورققاندەك يۈزىنى ئېرىنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدى . زلوتنىسكىي خوتۇنىنى ئورنىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ـ دە ، چوڭقۇر تەزىم قىلدى ، ئاندىن كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى . سوفىيە ئورنىدىن تۇراي دېيىشىدى ، ۋارۋارا يەنە ئۇنى داۋاملىق ۋالىسقا چې-

لىشنى ئىلتىماس قىلىپ ، باشنىكوفنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە خىجىل-
لىق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ : « تانسا ئوينامسىز ؟ » دەپ سو-
رىدى . بۇنىڭدىن باشنىكوف چۆچۈپ كەتتى . ئەمما ، دەرھال
ئورنىدىن تۇرۇپ — ئۇ كىشىلەرگە ناھايىتى ئەدەپلىك مۇئامىلە
قىلىدىغانلىقى بىلەن نام چىقارغانىدى — ۋارۋارانىڭ بېلىدىن
تۇتۇپ ، ئەمدى بىر قەدەم ئېلىشىغا ، تۇيۇقسىز تېيىلىپ شاتۇتى-
نىڭ قەپىسى ئاستىغا يىقىلىپ چۈشتى . . . قەپەس يەرگە چۈ-
شۈپ ، شاتۇتى چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا « سالام ! »
دېدى . كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى . . . زلوتنىنسكىي كۇتۇپ-
خانىسىدىن چىقىپ ، بىرگە سۈرلۈك ھالدا قاراپ قويدى ـ دە ،
گۈپپىدە قىلىپ ئىشىكنى ياپتى . كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ،
بىرەرى بۇ ئىشنى ۋارۋارانىڭ ئالدىدا تىلغا ئالسىلا ، ئۇ قاتتىق
كۈلۈپ كېتەتتى .

باشنىكوف مۇزىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى . دائىم
سوفىيەنى پىئانىنو چالدۇرۇپ ، بىر چەتتە زەن سېلىپ ئاڭلاپ
كېتەتتى ، بەزىدە ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن مۇڭلۇق ناخ-
شىلارغا ئانچە ـ مۇنچە غىڭشىپمۇ قوياتتى . ئۇ فرانتىس شۇبېرتى-
نىڭ « يۇلتۇزلار تۈركۈمى » نى ① ناھايىتى ياخشى كۆرەت-
تى . ئۇ دائىم « يۇلتۇزلار تۈركۈمى » نى ئاڭلىسام ، پىئانىنونىڭ
ئاۋازىغا ئەگىشىپ ناھايىتى ئۇزۇن بىر كۆپكۆك نۇر ساما قويندىن
كۆكسۈمگە چۈشۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمەن دەيتتى ، ھازىرغى-
چىلىك كېچىسى ساما قوينىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان سان ـ سا-

---

① فرانتىس شۇبېرت ( 1797 — 1828 ) مەشھۇر ئاۋستىرىيە كومپوزىتورى . « يۇلتۇزلار تۈركۈمى » ئۇنىڭ گېرمانىيە شائىرى كرې-پوشتوكنىڭ شېئىرىغا ئاساسەن ئىشلىگەن مۇزىكىسى .

ناقسىز يۇلتۇزلارنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە شۇبېرتىنىڭ شۇ مۇزى-
كىسى بىلەن باشنىكوف ئېسىمگە كېلىدۇ . . . مەن يەنە شەھەر
سىرتىغا قىلغان سەپەرنىمۇ ئېسىمگە ئالىمەن . بىز ۋېلادىمىر كو-
چىسىدىن ئىجارىگە ئالغان تۆت چاقلىق ھارۋىغا ئولتۇرۇپ بارگو-
لوفقا ① بارغاندۇق ، ھارماس ئاتلار يورغا قەدەملىرى بىلەن
بىز چۈشكەن ھارۋىنى سۆرەپ بارگولوفقا كەلدى . بىز ئەتراپنى
قارىغايلار قاپلاپ كەتكەن بارگولوفنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئايلان-
دۇق ، كوزىدىكى مۇزدەك سۇتنى ئىچتۇق ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇل-
غان بۆلجۈرگەن يېدۇق . ئاسمان شىشىدەك سۈزۈك ، ھاۋا
شۇنداق ياخشى ئىدى . ۋارۋارا ئادەتتە ئۇزۇن يول يۈرۈشنى خا-
لىمايتتى ، شۇڭا ھە دېگەندىلا ھېرىپ قالدى ، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ
بىزنىڭ ئارقىمىزدا قالمىدى . ئۇ شىلەپىسىنى ئېلىۋەتتى ، چاچلىرى
يەلكىسىگە يېيىلىپ چۈشتى ، تۇتۇق چىرايىدىن نۇر يېغىپ ،
مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى . ۋارۋارا ئورمانلىقتا ئىككى
سەھرا قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە ، شۇ زامان يەردە
ئولتۇرۇپ ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىردى . سوفىيەنىڭ چىرايىدا سو-
غۇق كۈلكە ، يىراقتىن ئۇلارغا قاراپ تۇردى ، لېكىن ئۇلار تەرەپكە
بارمىدى . ئۇ ئاشانوف بىلەن بىللە سەيلە قىلدى ؛ زلوتنىسكىي
ۋارۋارانى تۇخۇم كاككىلايدىغان مېكىياندەك ئولتۇرۇۋالدۇ ، دې-
ۋىدى ، ۋارۋارا ئورنىدىن تۇرۇپ نېرى كەتتى . يولدا ئۇ بىرنەچچە
قېتىم باشنىكوفنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا : « ياكوف باشنىكوف ،
سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى » دېدى . . ئەمما ئۇ باشنى-
كوفقا نېمە دېمەكچى بولغىنىدى ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

---

① بارگولوف پېتېربۇرگنىڭ شىمالىدىن يەتمىش چاقىرىم يىراقلىقتىكى
فىنلاندلار يېزىسى ، ئۇ يەردە كۆپلىگەن يازلىق داچىلار بار .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىگە كېلەي .

باشىنكوفنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ، ئەمما تۈنۈگۈن قىلغان ئىشىمنى يادىمغا ئېلىپ خىجىل بولۇپ كەتتىم . بۇنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلدۇ . شۇڭا ، تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدىم . بىر پەستىن كېيىن ، باشىنكوف :

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— ياق ، — دېدىم مەن ، — شۇغىنىسى بىرئاز بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ .

باشىنكوف بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي بىر پارچە كىتابنى ئالدى . ئارىدىن بىرەر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى . مەن بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەي دەپ تۇرۇۋېدىم . . . دەھلىزنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى جاراڭشىپ كەتتى .

ئىشىك ئېچىلدى . . . ئاشانوفنىڭ خىزمەتكارىدىن مېنىڭ ئۆيدە بار - يوقلۇقىمنى سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم .

باشىنكوف ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ ئاشانوف بىلەن خۇشى يوق ئىدى . ئۇ پەس ئاۋازدا :

— سېنىڭ كارىۋىتىڭدا بىردەم يېتىپ تۇراي ، — دېدى - دە ، ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى .

بىر مىنۇت ئۆتمەيلا ئاشانوف كىرىپ كەلدى .

مەن ئۇنىڭ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا ، ماڭا تەكەللۇپسىز قىلغان سوغۇققىنا سالىمىغا قاراپ ، ئۇنىڭ يېنىمغا بىر مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم : « ئەمدى نېمە ئىش يۈز بېرەر ؟ » دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە .

— جانابلىرى ، — دېدى ئاشانوف يۆلەنچۈكلۈك ئورۇن- دۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — سىزنى بىر گۇماننى يېشىپ بېرەم-

دىكىن، دەپ يېنىڭىزغا كەلدىم.

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— ھېچنېمە، سىز سەمىمىي ئادەممۇ، ئەمەسمۇ؟ شۇنى بىلمەكچىمەن؟

ئاچچىقىم كېلىپ چىرايىم قىزىرىپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— نېمە دېگىنىم بولاتتى... — دېدى ئاشانوف گەپنى ئېنىق ئېيتىپ، — تۈنۈگۈن كەچتە ھەمياننى ئېلىپ سىزگە كۆرسەتتىم، شۇنداقمۇ؟ ھەمياندا بىر خانقىزنىڭ ماڭا يازغان خېتى بار ئىدى... بۈگۈن سىز خەتتىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇ خانقىزغا ئېيتىپ، تېخى كايىپسىز. سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزغا ھەرگىز ھوقۇقىڭىز يوق. مېنىڭ شۇنى بەكلا بىلگۈم بار، سىز بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— مېنىڭمۇ شۇنى بەكلا بىلگۈم بار، مېنى سوراق قىلىشقا سىزنىڭ نېمە ھەددىڭىز؟ — دەپ جاۋاب بەردىم، غەزەپ ۋە خىجالەتچىلىكتىن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ كەتتى، — سىز ئاغىزىڭىزغا كەلگىنىچە تاغىڭىزنى، مۇھەببەت خەتلىرىنى ماختاپ كەتتىڭىز، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ سىزنىڭ مۇھەببەت خەتلىرىڭىز كەم تۇرامدۇ؟

— ياق، بىرىمۇ كەم ئەمەس، لېكىن مېنىڭ تۈنۈگۈنكى ئەھۋالىمدا سىز ئېھتىمال...

— بولدى، جانابلىرى، — دېدىم مەن ئاۋازىمنى بولۇشىچە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — مېنى ئاۋارە قىلماڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ھېچ نەرسىنى بىلگۈم يوق، سىزگە بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش نىيىتىممۇ يوق. ئۆزىڭىز بېرىپ ئۇ خانقىزغا

چۆشەندۈرۈپ قويۇڭ ! — بېشىم قېيىپ كەتكەندەك بولدى . ئا-شانوف ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى ، شۇ تاپتا ئۇ يۈرىكىمنى زىل قىلىۋېتىدىغان بىر خىل مەسخىرىلىك ئىپادىنىڭ كۆزلىرىدىن چې-قىپ تۇرغانلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتات-تى . ئۇ ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ ، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى .

— بىلدىم ، — دېدى ئۇ ، — ئىچىڭىزدىكىسى چىرايىڭىز-دىن چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ . سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي ، بۇ يۈز — ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس . . . خەقلەرنىڭ خېتىنى ئوغرىلىقچە ئوقۇش . . . ئاندىن يۈز — ئابرۇيلۇق بىر خان-قىزنى مالال قىلىش . . .

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ ! — مەن پۈتۈمنى يەرگە ئۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدىم ، — مېنىڭ يېنىمغا شاھىتتىن ① بىرنى ئەۋەتىڭ . سىز بىلەن سۆزلەشمەيمەن .

— ماڭا ئۆگىتمەن دەپ ئالدىراپ كەتمەڭ ، — دېدى ئاشانوف گېپىمگە رەددىيە بېرىپ ، — مەنمۇ بىر شاھىت ئەۋەتەي دەپ تۇرغان .

ئاشانوف ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتتى ، مەن ساپادا سوزۇلۇپ يېتىپ ، قوللىرىم بىلەن كۆزۈمنى ئېتىۋالدىم . بىر چاغدا بىرەيلەن مۈرەمنى ئاستا ئۇردى ، قارىسام باشنىكوف ئالدىمدا تۇراتتى .

— بۇ نېمە ئىش ؟ راستمۇ ؟ . . . — سورىدى ئۇ مېنىڭ-دىن ، — خەقنىڭ خېتىنى ئوقۇغانمىدىڭ ؟

مەن « ھەئە » دېگەندەك بېشىمنى بوش لىڭشىتتىم .

باشنىكوف دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ماڭا

① دۇئېل ئۈستىدىكى شاھىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بۇ يەردە باش قەھ-رىمان ئاشانوف بىلەن دۇئېلغا چىقىش نىيىتىگە كەلگەن .

دۇمبىسىنى قىلىپ :

— ئاشانوفقا خەت يازغان بىر قىزنىڭ خېتىنى ئوقۇپسەن ئۇ قىز زادى كىم ؟

— سوفىيە زلوتنىسكايا ، — دېدىم مەن خۇددى جىنايەتچى سوت ئەمەلدارىغا جاۋاب بەرگەندەك ئاھاڭدا .

باشنىكوف خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى .

— مۇھەببەت ئۇچۇنلا شۇنداق قىلدىم دېسەڭ ، سېنى ھەرھالدا ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئىبغىز ئېچىپ ، — سەن سوفىيەنى ياخشى كۆرۈپ قاپسەن ـ دە ؟

— ھەئە . . .

باشنىكوف يەنە بىردەم جىمىپ كەتتى .

— مۇنداق دېگىن ، ئەمدى سەن بېرىپ قىزغا كايىماقچى . . .

— ھەئە . . . شۇنداق . . . — دېدىم مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ، — ئەمدى سەن مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدۇڭ .

باشنىكوف ئۆي ئىچىنى ئىككى ئايلىنىپ چىقتى .

— خوش ، قىز ئۇنى ياخشى كۆرەمدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن .

— ياخشى كۆرىدۇ . . .

باشنىكوف بېشىنى تۆۋەن قىلىپ بىرھازاغىچە پولدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتى .

— ئەمىسە ، ئىشنى ئوڭشايدىغاننىڭ ئامالىنى قىلايلى ، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — بۇ ئىش بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ .

باشنىكوف شىلەپىسىنى ئالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— نەگە بارىسەن ؟

— ئاشانوفنىڭ قېشىغا .

مەن ساپادىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتىم ـ دە :

— سېنى ئۇنىڭ قېشىغا بارغۇزمايمەن . ئاھ پەرۋەردىگار ! بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ ! ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ ؟ — دېدىم .

باشنىكوف ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى .

— ئۇنىداقتا ، سېنىڭ گېپىڭچە ، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق قىلىپ ، ئۆزۈڭنى ۋەيران قىلساڭ ، ئۇ قىزنى ئۇياتقا قالدۇرساڭ بولامدۇ ؟

— لېكىن سەن ئاشانوفقا نېمىلەرنى دېمەكچى ؟

— ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىمەن . سېنى ئەپۇ سورىدى دەيمەن .

— لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىمايمەن .

— سورىمايسەن ؟ سەندە خاتالىق يوقمۇ ؟

مەن باشنىكوفقا قارىدىم : ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك ، كەسكىنلىك ئەمما ئەنسىرگەنلىك ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ تەسىرلەندىم . مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ بۇنداق چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم . ئاخىر بىر ئېغىزمۇ گەپ ياندۇرماي يەنە ساپاغا كىرىپ ئولتۇردۇم .

باشنىكوف چىقىپ كەتتى .

مەن ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم ، كۈتۈۋېرىپ ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى . ۋاقىت كىشى قورققۇدەك ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى . ئاخىر ئۇ كەلدى . . . بەكلا كېچىكىپ كەلدى .

— ھە ، قانداق بولدى ؟ — دەپ سورىدىم مەن قورقۇمـ

سىرىغان ھالدا .

— خۇداغا شۈكۈر ! — دېدى باشنىكوف ، — ئىشنى ئويـ لىغىنىمدەك قىلدىم .

— ئاشانوفنىڭ يېنىغا باردىڭمۇ ؟

— ھەئە ، باردىم .

— ئۇ قانداق قىلدى ؟ بەلكىم يوغانچىلىق قىلغاندۇ ؟

— ياقەي . . . ئۇ . . . مەن ئويلىغان چاكىنا ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەن .

— ئۇنداقتا ، سەن ئۇنىڭكىدىن باشقا يەنە نەلەرگە بار- دىڭ ؟ — مەن بىرپەس توختىۋېلىپ يەنە سورىدىم .

— زلوتنىسكىينىڭ ئۆيىگە باردىم .

— ھە ! — يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . مەن باشنىكوفنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم ، — ئۇنداقتا سوفىيە نېمە دېدى ؟

— سوفىيە نىكولايېۋنا غەرەز ئۇقمىدىغان ، كۆڭلى ياخشى قىز ئىكەن . . . شۇنداق ، ئۇ ھەقىقەتەن كۆڭلى ياخشى قىز ئى- كەن . دەسلەپ سەل تەڭلىكتە قالدى ، كېيىن تارتىنماي ئۆزىنى ئەركىن تۇتتى . بىراق بىز ئاران بەش مىنۇتچە پاراڭلاشتۇق .

— سەن . . . مەن توغرىسىدىكى . . . بارلىق . . . بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتتىڭمۇ ؟

— ئېيتىشقا تېگىشلىكنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم .

— ئەمدى مەن ئۇلارنىڭكىگە بارالمايدىغان بوپتىمەن — دە ، — دېدىم مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا .

— نېمىشقا بارالمايدىكەنسەن ؟ ياق ، ئاندا ـ ساندا بېرىپ تۇر . ئۇلارنى بىرەر گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چوقۇم بىرىپ تۇرمساك بولمايدۇ .

— باشنىكوف ، سەن هازىر مىنى كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتـ‍سەن ! — دىـدىم مـەن ئۈنـلۈك ئـاۋازدا . كـۆز ياشـلىرىـمنى تـەسـتە ئىـچىـمگە سىڭىرىۋەتتىم .

— مەن ؟ سىنى كۆزگە ئىلمىدىم ؟ — ئۇنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىدىن مېهرىبانلىق نۇرى چاقناپ كەتتى ، — سىنى كۆزگە ئىلماسلىق . . . ئەخمەقلىق ! شۇنداق قىلسام ، سەن بەرداشلىق بىرەلەمسەن ؟ ئىچ ـ ئىچىڭدىن ئازابلىنىپ كەتمەمسەن ؟

ئۇ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى ، مەن ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم .

ئارىـدىـن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى . مەن باشنىكوفـنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بىرى كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسـلىكىنى كۆرۈپ ، ئاخىر زلوتنىسكىينىڭ ئۆيىگە بىرىش قارارىغا كـەلدىم . مەن ئۇلارنىڭ مېهمانخانىسىغا كىرىشىمگىلا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان بىر خىل تۇيغۇغا كىلىپ قالدىم . ھىلىمۇ ئېسىمدە : ئۆيدىكىلەرنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتقاندەك ، گەپلىرىمۇ ئېنىق چىقمايۋاتقاندەك بولۇپ قالغاندىم . سوفىيەمۇ مىنىڭدىن بەكرەك بىئارام بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ماڭا زورمۇزور گـەپ قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى . ئەمما مەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭـدىـن قاچۇرۇۋاتقاندەك ، ئۇمۇ كۆزلىرىنى مىنىڭدىن قاچۇردى ، يـەنە كىلىپ ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىدىن ، پۈتۈن ۋۇجۇدىـدىن ئۆزىنى بىسىۋېلىۋاتـقانـلىقى ۋە ئىـچىـدە يىـرگـىنـىۋاتـقانـلـىقى بىلىنىپ تۇراتتى . . . ( نىمىشقا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرىدىغاندۇ ؟ ) . . . مەن چامىمنىڭ يىتىشىچە ، ئۇنى ، شۇنداقلا ئۆزۈمـنى بۇنداق روھىي ئازابتىن بالدۇرراق خالاس قىلىشقا تىـ

رىشتىم . ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ سوفىيە توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش بولۇپ قالدى . . . تەقدىر تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ياساپ ، مېنى رۇسىيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ تاشلىدى . شۇنداق قىلىپ ، مەن پېتېربۇرگتىن ، زىلوتىنسكىي ئائىلىسىدىكىلەردىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئايرىلىپ قالدىم ، ئاق كۆڭۈل ياكوف باشىنكوفتىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئايرىلىپ قالغانلىقىم مېنى بەكلا ئازابتا قويدى .

## 2

ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى . مېنىڭچە ، بۇ يىللاردا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بۇ يەردە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق . مەن رۇسىيىنىڭ ھەممە جايلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ جىق ھالىمدىن كەتتىم ؛ مېنىڭ قاقاس چۆل - جەزىرىلەرگە ۋە يىراق - يىراق جايلارغىمۇ قەدىمىم يەتتى . خۇداغا شۈكۈر ! ئۇ جايلار بەزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىكەن . يەنە كېلىپ ، قېلىن ئورمانلىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرى جايلىرىدىمۇ ، يوپۇرماقلىرى چۇشۇپ ، شاخلىرى يالىڭاچلانغان دەرەخ تۈۋلىرىدىمۇ خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىدىكەن .

بىر ئەتىيازنىڭ مەلۇم كۈنى ، مەن ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شەرقىي رۇسىيىنىڭ چەت ئۆلكىسىنىڭ بىر ناھىيە مەركىزىگە باردىم . پەيتۇنىنىڭ تۈتۈق دېرىزىسىدىن مەيداندىكى دۇكاننىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدىم . نېمىشقىدۇر ، ئۇ ئادەم ماڭا بەكلا تونۇش چىراي بىلىنىپ كەتتى . مەن زەن سېلىپ قاراپ تونۇۋالدىم . ئۇ ئادەم باشىنكوفنىڭ خىزمەتكارى ئىر-

سىي ئىدى . مەن بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتىم ، دەرھال پەيتۇن-
دىن چۈشۈپ ، ئىرسىينىڭ ئالدىغا باردىم .
— ياخشىمۇسەن ، دوستۇم ! — دېدىم مەن ھاياجىنىمنى
باسالماي ، — سەن مۇشۇ يەردە بىيگىنىڭ بىلەن بىللە
تۇرۇۋاتامسەن ؟
— ھەئە ، بىيگىم بىلەن بىللە تۇرىمەن ، — دېدى ئۇ تە-
لىنى چايناپ ، ئارقىدىنلا ۋارقىراپ كەتتى ، — ئوھوي ، ئەپەن-
دى ، سىزمىدىڭىز ؟ تونۇماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن !
— سەن ياكوف باشىنكوف بىلەن بىللە مۇشۇ
يەردە تۇرۇۋاتامسەن ؟
— ھەئە ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئەپەندى ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ
بىلەن بىللە تۇرىمەن . . . بولمىسا ، مېنى يەنە باشقا كىم بىلەن
بىللە دەيسىز ؟!
— چاپسان ، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغىن .
— بولىدۇ ، بولىدۇ ، مانا بۇياققا مېڭىڭ ، ھە بۇياققا . . .
بىز بۇ يەردىكى كىچىك مېھمانخانىدا تۇرىمىز ، — دېدى ئىرسىي
مېنى باشلاپ كېتىۋېتىپ ، — بەك ياخشى بولدى ، ياكوف باشىن-
كوف سىزنى كۆرسە قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر — ھە !
ئۇ تەلەتى بەكلا كۆرۈمسىز ، ھەتتا بىرئاز ياۋايىلىقى چە-
قىپ تۇرىدىغان ئادەم بولغىنى بىلەن ، لېكىن بەك ئاق كۆڭۈل ،
ئەقىللىق قالماق ئىدى . ئۇ باشىنكوفقا سادىق بولۇپ ، ئۇنىڭ ھا-
لىدىن خەۋەر ئېلىپ يۈرگىنىگە ئون يىل بولغانىدى .
— ياكوف باشىنكوفنىڭ سالامەتلىكى قانداق ؟ — دەپ
سورىدىم ئۇنىڭدىن .
— ھەي ، ئەپەندى ، بەك يامان . . . بەك يامان ، ئەپەن-

دى ! ـــ دېدى ئۇ ماڭا قاراپ ، ـــ سىز ئۇنى تونۇماي قالسىز . باشنىكوف ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ . شۇڭا ، بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالدۇق . بولمىسا ، بىز ئودىساغا داۋالانغىلى باراتتۇق . .

ـــ سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار ؟

ـــ سىبىرىيەدىن كەلدۇق ، ئەپەندى .

ـــ سىبىرىيەدىن كەلدىڭلارمۇ ؟

ـــ ھەئە ، ئەپەندى . ياكوف باشنىكوف سىبىرىيەدە خىزمەت قىلاتتى . ئەپەندى ، ئۇ ئاشۇ يەردە يارىلاندى .

ـــ ئۇ ئارمىيىگە كىرگەنما ؟

ـــ ياق ، ئەپەندى ، ئۇ ھۆكۈمەت ئورگىنىدا خىزمەت قىلغان ، ئەپەندى .

« نېمىدېگەن غەلىتە ئىش بۇ » مەن ئويلىنىپ قالدىم . بۇ چاغدا بىز كىچىك مېھمانخانىغا يېقىنلاپ قالغانىدۇق . ئىرىسىي باشنىكوفقا مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئالدىمدا يۈگۈرۈپ كەتتى . بىز ئايرىلغاندىن كېيىن دەسلەپكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە باشنىكوف بىلەن پات ـ پات خەت يېزىشىپ تۇرغاندۇق ، لېكىن تۆت يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ توغرىسىدا بىرەر خەۋەرمۇ ئاڭلىمىغانىدىم .

ـــ كېلىڭ ، ئەپەندى ، يۇقىرىغا چىقىڭ ، ئەپەندى ! ـــ دېدى ئىرىسىي پەلەمپەي ئالدىدا ماڭا يول بېرىپ ، ـــ شۇ تاپتا باشنىكوف سىزنى كۆرۈشكە بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ ، ئەپەندى .

مەن ئىگىشىپ قالغان پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چىقىپ ، بىر ئېغىزلىق قاراڭغۇ ئۆيگە كىردىم . . . كىردىمۇ ، كۆڭلۈم بىر

قىسمىلا بولۇپ كەتتى . . . چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن باشنىكوف تار كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتاتتى ، ئۇستىگە بىر پەلتو يېپىقلىق ئىدى . ئۇ پەلتو ئاستىدىن چىقىپ قالغان قورايدەك ئىنچىكە قولىنى ماڭا ئۇزاتتى . مەن دەرھال كارىۋاتنىڭ يېنىغا باردىم ـ دە ، ھاياجاندىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم .

— باشنىكوف ! — مەن توۋلاپ كەتتىم ، — ساڭا نېمە بولدى ؟

— ھېچنېمە بولمىدى ، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ، — ئانچە ـ مۇنچە ئۇششاق كېسەللىنىڭ ئىشى دېگىنە . ھە ، ئۆزۈڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭ ؟

مەن كارىۋاتنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم ۋە ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدىم . ماڭا ئىنتايىن يېقىملىق بىلىنىدىغان چىرايىنى تونۇدۇم . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىپادە ، كۆلۈمسىرەشلىرى ئۆزگەرمىگەنىدى ، ئەمما كېسەل ئازابى ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى .

باشنىكوف مېنىڭ ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالدى .

— ئۈچ كۈن بولدى ، ساقلىمنى ئالمىغىلى ، — دېدى ئۇ ، — ھە چېچىمنىمۇ تارىمىدىم ، بولمىسا مەن . . . بۇنچىلىك كېسەل چىراي بولۇپ كەتمەيتتى .

— ماڭا ئېيتقىنا ، باشنىكوف ، — دېدىم مەن ، — ئىرسىي ماڭا دېدى . . . سەن يارىلاندىڭمۇ ؟

— ھەم ! شۇنداق بولدى ، بۇ ئىشنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا ، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ ، — ساڭا كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن . مەن ھەقىقەتەن يارىلاندىم ، سەن ئويلاپ باق ، مەن قانداق يارىلاندىم ؟ يا ئوقتىن يارىلاندىم .

www.uyghurkitap.com

— يا ئوقىدىن ؟

— ھەئە ، يا ئوقىدىن يارىلاندىم ، شۇغىنىسى ئەپسانىلەر-دىكى مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ يا ئوقى ئەمەس ، بەلكى ئىنتايىن يۇم-شاق ياغاچتىن ياسالغان ھەقىقىي يا ئوقىدىن يارىلاندىم . بۇنداق يا ئوقىنىڭ ئۇچى ناھايىتى ئۇچلۇق بولىدىكەن . بۇ يا ئوقى ساڭا تەگكەندە ، بولۇپمۇ كۆكسۈڭگە تەگكەن چاغدا راستتىنلا چىدى-ماي قالىدىكەنسەن .

— ۋاي ، بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى ، راستما . . . ؟

— ئىش بۇنداق بولدى . سەنمۇ بىلىسەن ، مېنىڭ بۇ ھا-ياتىمدا ناھايىتى نۇرغۇن كۆلكىلىك ئىشلار بولدى . ئېسىڭدىمۇ ، ھېلىقى كۆلكىلىك خەتلەرنىڭ ۋەجىدىن بىلەن يۈرۈپ كەتكەنلىرىم ؟ . . . بۇ قېتىم يارىلىنىشىم ناھايىتى قىزىق . ئەمەلى-يەتتە بىرىنىڭ بۇ مەدەنىيەتلىك دەۋردە تەربىيە كۆرگەن قايسى بىر ئادەم يا ئوقىدىن يارىلانغان ؟ يەنە كېلىپ تاسادىپىي ئەمەس . . . شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنىكى ، ماھارەت كۆرسەتكەندە ئەمەس ، بەلكى كۈرەش قىلىۋاتقاندا .

— تەپسىلىرەك سۆزلىسەڭچۇ . . .

— بولىدۇ ، ھېلى سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى ئۇ ، — ئۆزۈڭگە ئايان ، سەن پېتېربۇرگتىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، مەنمۇ نوۋگورودقا كەلدىم . نوۋگورودتا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇ-رۇپ قالدىم . ئەمما ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام ، بەكلا زېرىكتىم ، ئۇ يەردىمۇ بىر ئادەمنى ئۇچراتقان بولسامۇ ( ئۇ خورسىنىپ قويدى ) . . . لېكىن ھازىر بۇ ئىشنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق . تەخمىنەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ، ناھايىتى ئوبدان ، ئاددىي بىر خىزمەت تاپقاندىم ، ئورنى سەل يىراق ، ئىركۇتسك شەھىرىدە ،

www.uyghurkitap.com

لېكىن بۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى ! دادام ۋە مېنىڭ پېشانەمگە سىبىرىيەگە بېرىش پۇتۇلگەنلىكى ئېنىق . سىبىرىيە ھەقىقەتەن ياخشى جاي ! توققۇزى تەل ، ئادەم ئەركىن ـ ئازادە يۈرەلەيدۇ . . . كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ساڭا شۇنداق دەيدۇ . مەن سىبىرىيىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن . ئۇ يەردىكى يەرلىك ئادەملەر ① مېنىڭ باشقۇرۇشىمدا بولدى . ئۇلار مۇلايىم ۋە ئىتائەتچان ئادەملەر . لېكىن مېنى نەس باستى : ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئون نەچچە ئادەم چەكلەنگەن بۇيۇملارنى ئوغرىلىقچە يۆتكەپ سالدى . مەن ئۇلارنى تۇتۇش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالدىم . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلارنى تۇتتۇم ، شۇغىنىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئادەم شۇ زامان گاڭگىراپ قالغان چېغى ، ئۆزىنى قوغدايمەن دەپ ماڭا ئوقيا ئاتتى . . . مەن جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم ، ھېلىمۇ ياخشى تەلىيىم بار ئىكەن ، ساق قالدىم ، ھازىر مەن داۋالىنىش ئۈچۈن بۇ يەردىن كېتىۋاتقانىدىم . . . داۋالىنىش راسخودىنى باشلىقلار ئۈستىگە ئالدى . . . خۇدا ئۇلارنى سالامەت قىلغاي !

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن باشنىكوف بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ، بىرپەس جىمىپ كەتتى ، چىرايىغا سۈس قىزىللىق يۈگۈرۈپ ، كۆزلىرى يۇمۇلدى .

— ئۇ كۆپ سۆزلىسە بولمايدۇ ، — دېدى ئىرسىي پەس ئاۋازدا .

ئۆيدە ھېچقانداق ئاۋاز يوق ، پەقەت كېسەلنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشىلا ئاڭلىناتتى .

— ھازىر ، — باشنىكوف كۆزىنى ئېچىپ ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەن بۇ كىچىك شەھەردە تۇ-

---

① رۇسلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

رۇۋاتـقـانـلـى ئىككى ھەپتە بولدى . . . زۇكام بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن . يەرلىك دوختۇر مېنى داۋالاۋاتىدۇ . . . سەن ئۇنى كۆ- رۈپ قـالسەن . مېنىڭچە ، ئۇ تىبابەتچىلىكنى بىلىدىكەن . ماڭا مـۇشۇنداق بىر پۇرسەتنىڭ نېسىپ بولغانلىقىغا ئىنتايىن خۇش بولدۇم ، بولمىسا ، سەن بىلەن قانداق ئۇچرىشىپ قالالاتتىمكىنتاڭ ؟ ( ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتتى . ئۇنىڭ قولى تېخى ھېلىلا مۇزدەك تـۇرغان ، ئەمدى ئوت كاۋاپ قىزىپ كەتكەنىدى ) . ماڭا ئۆزۈڭ تـوغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىن ، — ئۇ مەيدىسىنى يېپىپ تۇرغان پـەلتونى ئېچىۋەتتى ، — بىز يەنە قاچـان ، قـەيـەردە ئۇچـرىـ- شـىمىز ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ .

مەن باشنىكوفنى يەنە سۆزلەتمەسلىك ئۈچۈن ، دەرھال ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ ، ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەشكە باشلىدىم . دەسلەپتە ئۇ گەپلىرىمنى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى ، كېيىن ئازراق سۇ ئىچتى ، ئاندىن كۆزلىرىنى يـۇمۇپ ، بېشىنى ياستۇقتا ئۇياق ـ بۇياق ئۆرۈدى . ئۇنى بىر دەم ئۇخلاشقا دەۋەت قىلدىم ، سالامەتلىكى سەل ئوڭشالغاندا ، ئۆزۈم تـوغرۇلۇق يەنە سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىمنى ، ھازىرچە ياندىكى ئۆيگە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم .

— بۇ يەر بەك ئوسال . . . — دېدى باشنىكوف ، لېكىن مەن ئۇنى سۆزلەشتىن توختىتىپ ، ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتىم . ئىرسىي ئارقامدىن بىللە چىقتى .

— بۇ قانداق ئىش ، ئىرسىي ؟ باشنىكوفنىڭ جېنى ئازلا قـاپتۇ ، شۇنداقـمۇ ؟ — دەپ سـورىـدىـم مـەن بـۇ سـادىق خىزمەتكاردىن .

ئۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى .

مەن پەيتۇنچىنى كەتكۈزۈۋېتىپ ، قوشنا ئۆيگە ئالدىراپ كۆچۈپ كىردىم ۋە باشنىكوف ئۇخلاپ قالدىمۇ ، قانداق ؟ شۇنى بىلەي ، دەپ ئۆيىگە ماڭدىم . ئۆينىڭ ئالدىدا ئېگىز بوي ، كېب-لەڭسىز كەلگەن ، ئىشىشىپ قالغاندەك گۆشلۈك چوقۇر يۈزىدە ئە-زىلەڭگۈلۈكتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئالامەتنى بىلگىلى بولمايدى-غان سېمىز بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . ئۇ تېخى بايىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ھالەتتە ئىدى .

— سىز دوختۇر بولامسىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن .

ئۇ سېمىز ئادەم ماڭا سىنچىلاپ قاراپ قاشلىرىنى كۆ-تۈردى .

— ھەئە ، ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ئادەم ئاخىر ئېغىز ئېچىپ .

— خاپا بولمىسىڭىز ، دوختۇر ئەپەندى ، بۇ يەرگە مېنىڭ ئۆيۈمدە بىردەم ئولتۇرۇپ چىقامسىزكىن ؟ ياكوف باشنىكوف ھازىر ئۇخلاپ قالغاندەك قىلىدۇ . مەن ئۇنىڭ دوستى ، ئۇنىڭ كېسەل-لىك ئەھۋالى توغرۇلۇق سىز بىلەن بىر پاراڭلاشسام دەيمەن ، ئۇ-نىڭ كېسىلى مېنى بەكلا ئەنسىرىتىپ قويىدى .

— بەلەن بوپتۇ ، ئەپەندى ، — دېدى دوختۇر ، — بۇن-چىلىك دەپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ مانا مەن تەييار ، — ئۇ مەن بىلەن بىللە ئۆيگە كىردى .

— ماڭا سۆزلەپ بەرسىڭىز ، — دوختۇر ئورۇندۇققا ئول-تۇرۇپ تۇرۇشىغا مەن گەپ باشلىدىم ، — بۇ دوستۇم-نىڭ كېسىلى خەتەرلىكمۇ ؟

— شۇنداق ، — سېمىز ئادەم ئالدىرىماي جاۋاب بەردى .

— دېمەك . . . كېسىلى ئېغىر ؟

— ھەئە ، بەك ئېغىر .

— بۇ گەپچە ، ئۇ ھەتتا . . . ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنمۇ ؟

— مۇمكىن .

مەن راستىمنى ئېيتسام ، بىر خىل نەپرەتلىك ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم .

— ھە ، — دېدىم مەن ، — بىز بىر ئائىلىنى قىلايلى ، يا باشقا دوختۇرلارنىمۇ ئەكېلىپ ، بىرلىشىپ بىر ئامال قىلىپ باقامسىز ؟ يا باشقا بىر يولىنى قىلامدۇق . . . ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ، ئىشنى مۇنداق كەينىگە تارتساق بولمايدۇ . . . ئاھ خۇدا !

— باشقا دوختۇرلارنىمۇ ئەكېلىپ باقامدۇق ؟ بولىدۇ . نېمىشقا بولمايدىكەن ؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ . . ئۇۋان يېۋلىمىچنى ئەكېلەيلى . . .

دوختۇر كۈچەپ سۆزلەۋېتىپ پات ـ پات خورسىنىپ قويدى ، ئۇ گەپ قىلغاندا خۇددى ھەربىر سۆزنى خېلى زورۇقۇپ چىقىرىۋاتقاندەك يۈزى چىڭقىلىپ كەتتى .

— ئۇۋان يېۋلىمىچ دېگەن كىم ؟

— شەھەرنىڭ دوختۇرى .

— ئۆلكە مەركىزىگە ئادەم ئەۋەتىپ دوختۇر ئەكەلسەك ياخشى ئەمەسمۇ . . . سىزچە قانداق ؟ ئۇ يەردە چوقۇم داڭلىق دوختۇرلار بار .

— نېمىشقا بولمايدىكەن ؟ ئادەم ئەۋەتەيلى .

— سىزنىڭچە ، ئۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى دوختۇر كىم ؟

— ئەڭ ياخشى دوختۇر دەمسىز ؟ ئۇ يەردە كورلابوس دەيدىغان بىر دوختۇر بولىدىغان . . . بىراق ئۇ باشقا بىر جايغا يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، گەپنىڭ

راستىنى ئېيتساق ، بۇ كېسەلگە دوختۇر تەكلىپ قىلىشنىڭ ھا-
جىتى يوق .

— نېمىشقا ؟

— كېسەل دوستىڭىزنى داۋالاش ئۈلكە مەركىزىدىكى
دوختۇرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ .

— ئۇنىڭ كېسىلى شۇنچىلىك ئېغىرمۇ ؟

— ھەئە ، ئۇنىڭ كۆنى ئازلا قالدى .

— ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان زادى
نېمە كېسەل ؟

— ئۇ يارىلانغان . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۆپ-
كىسى زەخمە يېگەن . . . بۇ يەرگە كېلىپ زۇكام بولدى ، بىر-
نەچچە كۈنگىچە ئوت كاۋاپ قىزىدى . . . يەنە كېلىپ ، ئۇنىڭ
ھاياتىي كۈچى خوراپ تۈگىگەن . سىزمۇ بىلىسىز ، بىر ئادەمنىڭ
تېنىدە ئازراق ھاياتىي كۈچ بولمىسا ، ياشىيالمايدۇ .

ئىككىيلەن لام - جىم دېيىشمىدۇق .

— خومولوگىيىلىك داۋالاش ئۇسۇلىنى ① سىناپ باقمام-
دۇق ؟ — دېدى سېمىز دوختۇر ماڭا لەپپىدە قاراپ .

— نېمە دەۋاتىسىز ؟ بۇ سىز قىلىدىغان ئىش ئەمەستۇ ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ مېنى خومولوگىيىلىك داۋالاشنى
بىلمەيدۇ دەمسىز ؟ مېنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكىم يوق . ئۇ
ئىشنى بىزنىڭ بۇ يەردىكى دورىگەرلەرمۇ قىلىدۇ ھەتتا
ئىلمىي ئۇنۇۋانى يوق بولسىمۇ .

مەن ئىچىمدە : « ھەي ، ئەھۋال بەك چاتاق ئىكەن - دە »

---

① بۇ ساغلام ئادەمگە ئىچكۈزگەندە كېسەل پەيدا قىلىدىغان مەلۇم دورا
ئارقىلىق شۇ خىل كېسەلنى داۋالاش ئۇسۇلى .

دەپ ئويلىدىم ۋە دەرھال دوختۇرغا:

— بولدى، دوختۇر ئەپەندى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئادەتتىكى ئۇسۇلى بويىچە داۋالاۋېرىڭ، — دېدىم.

— ئىختىيارىڭىز، ئەپەندى، — سېمىز دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— سىز ئۇنىڭ قېشىغا بارامسىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھەئە، ئۇنى بىر كۆرۈپ چىقاي.

ئۇ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقمىدىم. ئۇنىڭ بىچارە دوستۇمنىڭ كارىۋىتى يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرسەم چىدىيالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. خىزمەتكارىمنى چاقىرىپ، ئۆلكە مەركىزىدىن ئەڭ ئۇستا دوختۇرنى چوقۇم باشلاپ كېلىشنى تاپىلىدىم. كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، مەن دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. دوختۇر باشنىكوفنىڭ قېشىدىن يېنىپ چىققانىدى.

— قانداق؟ — مەن پەس ئاۋازدا سورىدىم.

— ھېچنېمە، مەن دورا يېزىپ بەردىم.

— دوختۇر ئەپەندى، مەن ئۆلكە مەركىزىگە ئادەم ئەۋەتىپ، دوختۇر چاقىرتىپ كېلىش قارارىغا كەلدىم. باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، سىزنىڭ داۋالاش تېخنىكىڭىزدىن گۇمانلانمايمەن، ئەمما ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئىككى ئادەم ھامان بىر ئادەمدىن كۆپ كۈچلۈك بولىدۇ.

— دېگىنىڭىز ئىنتايىن توغرا! — دوختۇر شۇنداق دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئېنىقكى، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى تولا ئاڭلاۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەن باشنىكوفنىڭ يېنىغا كىردىم.

— سەن بۇ يەرنىڭ ئېسكولاپىنى[1] كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

— كۆردۈم، — دېدىم مەن.

— مەن ئۇنىڭ كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان تەمكىنلىكىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى باشنىكوف، — دوختۇر دېگەن تەمكىن بولۇشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ تەمكىنلىكى كېسەلگە ناهايىتى ئىلهام بولىدۇ.

باشنىكوفنى نائۈمىد قويغۇم كەلمىدى.

ئويلىمىغان يەردىن باشنىكوف كەچ كىرگەندە خېلىلا ئوڭلىنىپ قالدى. ئۇ خىزمەتكارىغا چاي تەييارلاتقۇزدى ۋە مېنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىمۇ كىچىك بىر ئىستاكان چاي ئىچتى، دېمىسىمۇ ئۇ ناهايىتى خۇشال ئىدى. لېكىن مەن كۆڭۈمنىڭ بارىچە ئۇنى كۆپ سۆزلەتكۈزمەسلىككە تىرىشتىم، لېكىن ئۇ گەپتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئاخىر:

— بىرەر نەرسە ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلامسەن؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ۋېنتېر كىپلېرنىڭكىگە ئوخشاش... ئېسىڭدىمۇ؟ — دېدى باشنىكوف، — ياخشى، قېنى مەرھەمەت، مەن خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايمەن. نېمىنى ئوقۇيلى؟ قارا، كىتابلىرىم دېرىزە تەكچىسىدە.

مەن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، قولۇمغا چىققان بىر كىتابنى ئالدىم...

— نېمە كىتاب؟ — سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

---

① يۇنان ئەپسانىسىدىكى تىبابەتچىلىك ئىلاھى.

— لېرمونتوفنىڭ[1] شېئىرلار توپلىمى .
— هە ، لېرمونتوف ، بەك ياخشى بولدى ، ئەلۋەتتە ، پۇشكىن تېخىمۇ ئۇلۇغ . . . « جىمجىتلىق ئىچرە ، توپلىنار بۇلۇتلار كۆكتە - ئۇستۇمدە . . . » هە يەنە « ئاخىرقى رەت ، تەسەۋۋۇرۇمدا سۆيۈملۈك ئوبرازىڭغا . . . » دېگەن مىسرالار . هەي ، نېمىدېگەن ياخشى ! لېرمونتوفنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ ، قەدىرلىك دوستۇم ، ئۆزۈڭ بىلىسەن . كىتابنى ئېلىپ ، خالىغان بىر بەتنى ئېچىپ ئوقۇغىن !
مەن كىتابنى ئېچىپ ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم . ئاچقىنىم « ۋەسىيەت » دېگەن شېئىر ئىدى . مەن يەنە بىر بەتنى ئاچماقچى بولۇۋىدىم ، ئەمما باشنىكوف ھەرىكىتىمنى كۆرۈپ قالدى بولغاي ، دەرھال :
— ياق ، ياق ، شۇ ئاچقان بېتىڭدىكى شېئىرنى ئوقۇ ، — دېدى .
مەن ئىلاجسىز « ۋەسىيەت » نى ئوقۇشقا باشلىدىم .
— ناھايىتى ياخشى شېئىر ! — دېدى باشنىكوف شېئىر-نىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ئوقۇپ بولۇشىمغا ، — ھەقىقەتەن ياخشى شېئىر ! لېكىن غەلىتە ئىشتە ، — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ ، يەنە گېپىنى داۋام قىلدى ، — غەلىتە ئىش . سەن دەل « ۋەسى-يەت » دېگەن شېئىرنى ئاچتىڭ . . . ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش !
مەن باشقا بىر شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدىم ، لېكىن باشنى-كوف قۇلاق سالماي ، بىر نۇقتىغا كۆز تىككىنىچە « غەلىتە ئىش ! » دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى .
مەن كىتابنى تىزىمغا قويۇپ قويدۇم .

---

[1] لېرمونتوف (1814 — 1841 ) رۇسىيە شائىرى ، يازغۇچىسى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

— ئۇلارنىڭ قوشنىسىنىڭ بىر قىزى بار①، — دېدى باشنىكوف ئاستا ، ئاندىن شارتتىدە بۇرۇلۇپ ، — قانداق ، سوفىيە زلوتنىسكايا ئىسىڭدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى مېنىڭدىن .

مەن قىزىرىپ كەتتىم .

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن !

— ئۇ توي قىلدى ، شۇنداقمۇ ؟

— ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئاشانوف بىلەن توي قىلغان ، بۇ توغرۇلۇق ساڭا خەت يازغانىدىم .

— شۇنداق ، شۇنداق ، سەن خەت يېزىپ بۇ ئەھۋالنى ماڭا دېگەن . دادىسى سوفىيەنى كەچۈردىمۇ ؟ — سوفىيەنى كەچۈردى ، لېكىن ئۇ ئاشانوفنى ئېتىراپ قىلمىدى .

— جاھىل قېرى ! ئۇلار بەختلىك ئۆتۈۋېتىپتىمۇ ؟

— بىلمەيمەن ، راستىنلا بىلمەيمەن . . . مېنىڭچە ، ئۇلار بەختلىك ئۆتۈۋاتىدۇ . ئۇلار ھازىر مەلۇم بىر ئۆلكىنىڭ يېزىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ . مەن ئۇلارنى كۆرمىدىم ، بىراق ئۇلار تۇرۇۋاتقان يېزىدىن ئۆتتۈم .

— ئۇلارنىڭ بالىسى بارمۇ ؟

— بارغۇ دەيمەن . . . باشنىكوف ، سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقسام بولامدۇ ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا .

باشنىكوف ماڭا تىكىلىپ قارىدى .

— راستىڭنى ئېيت ، ھېلىمۇ ئېسىمدە : شۇ چاغدا سەندىن بىر ئىشنى سورىسام جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىغانىدىڭ . يەنى مېنىڭ سوفىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتقانمىدىڭ ؟

— ھەممىنى ئېيتقان ، پۈتكۈل ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ بىرىنى

① لېرمونتوفنىڭ « ۋەسىيەت » ناملىق شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن .

قويماي ئېيتقان . . . مەن دائىم ئۇنىڭغا گەپنىڭ راستىنى دەيمەن . ئۇنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەش جىنايەت !

باشنىكوف بىرهازاغىچە ئۈندىمەي جىم تۇردى .

— ئۇنداقتا ، سەن ئېيتىپ باقە ، — دېدى ئۇ يەنە گەپ باشلاپ ، — سېنىڭ سوفىيەدىن ناھايىتى تېزلا كۆڭلۈڭ سوۋۇپ قالدى ، شۇنداقمۇ ؟

— ياق ، تېزلا ئەمەس ، كېيىنكى چاغلاردا شۇنداق بولدى . خەقنىڭ كۆڭلى بولمىسا بىكاردىن ـ بىكار ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى .

باشنىكوف ئۆرۈلۈپ ماڭا قارىدى .

— لېكىن ، دوستۇم ، قەدىرلىك دوستۇم ، — ئۇنىڭ لەۋ- لىرى تىترەپ كەتتى ، — مەن ساڭا ئوخشىمايمەن : مەن سوفى- يەنى هازىرغىچىلىك ياخشى كۆرىمەن .

— نېمە ! — دەۋەتتىم ئۈنلۈك ئاۋازدا ، مەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل هەيرانلىق ئىچىدە قالدىم ، — سەن راستتىنلا سوفىيەنى ياخشى كۆرەمسەن ؟

— ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى باشنىكوف ئاستا سۆز- لەپ ، ئاندىن قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويدى ، — مېنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىر خۇدالا بىلىدۇ . مەن بۇ ئىشنى بۇ جاهاندىكى بىرەر ئىنسانغا تىنمىدىم هەم تىنغۇمۇ يوق . . . لېكىن ئىش مانا مۇشۇنداق ! « ئۇلار مېنى پا- نىي ئالەمدىن پات ئارىدا ئايرىلسەن ، دېيىشىدۇ » . . . ① شۇنداق دېسىمۇ هېچ ۋەقەسى يوق .

---

① لېرمونتوفنىڭ « ۋەسىيەت » ناملىق شېئىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نە- قىل .

مەن باشنىكوفنىڭ ئويلىمىغان يەردىن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى سۆزلەپ كېتىشلىرىدىن ھەيران بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالدىم. كۆڭلۈمدە: «بۇ مۇمكىنمۇ؟ مەن نېمىشقا بۇ ئىشنى ئازراقمۇ سەزمىگەندىمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

— توغرا، — دېدى باشنىكوف خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن سوفىيەنى ياخشى كۆرىمەن. ھەتتا ئاشۇ چاغدا، يەنى سوفىيە كۆڭلىنى ئاشانوفقا بەرگەنلىكىنى بىلگەن چېغىمدىمۇ، ئۇنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرگەنىدىم. لېكىن شۇ ئىشنى بىلىپ ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىپ كەتتىم. مۇبادا ئۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىدى، ھېچبولمىغاندا مەن سەن ئۈچۈن خۇشال بولاتتىم. لېكىن، ئاشانوف... ئۇ قانداق قىلىپ سوفىيەنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ ئاشانوفنىڭ بەخت ـ تەلىيى دېگىنە. ئۇ ئاشانوفقا بولغان مۇھەببىتىدىن ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. پاك يۈرەك ئۆزگەرمەيدۇ...

مەن شۇ قېتىمقى نەس باسقان ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئاشانوفنىڭ ئۆيۈمگە كەلگەنلىكىنى، باشنىكوفنىڭ بىزنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەنلىكىنى ئەسلىدىم. قانداق قىلىپ ئالقانلىرىمنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن.

— سەن شۇ چاغدا مېنىڭدىن ھەممە ئىشلارنى ئۇقتۇڭ، شۇنداقمۇ، بىچارە! — دېدىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا، — ئاندىن سوفىيەنىڭ ئالدىغا باردىڭ؟

— ھەئە، باردىم، — دېدى باشنىكوف، — شۇ قېتىمقى ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى... مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن

بۇرۇنلا تالل ئۇالغان « Resignation » [1] دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى شۇ چاغدىلا ئېنىق بىلگەن ھەم چۈشەنگەنىدىم . شۇنداقتىمۇ سوفىيە يەنىلا مېنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئارزۇ ـ ئارمىنىم ، مېنىڭ غايەم . . . غايىسىز ياشىغان ئادەم تولىمۇ بىچارە !

مەن باشىنكوفقا قارىدىم ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراق ـ يىراقلارغا تىكىلىپ ، چاقناپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى .

— مەن سوفىيەنى ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى ئۇ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ ، — مەن ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن ، ئۇ كىشىنىڭ قولى يەتمەيدىغان ، ئىرادىسى مۇستەھكەم ، سالماق ، پاك ئايال . ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىپ ، ئېلىشىپ قالغىلى تاس قالدىم . . . شۇ چاغدىن باشلاپ بىرەرىگە كۆڭلۈم چۈشۈپ باقمىدى . . .

باشىنكوف بېشىنى بۇراپ يۈزىنى ياستۇققا چىڭ ياقتى ـ دە ، ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى .

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم . . .

— ئۇھ ، بولدى ، — ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ۋە چېچىنى ئارقىغا تاشلاپ قويۇپ دېدى ، — مانا مۇشۇنچىلىك ئىشقۇ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن . . . بىئارام بولىمەن ، ئىچ ئاغرىتىمەن . . . بىراق ھېچقانداق ئىش يوق . پۈتۈنلەي ئاشۇ شېئىرلارنىڭ سەۋەبلىكى ! ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان باشقا شېئىر ئوقۇپ بەرگىنە .

مەن لېرمونتوفنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ئېلىپ ، تېزلىكتە

---

[1] نېمىسچە سۆز : « تەقدىرگە تەن بېرىش » ( بۇ شىللېرنىڭ بىر شېئىرىنىڭ ماۋزۇسى ) .

ۋاراقلاشقا باشلىدىم. لېكىن مېنى ئەتەي تەگسىزلىكتە قالدۇرۇۋات-
قاندەك، كىتابنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ۋاراقلىساممۇ، باشنىكوفنىڭ
يۈرىكىنى زىدە قىلىدىغان شېئىرلار چىقىپ قالدى. ئاخىر «تى-
لېكىنىڭ سوۋغىتى» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بەردىم.

— جاراڭلىق ئاڭلىنىدىغان چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەر ئى-
كەن شۇ، — دېدى بىچارە دوستۇم ئوقۇتقۇچىلاردەك بىر خىل
ئاھاڭدا، — لېكىن ئايرىم مىسرالىرى ياخشىكەن. قەدىرلىك
دوستۇم، سەن كەتكەندىن كېيىن، مەنمۇ شېئىر يېزىشنى مەشق
قىلدىم، «ھاياتلىق لوگىكىسى» دېگەن شېئىر يازغاندىم...
ئەمما پۈتكۈزەلمىدىم! قەدىرلىك دوستۇم، مەن شېئىردىن ھۇ-
زۇرلىنىشنى بىلىمەن، ئەمما ئىجاد قىلالمايمەن... بىراق، سەل
چارچاپ قالغاندەك تۇرىمەن، بىرئاز ئۇخلىۋالاي، قانداق دەي-
سەن؟ زەرىرى بولماس، چۈش ئاجايىپ كۆڭۈللۈك! بىزنىڭ
ھاياتىمىز بىر چۈش، بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسە
يەنىلا چۈش.

— شېئىر چۇ؟ — دەپ سورىدىم باشنىكوفتىن.

— شېئىرنىڭ ئۆزىمۇ چۈش، لېكىن ئۇ جەننەتنىڭ
چۈشى، خالاس.

باشنىكوف كۆزلىرىنى يۇمدى.

مەن ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا بىردەم تۇردۇم. ئۇنىڭ نا-
ھايىتى تېزلا ئۇخلاپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتى-
مەن. ھايال ئۆتمەي باشنىكوفنىڭ نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى
تۇراقلىشىپ، بىر چاغدا بارا - بارا ئاستىلاپ كەتتى. مەن پۇتۇ-
نىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە چىقتىم ۋە ساپادا سوزۇ-
لۇپ ياتتىم. باشنىكوفنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن گەپلىرى خېلى

ئۇزۇنغىچە كاللامدىن چىقمىدى ، بىرمۇنچە ئىشلار ئېسىمگە كېلىۋېلىپ ، تولىمۇ ھەيران بولدۇم . . . بىر چاغدا ئۇخلاپ قاپتىمەن . . .

بىرى مېنى ئاستا ئىتتەرگەندەك قىلدى ، ئويغانسام ئىرسىي ئالدىمدا تۇراتتى .

— بېگىمنىڭ يېنىغا بارسىڭىز كەن ، — دېدى ئۇ .

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى ؟

— ئۇ جۆيلۈۋاتىدۇ .

— جۆيلۈۋاتىدۇ ! ئىلگىرى ئۇنىڭدا بۇنداق ئىش بولغانمىدى ؟

— بولغان ، تۈنۈگۈن كەچتە جۆيلىگەن ، بىراق بۈگۈن ئادەمنىڭ سەل قورققۇسى كېلىدۇ .

مەن باشنىكوفنىڭ ئۆيىگە كىردىم . ئۇ ياتماي ، ئالدىغا سەل ئېگىشىپ كارىۋاتتا ئولتۇراتتى ، قوللىرىنى ئاستا يېيىپ ، كۈلۈمسىرىگىنىچە سۆزلەۋاتاتتى ، خۇددى قومۇشلۇق شىلدىرلاۋاتقاندەك ، ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايدىغان پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى . ئۆيدىكى چىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا باشنىكوفنىڭ چىرايى ماڭا تېخىمۇ تاتىراڭغۇ كۆرۈنۈپ كەتتى .

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاقىردىم . . . ئۇ جاۋاب بەرمىدى . ئۇنىڭ ئۇققىلى بولمايدىغان مۇجمەل جۆيلۈشلىرىگە قۇلاق سالدىم : ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ سىبىرىيە ۋە ئۇ يەرنىڭ قېلىن ئورمانلىقى توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى .

— قانداق دەرەخ ئىكەن ئۇ ! — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، — دەرەخلەر ئاسمان - پەلەك ئۆسىدۇ . دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا نۇرغۇن قىرو بار . كۈمۈش رەڭ . . . كۆلتۈك قارلار . . . بۇ يەردە كىچىك ئاياغ ئىزلىرى بار . . . بىر توشقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى ، يەنە ئاق بۇلغۇنمۇ بار تېخى . . . ئەمەس ، دادام مېنىڭ ئىسپات ھۆججەتلىرىمنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ كەلدى . . . ئاھ ! بىر تال گۈل ، بىر تال قىزىلگۈل . . . ئەنە سوفىيە . . . قوڭغۇراق چېلىندى ، قىراۋدىن چىققان ئاۋاز . . . ھىم ، ئەمەس ، بۇ ئەخمەق كەكلىك توغراقلىقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ سايراپ كەتتى . . . قارا ، قارا ، لايخورەك ! مۇزلىدىم . . . ھە ! بۇ ئاشانوف . . . ھە ، شۇنداق ، سەن بىلىشىڭ كېرەك ، ئۇ دېگەن زەمبىرەك . . . مىس زەمبىرەك ، ئۇنىڭ زەمبىرەك جازىسى يېشىل . ھەممە كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ . بىر يۇلتۇز ساما قويىنىدىن ساقىپ چۈشتىمۇ ؟ ياق ، ئۇ دېگەن ئوقيا ئوقى . . . ئاھ ، نېمىدېگەن تېز — ھە ، ئوق مېنىڭ يۈرىكىمگە تەگدى ! بۇ كىمنىڭ ئاتقان يا ئوقى ؟ سەنمۇ ، سونېچكا ؟

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، پەس ئاۋازدا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىۋەتتى . مەن ئىرسىيغا لەپپىدە قاراپ قويدۇم . ئۇ تورغان يېرىدە قولىنى ئارقىغا قىلىپ ، ئېچىنغان ھالدا خوجايىنىغا قاراپ تۇراتتى .

— ھە قەدىرلىك دوستۇم ، نېمىشقا سەن ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى باشىنكوف ئىنتايىن خاتىرجەم ، ئەمما سەگەك نەزىرى بىلەن ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ . مەن ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتىم ۋە سوئالىغا ئەمدى جاۋاب بېرەي ، دەپ تۇرۇشۇمغا ، ئۇ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى ، — لېكىن مەن ، قەدىرلىك دوستۇم ، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم بولالمىدىم ، ھەرگىز بولالمىدىم ، سەن بولالايسەن ! مەن تۇغۇلۇشىمدىنلا خام خىيالچى ، ھەقىقەتەن بىر خام خىيالچى ! خام خىيال ، خام خىيال . . . بۇ قانداق خام

خىيال ؟ سوباكېۋىچنىڭ دېھقىنى [1] . . . مانا بۇ خام خىيال ! ھەي ! . . .

باشنىكوف تاڭ ئاتقۇچە جۆيلۈپ چىقتى ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا تىنجىپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى . مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتىم . بۇ رەھىمسىز كېچە مېنى چارچىتىپ ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتكەچكە ، بىر پەستىلا تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن .

ئىرسىي يەنە مېنى ئويغاتتى .

ـــ ھەي ، ئەپەندى ! ـــ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى ، ـــ ياكوف باشنىكوف سەكراتقا چۈشۈپ قالدىغۇ دەيمەن . . .

مەن يۈگۈرۈپ باشنىكوفنىڭ يېنىغا كىردىم . ئۇ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتاتتى . سۇس تاڭ نۇرىدا بەئەينى مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ مېنى تونۇدى .

ـــ ئەلۋىدا ، ـــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ، ـــ ماڭا ۋاكالىتەن سوفىيەگە سالام ئېيتىپ قوي . مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن . . .

ـــ دوستۇم ! ـــ دېدىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا ، ـــ بولدى ، گەپ قىلما ! سەن ئۆلمەيسەن . . .

ـــ ياق ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ مەن ئۆلۈپ كېتىد

---

[1] گوگولنىڭ « ئۆلۈك جانلار » رومانىدىكى ئەر پېرسوناژ چىچىكوف ھەرقايسى پومېشچىك قورۇقلىرىغا بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن يانچىلارنىڭ جېنىنى سېتىۋالىدۇ . سوباكېۋىچ ئۆلۈپ كەتكەن يانچىلارنىڭ جېنىنى چىچىكوفقا سېتىپ بەرگەندە بۇ يانچىلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسپىتە قانچىلىك ئۇستا ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىدۇ ، بۇ چاغدا چىچىكوف : « سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز خىيالىي مەنزىرىدىنلا ئىبارەت » دېگەن . بۇ ئەسەردە باش پېرسوناژنىڭ « سوباكېۋىچنىڭ دېھقىنى » دېگەن گېپى خام خىيالنىڭمۇ خىيالى مەنزىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

دىغان ئوخشايمەن . . . ھە ، خاتىرە ئۈچۈن بۇ كىتابنى ئېلىۋالغىن . . . — ئۇ مەيدىسىنى كۆرسەتتى ، — بۇ نېمە ؟ — دېدى تۇيۇقسىز ، — قارا ، دېڭىز . . . ھەممىسى ساپسېرىق ، دېڭىزدا يېشىل ئارالچاقلار ، مەرمەر تاشتىن ياسالغان ئىبادەتخانىلار ، پالما دەرىخى بار . . .

ئۇ گېپىنى توختاتتى . . . پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ جىم ياتتى . . .

يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ، باشنىكوف جان ئۈزدى . ئىرسىي ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى . مەن باشنىكوفنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى ئاستا سىلاپ يۇمدۇرۇپ قويدۇم .

ئۇنىڭ بوينىدىكى يېپى قارا تىلتۇمارنى ئېلىپ ، ساقلاپ قويدۇم .

ئۈچىنچى كۈنى باشنىكوفنى يەرلىكتە قويدۇق . . . ئەتىسى بىر قەلب قەبرە ئىچىگە كۆمۈلدى . مەن ئۇنىڭ مېيىت ساندۇقىغا بىرىنچى گۇرجەك توپىنى تاشلىدىم .

## 3

ئارىدىن يەنە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى . مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن موسكۋاغا كېلىپ ، ئېسىل بىر مېھمانخانىغا چۈشتۈم . بىر كۈنى ، كارىدوردا كېتىۋېتىپ ، قارا دوسكىدىكى يولۇچىلار ئىسىملىكىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى - دە ، ھەيران بولغىنىمدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم : ئون ئىككىنچى ئۆيىنىڭ نومۇرى كەينىگە بور بىلەن ئېنىق قىلىپ : سوفىيە نىكولايېۋنا ئاشانوف ، دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى . يېقىندىن بىرى

ئۇنىڭ ئېرى ھەققىدە بىرمۇنچە يامان گەپلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋا-
تاتتىم ، دېمىسىمۇ ئېرىنىڭ هاراقكەش ، قىمارۋاز ، تاپقان ـ تەر-
گىنىنى تۈزۈپ ـ سورۇپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم ، ئىشقىلىپ ئۇ
قىلىقى ئەسكى ئادەم ئىدى . كىشىلەر ئۇنىڭ خوتۇنىنى بەكلا
ھۆرمەتلەيتتى . . . مەن بۆلەكچىلا ھاياجانلىنىپ دەرھال ياتىقىمغا
كەلدىم . ۋۇجۇدۇمدا ئالدىقاچان سوۋۇپ كەتكەن مۇھەببىتىم قاي-
تىدىن ئويغانغاندەك بولۇپ ، يۈرىكىم شىددەت بىلەن دۈپۈلدەپ
سوقۇپ كەتتى . ئاخىر غەيرىتىمگە كېلىپ ، سوفىيە نىكولايېۋنا
بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدىم . شۇ ئارىلىقتا : « ئىك-
كىمىزنىڭ ئايرىلغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولدى ، ئۇ ئىلگىرى ئوت-
تۇرىمىزدا بولغان ئىشلارنىڭ تەگدىن تولىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ
كەتتى » دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم .

مەن ئىرسىيىگە ئىسىم كارتوچكامنى بەردىم ۋە ئۇنى سو-
فىيەنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ، مەن كۆ-
رۈشكىلى ياتىقىغا كىرسەم بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى
بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم . ( باشنىكوف ئۆلگەندىن كېيىن
مەن ئىرسىيىنى خىزمەتكارلىققا ئېلىپ قالغانىدىم . ) ئۇ ناھا-
يىتى تېزلا قايتىپ كېلىپ سوفىيە نىكولايېۋنانىڭ ياتىقىدا بار ئى-
كەنلىكىنى ، مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى
ئېيتتى .

مەن سوفىيە نىكولايېۋنانىڭ ياتىقىغا كىرسەم ئۇ ئۆيىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ، ئېگىز بوي ، مەزمۇت كەلگەن بىر جاناب
بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى . جاناب ئېغىر بېسىق ، ئەمما جاراڭلىق
ئاۋازدا :

ــــ ئىختىيار ئۆزىڭىزدە . ئۇ زىيانلىق ئادەم ، ھېچنېمىگە

يارىماس ئادەم ، جەمئىيەتتىكى ھېچنېمىگە يارىماس ئادەملەرنىڭ ھەممىسى زىيانلىق ، زىيانلىق ، ئىنتايىن زىيانلىق ! — دېدى.

بۇ ئېگىز بوي جاناب شۇ گەپلەرنى دەپلا چىقىپ كەتتى. سوفىيە نىكولايېۋنا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭا قارىدى ـ دە:

— بىز كۆرۈشمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى ، — دېدى ، — ئولتۇرۇڭ ، قېنى ئولتۇرۇڭ . . .

بىز ئولتۇردۇق ، مەن سوفىيەگە قارىدىم . . . ئۆز ۋاقتىدا مەن ياقتۇرۇپ قالغان يېقىملىق ، رەڭگى ـ رۇخسارىغا قاراپ ئۇنى ھەم تونۇغاندەك ، ھەم تونۇمىغاندەكمۇ قىلدىم ، ئۇنىڭ مەن ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىغان چىرايىدا ماڭا پۈتۈنلەي ناتونۇش ئالامەتلەرمۇ پەيدا بولغانىدى . بۇ رەھىمسىز يىللار ئۇنىڭ يۈزىدە قالدۇرغان ئىزنالار ئىدى . . . بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى . « شۇنداق ، چىرايلىرىمىز ئۆزگەردى » دېگەن خىيال ھەر ئىككىلىمىزنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى ، بولغاي .

لېكىن ، سوفىيە نىكولايېۋنا ئۇنچىلىك قېرىپمۇ كەتمىگەنىدى ؛ مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چېغىمدا ئۇ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ، مانا ئەمدى ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى ؛ ئۇنىڭ تېخىمۇ سالاپەتلىك تۇرقى ، جەددىي چىرايىدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سەممىيلىك ۋە قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى ؛ خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىغا بىر خىل ئىچكى ئازاب ۋە ھەسرەت يوشۇرۇنغانىدى ؛ كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، قاپقارىلىقى بىلەن ئاپىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. . .

— ئىككىمىزلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇق ، — دېدى سوفىيە نىكولايېۋنا ئاۋۋال گەپ باشلاپ ، — سىز نەلەردە يۈردىڭىز ؟

— ھەممىلا يەرنى كېزىپ يۈردۈم، — دېدىم مەن، — سىز يېزىدىلا تۇردىڭىزغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە، كۆپ ۋاقتىم يېزىدا ئۆتتى. مەنمۇ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم.

— ئاتا - ئانىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ ؟

— ئاپام تۇگەپ كەتتى، دادام ھازىرمۇ پېتېربۇرگتا؛ ئۇ- كام ئۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ، ۋارىيە ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ[1].

— سىزنىڭ ئېرىڭىزچۇ ؟

— مېنىڭ ئېرىمما ؟ — دېدى سوفىيە سەل جىددىيلە- شىپ، — ئۇ جەنۇبىي رۇسىيىنىڭ بازىرىغا كەتتى. سىزمۇ بىلى- سىز، ئۇ ئاتنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۆزى بىر ئات دۇكىنى ئاچقان . . . مانا شۇنداق، شۇڭا . . . ھازىر ئۇ ئات سې- تىۋالغىلى كەتتى.

بۇ چاغدا، چاچلىرى چىرايلىق تارالغان، ئىنتايىن چې- چەن، تېتىك، كۆزلىرى يوغان، كۆپكۆك، سەككىز ياشلاردىكى بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا چاققانلىق بىلەن تىز- لىرىنى سەل ئېگىپ، ماڭا سالام بەردى - دە، سوفىيە نىكولايېۋ- نانىڭ قېشىغا بېرىپ تۇردى.

— سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويىاي، بۇ مېنىڭ قى- زىم بولىدۇ، — دېدى سوفىيە قىزىنىڭ يۇپيۇملاق ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ، — قىزىم ئۆزى يالغۇز ئۆيدە پەقەتلا تۇرغۇسى كەلمەيدۇ، دائىم دېگۈدەك مەن بىلەن بىللىلا يۈرىدۇ.

قىزچاق ماڭا لەپپىدە قارىدى - دە، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قويدى.

---

① ۋارۋارانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ مېنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالام ، — دېدى سوفىيە نىكولايېۋنا يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئۇ ھېچنېمە-دىن قورقمايدۇ . دەرستىمۇ شۇنداق ياخشى . شۇڭا ، قىزنىڭ ماختىغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ .

— Comment senomme monsieur [1] — دەپ سورىدى قىزچاق ئاپىسىدىن پەس ئاۋازدا .

سوفىيە نىكولايېۋنا ئىسمىمنى ئېيتىپ بەردى ، قىزچاق شۇ زامان ماڭا يەنە لەپپىدە قاراپ قويدى .

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نىمە ؟ — دەپ سورىدىم مەن قىزچاقتىن .

— ئىسمىم لىدىيە ، — دەپ جاۋاب بەردى قىزچاق كۆز-لىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ .

— ئۇلار سىزنى ئەركىلىتىپ كاردىن چىقىرىپ قويغاندەك تۇرىدۇ ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا .

— كىم مېنى ئەركىلىتىپ كاردىن چىقىرىپ قويۇپتۇ ؟

— كىم بولاتتى ، ھە ، مېنىڭچە ھەممە كىشىلەر سىزنى ئەركىلىتىدۇ ، ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز شۇنداق قىلىدۇ ( قىزچاق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ، ئاپىسىغا تىكىلىپ قارىدى . ) ، — دېدىم مەن دەرھاللا ، — مېنىڭچە كونستانتىن ئا-لېكساندروۋىچ . . .

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دېدى سوفىيە نىكولايېۋنا گەپ قىستۇرۇپ ، — قىزى تېخىچە ئاپىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى ، — ئېرىم ، ئەلۋەتتە . . . ئۇ بالىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ دەڭا . . .

---

① فرانسۇزچە « بۇ ئەپەندىنىڭ ئىسمى نىمە ؟ » دېگەن مەنىدە .

زېرەكلىك چىقىپ تۇرغان لىدىيەنىڭ چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىن‍ـ
مەس ھەيرانلىق ئالامىتى كۆرۈلدى ، ئاخىر ئۇ ئاغزىنى دومسايتىپ
يەرگە قارىۋالدى .

— قېنى ئېيتىڭا ، — دېدى سوفىيە نىكولايېۋنا ، — سىز
بۇ يەرگە بىرەر ئىش بىلەن كەلدىڭىزمۇ ؟

— ھەئە . . . سىزمۇ بىرەر ئىش بىلەن كەلدىڭىزمۇ ؟

— مەن . . . سىزمۇ بىلىسىز ، ئېرىم سىرتقا چىقىپ
كەتتى ، شۇڭا بەزى ئىشلارنى ئۆزۈم قىلمىسام بولمايدۇ ـ دە .

— Mamman ![1] — دېدى لىدىيە .

— Quoi, mon enfant ?[2]

— Non — rien . . . jetedirai apres[3]

سوفىيە نىكولايېۋنا كۈلۈمسىرىگىنىچە مۇرىلى‍ـ
رىنى كۆتۈرۈپ قويدى .

ئىككىلەن ئۈندىمەي جىم تۇردۇق ، لىدىيە جىددىي قىيا‍ـ
پەتتە قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئالماشتۇرۇپ تۇردى .

— ماڭا ئېيتىڭا ، — دېدى سوفىيە نىكولايېۋنا يەنە گەپ
باشلاپ ، — مېنىڭ ئېسىمدە ، سىزنىڭ بىر دوستىڭىز
بولىدىغان . . . ئەمما ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى ؟ چىرايى شۇنچى‍ـ
لىك مۇلايىم . . . ھە راست ، ئۇ شېئىر ئوقۇشنى ياخشى كۆرەت‍ـ
تى ، ئۆزىمۇ بەك سەمىمىي ئادەم ئىدى . . .

— باشنىكوفنى دەمسىز ؟

---

① فرانسۇزچە « ئاپا ! » دېگەن مەنىدە .

② فرانسۇزچە « نېمە ئىش ، بالام ؟ » دېگەن مەنىدە .

③ فرانسۇزچە « ھېچ ئىش يوق ، مەن سەل تۇرۇپ ساڭا ئېيتىپ بې‍ـ
رىمەن . » دېگەن مەنىدە .

www.uyghurkitap.com

— ھەئە، شۇ، باشنىكوف . . . ھازىر ئۇ نەدە؟

— ئۆلۈپ كەتتى .

— ئۆلۈپ كەتتى ؟ — دېدى سوفىيە نىكولايېۋنا يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، — ھەي بەك يامان بوپتۇ ! . . .

— مەن ئۇ ئادەمنى كۆرگەنمۇ ، ئاپا ؟ — دەپ سورىدى قىزچاق پەس ئاۋازدا .

— ياق ، لىدىيە ، سەن ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان . ھەي ، بەك يامان بوپتۇ ! — سوفىيە نىكولايېۋنا ئېغىر خورسىنىپ قويدى .

— ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتىسىز . . . — دېدىم مەن ، — ئەگەر ئۇنى سىز مەندەك چۈشەنگەن بولسىڭىز ، ئۇ چاغدا قانداق قىلاتتىڭىز ؟ لېكىن بىر نەرسىنى سىزدىن سورىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ : نېمىشقا سىز ئۇنى ئالايتەن سوراپ قالدىڭىز ؟

— بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، راستىمنى . . . — سوفىيە نىكولايېۋنا يەرگە قارىۋالدى ، ئارقىدىنلا قىزىغا ، — لىدىيە ، ماڭە ، تەربىيىچىڭنىڭ يېنىغا چىقىپ ئوينا ، — دېدى .

— سەل تۇرۇپ مېنى چاقىرامسىز ، ئاپا ؟ — دەپ سورىدى لىدىيە .

— ھەئە ، چاقىرىمەن .

لىدىيە چىقىپ كەتتى . سوفىيە نىكولايېۋنا شاققىدە مەن تەرەپكە بۇرۇلدى ـ دە :

— باشنىكوف ھەققىدە بىلگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ ، — دېدى .

مەن دوستۇمنىڭ ھايات مۇساپىسىنى قىسقا ، ئەمما چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىدىم ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ سەممىي

كۆڭلىنى ، جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم .

— مۇشۇنداق بىر ئادەم ، — گېپىمنىڭ ئاخىرىدا ئاۋا-زىمنى ئۈنلۈك قىلىپ دېدىم ، — ئارىمىزدىن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى ، ئۇنىڭ نامى چىقمىغان ، بىرەر ئادەممۇ ئۇنى تۆزۈك تونۇ-مايتتى دەڭا ! بىراق بۇنىڭمۇ كارى چاغلىق . كىشلەرنىڭ ۋاي دېگىنىنىڭ نېمە پايدىسى ؟ ئۇ مېھرى چۈشكەن ئادىمىدىن كۆڭ-لىنى ئۈزەلمەيدىغان ، يۈرىكى ياخشى ئىنسان ئىدى . لېكىن ئىك-كىلا تەرەپ بىر - بىرىگە كۆيۈپ قالىدىغان كاتتا بەختتىن بىرەر قېتىممۇ بەھرىمەن بولالمىدى ، يەنە كېلىپ ئۆزى ياخشى كۆرىدى-غان بىر ئايالنىڭ كۆيۈنۈشىنىمۇ قوزغىيالماي كەتتى . بۇنىڭدىن ئازابلىنىمەن ، ئىچ - ئىچىمدىن ھەسرەت چېكىمەن ! . . . لېكىن ھەرقانداق جەھەتتە باشنىكوف بىلەن تەڭ بولالمايدىغان تالاي - تالاي كىشلەرگە باشقىلار كۆيۈپ قالىدىغان ئىشنى مەن بۇ ئۆمە-رۈمدە جىق كۆردۈم ؟ بىز بىر ئادەمنىڭ كەمچىلىكلىرىنى — مەنمەنلىكىنى ياكى شاللاقلىقىنى — ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى رام قى-لىشىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ بىلىشىمىز كېرەكمۇ ؟ مۇھەببەت ھەقىقەتەن مۇكەممەللىكتىن قورقامدۇ ؟ بۇ ئالەمدە مۇكەممەللىكمۇ بولىدۇ . ئەجەبا ، ئۇنداق مۇكەممەللىك ئاياللارنىڭ نەزىرىدە بىر خىل غەلىتە ، قورقۇنچلۇق نەرسىمۇ ؟

سوفىيە نىكولايېۋنا سۈرلۈك ئەمما ئۆتكۈر كۆزلىرىنى مەن-دىن ئۈزمەي ، گەپلىرىمنى زەن سېلىپ ئاڭلىدى ، گاھىدا قاپاق-لىرىنى تۈرۈپمۇ ئۈلگۈردى .

— نېمىشقا سىز دوستۇمنى بىرەر ئايالمۇ ياخشى كۆرۈپ باقمىغان دەيسىز ؟ — دېدى سوفىيە بىرپەس جىم تۇرغاندىن كېيىن .

— چۈنكى مەن بۇنى بىلىمەن ـ دە ، بۇ دېگەن پاكىت تۇرسا .

سوفىيە نىكولايېۋنا گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ ، يەنە تۇرۇپلا ئۆزى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى .

— سىز خاتالاشتىڭىز ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، — بىر ئايال ـ نىڭ سىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دوستىڭىزنى ئۆتنەك ياخشى كۆرۈ ـ دىغانلىقىنى بىلىمەن . ھازىرغىچە ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇنى سېغى ـ نىدۇ . . ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالسا قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ .

— ئۇ ئايال كىم بولىدۇ ؟

— مېنىڭ ھەدەم ، ۋارىيە .

— نېمە ؟ ۋارۋارا نىكولايېۋنامۇ ؟ — ھەيران قالغىنىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم .

— ھەئە .

— نېمە ؟ ۋارۋار نىكولايېۋنا ؟ — مەن يەنە ياندۇرمىلاپ سورىدىم ، — ئۇ . . .

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى مەن دەپ بېرەي ، — دېدى سوفىيە نىكولايېۋنا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ، ھەدەم سوغۇق نەپەس ، ھېسسىياتى يوق ، چېـ چىلاڭغۇ ھەم ھورۇن قىز . لېكىن ، قارىمامسىز ، ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ، شۇڭا بۇگۈنكىچە توي قىلـ ماي كېلىۋاتىدۇ . بۇ ئىشنى پەقەت مەنلا بىلىمەن : ۋارىيە ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۆز مەخپىيەتلىكىنى كىشىگە تىنمايدۇ . بىزنىڭ ئائىلـ دىكىلەر سۇكۇت قىلىش ۋە سەۋرى ـ تاقەتنىڭ ئازابىغا كۆنگەن . مەن ئۇنىڭغا خېلى بىرھازاغىچە زەن سېلىپ قارىدىم ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گېپىدە بىر خىل ئازابنىڭ بار-لىقىنى سېزىپ قالدىم.

— سىز مېنى ھەيران قالدۇردىڭىز، — دېدىم مەن ئا-خىر، — ئەمما سىزمۇ بىلىسىز، سوفىيە نىكولايېۋنا، مۇبادا مەن ئېسىڭىزگە كۆڭۈلسىز بىر ئەسلىمىنى سېلىشتىن قورقمىسام ئىدىم، ئۇنىداقتا مەنمۇ ئوخشاشلا سىزنى ھەيران قالدۇرغان بولاتتىم...

— سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى سوفىيە سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى راستىنلا چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، — دېدىم مەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇ-رۇپ، — ئەمىسە مېنىڭ بىر نەرسىنى سىزگە كۆرسىتىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ، مەن ھازىرلا ئەكېلەي، شۇ نەرسە سىزگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويسۇن...

— قانداق نەرسە ئۇ؟ — دەپ سورىدى سوفىيە.

— ئەنسىرەپ كەتمەڭ، سوفىيە نىكولايېۋنا، بۇ ئىش بى-لەن مېنىڭ قىلچە ئالاقەم يوق.

مەن چوڭقۇر تەزىم قىلىپ ياتىقىمغا چىقتىم ۋە باشنىكوف-نىڭ بويىندىن ئېلىۋالغان تىلتۇمارنى خىزمەتكارىمدىن سوفىيە نىكولايېۋناغا ئەۋەتتىم، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك خەتنىمۇ قوشۇپ قويغانىدىم:

«بۇ مەرھۇم دوستۇمنىڭ بويىنغا ئېسىپ يۈرگەن تىلتۇ-مارى، ئۇ تا ئۆلۈپ كەتكۈچە بويىندىن بىردەممۇ ئېلىۋەتمىگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە سىزنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەزمۇنى ئادەتتىكىچە ئىككى ئىلىك خېتىڭىز بار، كۆرۈپ بېقىڭ. ئۇ مەن دېگەندەك ئىچىدە خېتىڭىز بار تىلتۇمارنى بويىنغا ئېسىپ يۈرگەن، چۈنكى

www.uyghurkitap.com

ئۇ سىزنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ تۇغەپ كېيىشنى بىر كۈن ئىلگىرى بۇ سىرنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. ھازىر ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، نېمىشقا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سىزگىلا مەنسۇپ ئىـ كەنلىكىنى ئۆزىڭىزگە بىلدۈرۈپ قويمايدىكەنمەن؟»

ئېرسىنىڭ قولىدا تىلتۇمار، ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەلدى.

— قانداق؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن، — سوفىيە سەندىن ماڭا گەپ ئېيتىپ بەرمىدىمۇ؟

— ياق، بېگىم.

مەن ئۈندىمىدىم.

— ئۇ مېنىڭ خېتىمنى كۆردىمۇ؟

— مېنىڭچە ئۇ كۆردىغۇ دەيمەن، بېگىم، ئۇنىڭ دىدىكى خەتنى كۆرسەتكەندەك قىلىۋىدى.

«كىشىنىڭ قولى يەتمەيدىغان ئايال ـ دە» دەپ ئويلىدىم ۋە باشنىكوفنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گېپى يادىمغا كەچتى.

— بولىدۇ، سەن كېتىۋەرگىن، — دىدىم ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ئېرسىي بىر خىل غەلىتە كۈلۈپ قويۇپ، جىم تۇردى.

— بېگىم، بىر ياش قىز . . . سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، ـ دېدى ئۇ.

— قانداق قىز ئىكەن ئۇ؟

ئېرسىي بىرئاز سۈكۈت قىلدى.

— ئۆلۈپ كەتكەن دوستىڭىز سىزگە بىرەر نەرسە دېمەـ گەنمىدى، بېگىم؟

— ياق . . . بۇ قانداق ئىش؟

— مېنىڭ ئىلگىرىكى خوجايىنىم نوۋگورودتىكى چېغىدا بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. بېگىم، بۈگۈن مانا شۇ قىز سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. مەن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا: «كېلىڭ، بېگىم تاپىلىغان بولسا، سىزنى خوجايىنىم بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن» دېدىم.

— ئۇنى باشلاپ كىر، چاپسان بول. بىراق.. ئۇ قانداق قىز؟

— ئادەتتىكى قىز، بېگىم.. مېشچانلار ئائىلىسىنىڭ قىزى، بېگىم... رۇس قىزى.

— مەرھۇم دوستۇم باشىنكوف ئۇنى ياخشى كۆرەمدىكەن؟

— دوستىڭىز.. ئۇ قىزنى ياخشى كۆرىدۇ دېسەكمۇ بولىدۇ، بېگىم. ئۇچۇ... خوجايىنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلۇپتۇ. ئۇنى ناھايىتى ئوبدان قىز دېسە بولىدۇ، بېگىم.

— ئۇ كىرسۇن، كىرسۇن، تېز، ئۇنى باشلاپ كىر.

ئېرسىي چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي چىت كۆڭلەك كىيگەن، قارا رومال بىلەن يۈزىنى يېرىم توسۇۋالغان بىر قىزنى باشلاپ كىردى. ئۇ قىز مېنى كۆرۈپ خىجىل بولغىنىدىن توختاپ چەتكە قارىۋالدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى ئېرسىي قىزغا، — مېڭىڭ، قورقماڭ.

مەن قىزنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدىم قىزدىن.

— ماشا ، — قىز ماڭا يەر ئاستىدىن لەپپىدە قاراپ قو-
يۇپ ، پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى .

قىز قارىماققا يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچ ياشلاردا بار ئىدى ، يۇپيۇمىلاق يۈزى كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى ، مەڭزىلىرى يۇمران ، كۆك كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى ، قوللىرى نازۇك ، چىرايلىق ، سۇتتەك ئاپئاق ؛ كىيىملىرىمۇ شۇنچىلىك رەتلىك ، پاكىز ئىدى .

— سىز ياكوف باشنىكوفنى تونۇمسىز ؟ — دېدىم مەن .

— تونۇيمەن . ئەپەندى ، — قىز شۇنداق دېگەچ ، رومىلىنىڭ ئۇچىنى تارتىپ قويۇپ ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى .

مەن قىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم . ئۇ ئانچە تۈزۈت قىلمايلا ، بىر ئورۇندۇقنىڭ چېتىگە ئولتۇردى . ئىرسىي چىقىپ كەتتى .

— سىز ئۇنىڭ بىلەن نوۋگورودتا تونۇشۇپ قالغانمىدىڭىز ؟

— ھەئە ، نوۋگورودتا ، ئەپەندى ، — قىز شۇنداق دېگەنىچە قوللىرىنى رومىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇردى ، — مەن ئۈلۈشكۈن ئىرسىيدىن ئۇنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم ، ئەپەندى . ياكوف باشنىكوف سىبىرىيىگە بارغان چېغىدا ماڭا خەت يېزىشقا ۋەدە بەرگەنىدى . دېگەنىدەك ئىككى پارچە خەت يازدى ، كېيىن خەتمۇ كەلمەس بولدى ، ئەپەندى . مەن ئەسلى سىبىرىيىگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتمەكچىدىم ، ئەمما ئۇ ئۇنىمىغانىدى ، ئەپەندى .

— نوۋگورودتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ ؟

— بار .

— سىز ئۇلار بىلەن بىللە تۇرامسىز ؟

— مەن ئىلگىرى ئاپام ۋە ياتلىق بولغان ھەدەم بىلەن

بىللە تۇراتتىم . ئەمما ، كېيىن ئاپام مەندىن رەنجىپ قالدى . ھەدەمنىڭ ئۆيىدە جان سانى كۆپ ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭكىدىن يېنىپ چىقتىم . مەن باشنىكوفقا ئىشىنەتتىم ، ئەمما ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئۈمىد قىلغىنىم يوق ، ئۇ دائىم ماڭا تولىمۇ سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى . . . بۇنى ئىرسىيدىن سوراپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ .

ماشا سەل توختىۋالدى .

— تېخى مەندە ئۇنىڭ خېتى بار ، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئەپەندى ، مانا كۆرۈپ بېقىڭ .

ماشا يانچۇقىدىن بىرنەچچە پارچە خەتنى ئېلىپ ماڭا بەردى .

— كۆرۈپ بېقىڭ ، — دېدى ئۇ دەرھاللا .

مەن بىر پارچە خەتنى ئاچتىم ، بۇ باشنىكوفنىڭ پۇچىر-كىسى بولۇپ ، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى :

سۆيۈملۈك ماشا ، تۈنۈگۈن سىز بېشىڭىزنى مېنىڭ بېشىمغا يېقىپ تۇردىڭىز . مەن سىزدىن : « بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ » دەپ سورىسام ، سىز ماڭا : « سىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي دېدىم » دەپ جاۋاب بەردىڭىز ، خوش ، ئەمدى سىزدىن سوراپ باقاي ، مەن نېمە ئويلاۋېتىپتىمەن ، بىلەمسىز ؟ مەن : « ماشا كىتاب ئوقۇشنى ، خەت يېزىشنى ئۆگىنىۋالغان بولسا ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ! ئۇ چاغدا ماشا بۇ خېتىمنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى . . . » دەپ ئويلاۋاتىمەن » .

— بۇ خەتنى ، — ماشا خەتكە قاراپ قويۇپ ماڭا دېدى ، — ئۇ نوۋگورودتىكى چېغىدا ماڭا يازغان ، ئەپەندى . ئۇ چاغدا باشنىكوف ماڭا كىتاب ئوقۇشنى ، خەت يېزىشنى

ئۆگەتمەكچى بولۇۋاتاتتى . سىز يەنە باشقا خەتلەرنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ ، ئەپەندى . ئىچىدە سىبىرىيىدىن ئەۋەتكەن خەتمۇ بار ، ئەپەندى . ھە ، ئاشۇ خەت شۇ ، ئوقۇپ بېقىڭ ، ئەپەندى .

مەن يەنە بىرقانچە پارچە خەتنى ئوقۇپ چىقتىم . بۇ خەتلەر ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن يېزىلغان ، يەنە كېلىپ ، ئىنتايىن ھېسسىياتلىق چىققانىدى . بۇ خەتلەرنىڭ بىرى سىبىرىيىدىن ئەۋەتىلگەن تۇنجى خەت بولۇپ ، باشنىكوف خېتىدە ماشا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكىنى ، پۇل ئەۋەتىپ ئۇنى سىبىرىيىگە ئەكەلدۈرۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . باشنىكوف بۇ خېتىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرغانىدى :

« سىزنىڭ چىرايلىق ، نازۇك قوللىرىڭىزنى سۆيىمەن . بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ سىزنىڭكىدەك چىرايلىق ، نازۇك قولى يوق ، ئۇلارنىڭ كاللىسى ۋە قەلبى سىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ . . . مەن سوۋغا قىلغان كىتابلارنى ئوقۇپ ، مېنى ئەسلەپ تۇرۇڭ . مەنمۇ سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن . سىز ، پەقەت سىزلا مېنى بىردىنبىر سۆيگۈچى . شۇڭا ، مەنمۇ سىزگىلا مەنسۇپ بولۇشنى خالىدىم . . . »

— مىنىنگچە ، ئۇ سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن ، — دېدىم مەن خەتنى ماشاغا بېرىۋېتىپ .

— ئۇ مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدۇ ، — ماشا خەتنى ئاۋايلاپ يانچۇقىغا سالدى ، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى ، — مەن ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم ؛ خۇدا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بولسا ، ئۇ مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىگەن بولاتتى . ئىلاھىم ، ئۇنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي ! . . .

ماشا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى .

— سىز ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدىم ماشادىن .

— مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن ، موسكۋادا ، مەن بىر خانىم بىلەن بىللە كەلگەنىدىم . ھازىر خىزمىتىم يوق . باشنىكوفنىڭ ھاما ئاچىسىنى ئىزدەپ بارغانىدىم ، ئەمما ئۇ بەكمۇ نامرات ئىدى-كەن . باشنىكوف دائىم سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلاتتى ، ئە-پەندى ، — ماشا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ماڭا تەزىم قىلغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۇ سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن ، ھەمىشە سىزنىڭلا گېپىڭىزنى قىلاتتى . ئۇلۇشكۇن ئىرىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام ، سىز ماڭا ياردەم قىلىسىڭىز ، چۈنكى ھازىر مېنىڭ خىزمىتىم يوق . . .

— ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن ، ماشا . . . فامىلىڭىز نېمە ؟

— پېترووۋنا ، — ماشا شۇنداق دەپلا يەرگە قارىۋالدى .

— مەن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن ، ماشا پېترووۋنا ، — دېدىم مەن ، — ئالدىڭىزدا ناھايىتى خىجىلمەن ، مەن بۇ يەرگە سەپەر ئۈستىدە چۈشۈپ ئۆتكەن . شۇڭا بۇ يەر-دىكى كاتتا ئادەملەرنى كۆپ تونۇمايمەن .

ماشا خورسىنىپ قويدى .

— مەن بىرەر خىزمەت تېپىۋالغان بولسام ياخشى بولاتتى ، ئەپەندى . . . كېسىمچىلىكنى بىلمىگىنىم بىلەن ، تىككۈچىلىك قولۇمدىن كېلىدۇ . . . يەنە تېخى باللارغا ئوبدان قارىيالايمەن .

« ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرەي ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — لېكىن نېمىدەپ بېرىمەن ؟ »

— ماشا پېترووۋنا ، گېپىمنى ئاڭلاڭ ، — دېدىم مەن سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا ، — مېنى كەچۈرۈڭ ، لېكىن سىز باشنىكوفنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك يې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىن ئۆتكەنلىكىمنى بىلىپسىز . . . سىز مېنى رەت قىلماپسىز . ھازىرقى خىراجىتىڭىز ئۈچۈن ، سىزگە ئازراق پۇل بېرەي ، قانداق ؟

ماشا ماڭا قارىدى .

— نېمىشقا ، ئەپەندى ؟ — دەپ سورىدى .

— سىزگە پۇل كېرەك ئەمەسمۇ ؟ — دېدىم مەن .

ماشا ھۆپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى .

— مەن سىزدىن پۇل ئېلىپ نېمە قىلاي ؟ — دېدى ئۇ ئاستاغىنا ، — يەنىلا ماڭا بىرەر خىزمەت تېپىپ بەرگىنىڭىز ياخشى ، ئەپەندى .

— سىزگە خىزمەتنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرەي ، لېكىن چوقۇم دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن . راستىمنى ئېيتسام ، سىز ئەنسىرەپ كەتمەڭ ! . . شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ، مەنمۇ يات ئادەم ئەمەس . . . ئازراق بولسىمۇ ، بۇ پۇلنى ئېلىڭ ، بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ . . . — مەن دەرھال ھەمىيانىمدىن بىرقانچە قەغەز پۇلنى ئېلىپ ، ماشاغا تەڭلىدىم .

ماشا قاققان قوزۇقتەك جىملا تۇرۇپ قالدى ، بېشى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى . . .

— مەڭ ، ئېلىڭ ! — دېدىم مەن .

ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى ، بىر خىل ھەسرەتلىك نەزەر بىلەن چىرايىمغا زەن سېلىپ قارىدى ، رومىلى ئاستىغا قويۇۋالغان ھالسىز قولىنى ئاستا چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى .

مەن قەغەز پۇلنى ماشانىڭ مۇزدەك سوغۇق ئالقىنىغا تۇتقازدىم . ئۇ بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمەي ، قولىنى يەنە رومىلىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— بۇنىڭدىن كېيىن ، ماشا پېترووۋنا ، — دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — قانداق چاغدا ماڭا ھاجىتىڭىز چۈشسە ، دەۋېرىڭ . مەن سىزگە ئادرېسىمنى قالدۇرۇپ قوياي .

— رەھمەت سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە ، ئەپەندى ، — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى ، — ئۇ مەن توغرۇلۇق سىزگە گەپ قىلمىدىمۇ ، ئەپەندى ؟

— باشىنكوف تۇگەپ كېتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم . ماشا پېترووۋنا . شۇغىنىسى مەن ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن . . . ئۇ سىز توغرۇلۇق گەپ قىلدىغۇ دەيمەن .

ماشا چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى ۋە سەل ئويلىنىپ كېتىپ :

— خەير - خوش ، ئەپەندى ، — دېدى - دە ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

مەن ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمچە ئازاب بىلەن خىيالغا پاتتىم : بۇ ناتونۇش قىز ماشا ، ئۇنىڭ باشىنكوف بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، باشىنكوفنىڭ خېتى ، سوفىيە نىكولايېۋنانىڭ ھەدىسىنىڭ باشىنكوفقا بولغان يوشۇرۇن مۇھەببىتى . . . « ھەي بىچارە ئىنسان ! » ، « بىچارە ئىنسان ! » مەن شۇنداق دېگىنىمچە ئەلەملىك خورسىندىم . باشىنكوفنىڭ ھاياتى ، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرى ، خانقىز فولىدلىكا . . . بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلدى . « قارا سېنى ، — دەپ ئويلىنىپ قالدىم مەن ، — تەقدىر ساڭا تالاي نەرسىلەرنى ئاتا قىپتۇ ! يەنە تېخى بىرمۇنچە شادلىقلارنىمۇ بەخش قىپتىكەن ! »

ئەتىسى مەن يەنە سوفىيە نىكولايېۋنانىڭكىگە باردىم . ئۇلار مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن . ئۆيگە كىرگەن چېغىمدا لىدىيە ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى . مەن دەرھال : « ھە ، سوفىيە نىكولا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېۋنانىڭ تۈنۈگۈنكى پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇرغۇسى يوق ئىكەن ــ دە » دەپ ئويلىدىم.

بىز ئۇياق ــ بۇياقتىن قۇرۇق پاراڭلارنى قىلىشتۇق. راستىمنى ئېيتسام، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىمىز ئېسىمدە يوق. ئېشقىلىپ، شەھەردىكى خەۋەرلەر، ھۆكۈمەت ئىشى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق... لىدىيە پات ــ پات گەپ قىستۇرۇپ، ھەيياۋلىق بىلەن ماڭا قاراپ قويدى. بۇ ئەقىللىق قىز ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ قەستەن يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن سەزگەن چېغى، ئوماق چىرايىدا تۇيۇقسىز بىر خىل تەمكىنلىك ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ قالدى...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ خوشلاشتىم. سوفىيە نىكولايېۋنا مېنى ئىشىككە ئۇزىتىپ چىقتى.

ــ مەن تۈنۈگۈن سىزگە جاۋاب بەرمىگەنىدىم، ــ دېدى ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپ، ــ لېكىن سىزگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن؟ تۇرمۇش دېگەن ئۆزى بەلگىلىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس ئىكەن. ھەممىمىز بىر چۈشەكتە ئىكەنمىز، قانچە قىلساق يەنە شۇ ــ مەجبۇرىيەت.

مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ بۇ ياش پورىتان [①] بىلەن خوشلاشتىم.

شۇ كۈنى مەن كېچىچە ئۆيۈمگە بېكىنىۋېلىپ، خىيال سۈرۈپ چىقتىم، لېكىن مەن سوفىيەنى خىيال قىلمىدىم. مەن ئۇچۇن قەدىرلىك بولغان، مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان باشىنكوفنى ــ ئەڭ ئاخىرقى رومانتىك ئىنسانىنى خىيال قىلدىم،

---

① بۇ يەردە، قىلىچە بىخەستەلىك قىلماي، قاتتىق ئەخلاقىي چۈشەنچىگە رىئايە قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەم دېمەكچى.

توختىماي ئېسىمگە ئالدىم . شۇنىڭ بىلەن ، گاھ ھەسرەتلىك ، گاھ يېقىملىق بىر ھېسسىيات شېرىن ئازابنى ئېلىپ ۋۇجۇدۇم قە-سىرىگە شۇڭغۇپ كىردى ـ دە ، تېخى ياشلىق غوۋغاسىدىن قول ئۈزمىگەن يۈرىكىم تارىنى چەكتى . . . ھەي ، ئەمەلىيەتكە باقماي-دىغان ، ئاق كۆڭۈل رومانتىك ئىنسان ، خاتىرجەم ياتقىن ! ئەمە-لىيەتكە باقىدىغان ، سېنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدىغان بارلىق كىشى-لەرگە ، تا ھازىرغىچە بەلكىم سېنىڭ روھىڭنى مەسخىرە قىلىدىغان بەندىلەرگە خۇدانىڭ ساڭا ئاتا قىلغان پاكلىقىدىن زەررىچە بول-سىمۇ بېرىشىنى ، مەيلى تەقدىر ـ قىسمەت ياكى كىشىلەر ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ ، سەن بەھرىمەن بولغان ئا-شۇنداق پاكلىق شادلىقىنىڭ سېنىڭ بىچارە ، ئەمما مۇلايىم ئۆتكەن ئۆمرۈڭنى زىننەتلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن .

( خەنزۇچە « تورگېنېفنىڭ پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى » ناملىق كى-تابتىن تەرجىمە قىلىنغان . )

[General Information]
书名=女秘书与总经理　维吾尔文
SS号=40300810